# قىز كەلتۈرۈش كىلىشىمى

**( تور پوۋېستى )**

**ئاپتورى :غەيرەت**

**ئەسەر مەنبەسى :مىسرانىم تورى**

**ئېلكىتاپ ئىشلىگۈچى :ئەزىز**



چاقچاق ئورنىدا دىيىشكەن گەپنىڭ ئۆزۈمگە بالا بولىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن.

ئىشخانامغا كىرىپ ئولتۇرە ـ ئولتۇرماس ئارلىقىدا ئىككى جىنتەك يېنىمدا ئۈنۈپ بولدى. ـ

ـ گېپىڭىزدە تۇرىدىغانسىز؟ پۇلنىمۇ ئېلىپ كەلدۇق ،مانا سانىۋېلىڭ، ـ ئايگۈل پۇل ئېلىش ئۈچۈنغۇ دەيمەن سومكىسىنى ئاقتۇرۇشقا باشلىۋىدى،روشەن جىن سۆزلەپلام كەتتى ـ ،

ـ هە مانا پۇلنى ئېلىڭ،ماهارىتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ قىز كەلتۈرۈڭ،ئەمما كەلتۈرىدىغان قىزنى بىز تاللايمىز.

ـ سىلەر نىمانداق قىلىسىلەر چاخچاق قىلىپ دەپ قويغان گەپنىمۇ راس دەپ ئويلايدىغان ئىش بارمۇ؟

ـ بىزنى ئەخمەق قىلىپ ئوينىسا بولىدىغان كىچىك بالا كۆرىۋاتامسىز ؟ ئۆزىڭىزنى ئەركەك سانىسىڭىز گېپىڭىزدە تۇرۇڭ،تۈنۈگۈن دىيىشكەن بويىچە پۇلنى ئەكەلدۇققۇ ، ـ ئايگۈل قولىغا ئالغان پۇلنى ئالدىمغا تاشلىدى.

ـ قانداق مېزىڭىز چىقىۋاتامدۇ ،شەهرىمىزدىكى قىزلارنىڭ بېرى ماڭا كۆيۈپ يۈرۈيدۇ ،مەن دىگەن ئەركەكلەرنىڭ سەر خىلى دەپ ئويلايتتىڭىزغۇ ؟ بىز قىزنى تاللاپ بولۇپ سىزنى ئىزلەيلى،هازىرچە خوش ئەمىسە، ـ ئىككى قىز قوللىرىنى لەۋلىرىگە تەككۈزۈپ بىر خىل هەركەتلەرنى چىقىرىپ چىقىپ كېتىشتى.

نىمە قىلىشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قاپتىمەن،ئىشخانا مۇدىرىنىڭ نوقىشىدىن چۆچۈپ ئەسلىمگە كەلدىم.

ـ نىمە بولدى شاكىرجان ؟ ئىككى باغلام پۇلنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ،هاڭۋېقىپ ئولتارساق پۇلنىڭ پۇتى چىقىپ ئۇچۇپ يۈرمىسۇن يەنە.

باشلىقنىڭ سۆزىگە جاۋاپمۇ بەرمەي پۇلنى قولۇمغا ئالدىمدە ـ ئىككى جىنتەكنى ئىزلەپ سىرتقا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

بىراق ئۇلار نەلەرگە يوقالدى تاپالمىدىم .تېلېفونلىرى ئېتىك ،ئىشقىمۇ كېلىشمەپتۇ ،ئۆيىدىمۇ يوق بېشىمنى قامالالاپ ئۇستەلگە ئۆزۈمنى تاشلاپ تۆنۈگۈنكى ئىشلارنى ئويلاشقا باشلىدىم.

* * * * *

ئايگۈل شەھەر باشلىغىنىڭ قىزى . روشەنگۈل شەھىرىمىزدىلام ئەمەس رايۇنىمىزدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن باينىڭ قىزى .شۇڭلاشقىمۇ بۇگۈنكى تۇغۇلغان كۈن سورىنى- توغۇلغان كۈن ئۆتكۈزگەن قىزچاققا ئەمەس ،ئۇ ئىككىسگە خاستىكىدەك سورۇندىكىلەرنىڭ بارى ئۇلارغا خوش دەيتتى، بولۇپمۇ يىگىتلىرىمىز ئۆزىنى بىلەلمەي قېلىشاتاتتى.مەن بولسام ئۇلار بىلەن كىچىگىمىزدىن باشلاپ ئۇنۇېرستىت تاماملىغۇچە بىرگە ئوقۇغاچقىمىكىن ئانچە قىلىپ كەتمەيتتىم .خىزمەت ئورنى ،ئائىلە شارائىتى جەھەتلەردىمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايتتىم. ئوقۇغان چاغلىرىمدا سىنىپنىڭ ئالدى بولسام خىزمەتتىمۇ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىدىم.ئەمما مۇشۇ چىرايىم باشقىلارنى ئۆزۈمگە دۈشمەن قىلىۋالاتتى.چوڭلار بەزىدە "شاكىر مۇشۇ چىرايىڭنى ،تېرەڭنى ،ئاقلىغىنىڭنى قىزلارغا بەرسىچۇ ؟ھەي ئىست ئوغۇل بوپ قالغىنىڭ، قىز بولغان بولساڭ ئىش بار ئىدى دە، ـ"دەپ چاقچاق قىلىشسا، قىزلار يەر تىگىدىن مارىشاتتى.............بىر ـ بىرىگە بىلىندۈرمەي خەت ،ئاتكىرىتكىلارنى ئەۋەتەتتى.مەن بولسام بىرە قىز بىلەن مۇقۇم ئارلاشماي ،كىم كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنسە شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە كۈن ئارلىشىپ قويۇپ بولدى قىلاتتىم(ئەمما تا بۈگۈنگىچە بىرە قىزنىڭ ئېپپىتىگە تاجاۋۇز قىلمىدىم)شۇڭلاشقىمۇ بەزى قىزلار ئۆچلۇك قىلاتتى،جۈملىدىن ئايگۈل بىلەن روشەنگۈلمۇ شۇلار قاتارىدىن ئىدى.يىگىتلەر بولسا ئۆزى قوغلاشقان قىزلارنىڭ ماڭا كۆيۈپ يۈرىشىدىن، ھەر قانداق سورۇندىكى سورۇن گۈلىنىڭ ماڭا تەئەللۇق بولىشىدىن بىزار بولۇپ ئۆچلۇك قىلاتتى.شۇڭلاشقا يېقىن دوسلىرىممۇ سورۇن تۈزسە ئامال بار مىنى چاقىرمايتتى .

سورۇن داۋاملاشماقتا ،يىگىتلەر ئۆزى قوغلاشقان قىزلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى

توختىماي ئۇسۇل ،تانسىلارغا تارتماقتا،يىمەكلىك ،ئىچىملىكلەرگە زورلىماقتا. مەن بولسام بىغەم هالدا يەپ ـ ئىچىپ ،كىمنى خالىسام شۇنى تانسىغا ،ئۇسۇلغا تارتىپ ئوينىماقتا ئىدىم،تۇيۇ قىسىز بىرى بىقىنىمغا نوقىدى ،قارىسام ئايگۈل ئىكەن ، ـ بۇياققە چىقە شاكىر ،دەيدىغان گەپ بار .

سىرتتا ئايگۈل بىلەن روشەنگۈل ساقلاپ تۇرغان ئىكەن.

ـ شاكىر  ئۆزىڭىزنى ئەجەپ بىلەلمەي كېتىۋاتسىزغۇ،قاراپ تۇرسام سورۇندىكى ئون نەچچە قىز بىلەن قايتا ـ قايتا ئويناپ كەتتىڭىز ،بىزنى بولسا ..........، ـ ئايگۈل گەپ قىلالماي قېلىۋىدى روشەنگۈل سۆزلەپ كەتتى.

ـ ۋاي دىگەننى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز ،ئۆزىڭىزنى كىم كۆرەۋاتسىز. بۇ شەهەرنىڭ گۈللىرى بىز ئىدۇق مانا ئالدىڭىزدا گۈل بولماي قالدۇققۇ.

ـ ۋاي نىمە دەۋاتىسلەر،مەن ئۇنداق قىلمىدىمغۇ،باشقا ئوغۇللارغا دۈشمەن بولۇپ قالماي دەپ شۇ سىلەرگە ۋاي دىيەلمەيۋاتىمەن.

ـ ۋاي قورقتۇم دەڭە ،ئۇنداقتا يۈرۈڭ ،سىز قورقمىغانلار يوق يەرگە بېرىپ ئولتۇرىمىز.

قىزلار مىنى قولتۇقلاپلام روشەنگۈلنىڭ ماشىنىسىغا سېلىشتىدە ـ قوشنا ناهىيە بازىرىدىكى كەچلىك بەزمىخانىغا ئەكىلىشتى.

ـ مانا بۇ يەردە بىزنى تونۇيدىغان، بىزگە دەخلى قىلىدىغانلار يوق قورىقماڭ .

ئىچىملىك ،يىمەكلىكلەر كەلتۈرۈلدى،قارىسام ئارىسىدا چەتئەلنىڭ قىزىل هارىغمۇ تۇرىدۇ ،هەيرانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىدىم ،ئۇلارمۇ بىر نەرسىنى سەزدى بولغاي ، ـ بىز ئەسلىدە ئىچمەيتتۇق بۈگۈن سىز بىلەن مەس بولغىچە ئىچمىسەك  بۇ يەردىن كەتمەيمىز ،ئۆزىڭىزنىڭ شورى ،كىم بىزنى بوزەك قىلسۇن دىگەن ، ـ دىيىشكىنىچە رومكىلارنى تولدۇردى ۋە ئىچىشنى باشلاپ كەتتى.

ئويناۋاتىمەن ،ئىچىۋاتىمەن  ئۇلار ئىككى مەن بىر ،بولالمىدىم بۇ قىزىل نەرسە ئىچكەندە

ئۈنچە قىلمىغان بىلەن

مىنى خېلىلام تەڭشەپ قوياۋاتاتتى.ئۇلار بولسا مەس بولىدىغاندەك ئەمەس،بىرى تۆگىشۋېدى يەنە بىرنى كەلتۈرۈشتى ،ئۈنىمسام ئۇناشمىدى.ئىچىشتۇق،مەس بولغانسىرى پو لارنى ئېتىشىپ بىر - بىرىمىزنى چۆشۈرۈشۈپ ئۆزىمىزنى ماختاشقا باشلىدۇق.

- ئايگۈل سېنىڭ چىرايىڭ ،خىزمىتىڭ ،ئائىلەڭ بارلىق تەرەپلەردە ماڭا يارايسەن ....،شۇ هاكاۋۇرلىقىڭ مېنى بىزار قىلىدۇ.

- سەنچۇ شاكىر ئۆزەڭنى ئۈنچە چوڭ كۆرمە،قايسى قىزنى كەلتۈرسەم كەلتۈرەلەيمەن دەپ قالما ،سېنى قېتىغا ئالمايدىغان قىزلارمۇ ساماندەك.-هى هى هى ئۇلار سەت چىقىراپ كۈلۈشتى.

- شۇنداقمۇ ؟ .كىمكەن ئۇ مېنى ياراتمايدىغان ،بولسا ئېيتىڭلارچۇ قانداق يۈرىمەنكىن.

- راستىمۇ ؟ پو ئاتمايلى ،ئۇنداق قىزلار نۇرغۇن جۇمۇ....

- دېيىشمەمسە - شۇنداق قىز بولىدىغان بولسا بىر ئايغىچە كەلتۈرەلمىسەم شاكىر دىگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن.

- بولىدۇ ئەمىسە بىز قىز تاپايلى.

- بولىدۇ ،بىراق تاپقان قىز ئىرى يوق ،ياش چىرايلىق بولىشى كىرەك .

- چاتاق يوق ،ئەمما شەرتكە بىر نەرسە تىكەيلى.

- نىمە تىكىمىز ؟

- پۇل، - سودىگەرنىڭ قىزى سودىگەردەك گەپ قىلدى.

- چۈپەيلىك قىلماڭلار- ، دىدىم مەن .

- ياق پۇل تىكىمىز چىدىساڭ بولارمىكى ئەركىكىم .

- بولىدۇ قانچە پۇل،قىز كەلتۈرۈشكىمۇ پۇل كىتىدۇ ئەمەسمۇ.

- سەن دىگىن، قىز كەلتۈرىمەن دەپ قانچىلىك پۇل خەجلەرسەن بىچچارە بايقۇش.

ــ قىزلاردىن بىر نەرسە تالاشقىلى بولاتتىمۇ سىلە دەڭلار.

ــ 30مىڭ ــ ،باينىڭ قىزى بايدەك گەپ قىلدى.

ــ نىمانداق كۆپ.

ــ ئۈتتۈرۈشتىن قورقاۋاتامسىز،قورقماڭ ،ئالدىن زاكالەت ئۈچۈن 20مىڭ بىرىمىز،قىز كەلتۈرىمەن دەپ قەرىز قىپ يۈرمەڭ،ئەمما ئۈتتۈرسىڭىز 50مىڭ قىلىپ قايتۇرىسىز.كەلتۈرۋالسىڭىز قالدى 10مىڭنى بىرەيلى، تويلۇق ئالارسىز.

ــ پۇلۇڭنى نىرى ئاپىرىپ تاپقان قىزىڭنى ئىيتىش ،كەلتۈرەلمىسەم 30مىڭنى بەرگىنىم بەرگەن ، ــ مەسلىكتە پو ئىتىۋەردىم ،قانچىلىك ئىچىپ قانداق چاغلاردا ئۆيگە قايتتىم بىلمەيمەن.

تېلېفونۇمنىڭ سايرىشىدىن چۆچۈپ كەتتىم، قاتتىق خىياللار چىرمىۋېلىپ بىر ئولتۇرغانچە قېتىپلام قالغان ئىكەنمەن.

ــ ۋەي كىمو، ــ بېشىمنىڭ ئاغرىقى بىلەن قوپاللام تەگدىم.

ــ كىم بولاتتى ئاچىڭىز،سىزگە قىز تاپىمىز دەپچۇ قاراڭ پۇتىمىز تىشلەي دىدى.پۇلمۇ تۆلەپ ،قىزمۇ تېپىپ بىرىدىغان بىز ،ئاچىڭىز بولمىساق كىم بولاتتۇق،ئادەمگە قوپال تەككىننى قارا،بولدىلا تىز كېلىڭ بىز خەلىق دوختۇرخانىسى ئالدىدىكى "كۆكلەم" ئاشخانىسىدا. ــ ئايگۈلنىڭ ئاۋازى ئىدى ،قانداق قىلدىم دەپ باشلىققا قارىسام بېرىپ كىلىڭ دىگەندەك بېشىنى لىڭشىتىۋاتىدۇ،ئەقىللىق ئادەمدە ئەتتىگەندىن بويانقى كەيپىياتىمدىن بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك قىلاتتى.

ئاشخانىغا خامۇش ھالەتتە كىرىپ كەلدىم،ئىشىكتىن كىردىممۇ ھىلىقى ئىككى جىن ماڭا ساقلاپ تۇرغاندەك ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى، ــ ۋاي كەلدىڭىزمۇ جېنىم ،بۇندىن كېيىن

ئادەمنى ساقلاتماڭ جۇمۇ ، ـ ئۇلارنىڭ ئەركىلىشىدىن تەنلىرىم شۈركۈنۈپ تۇرسىمۇ ئامالسىز قالدىم ،ئىككىسى يېنىمدىن قولتۇقلاپ ئالدى ۋە ماڭا غەلىتە قىلىقلار بىلەن ئەركىلەپ كېتىشتى.باشقىلار بۇ ئىككى قىزنىڭ قايسىسىنىڭ جېنى ئىكەنلىكىمنى بىلەلمەي بويۇنداپ قاراۋاتقانلىقىنى سەزسەممۇ ئامالسىز ئۇلارغا بوي سۇنماققا مەجبۇر ئىدىم،كىممۇ مېنى بۇلار بىلەن نوچىلىق تالاشسۇن دەپتىكەن.مەسلىك ،پوچىلىقتا دىگەن شۇ گەپلىرىم ئۇچۇن نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ئۇلارغا كىملىگىمنى كۆرسىتىپ قويمىسام بولمايتتى. بولۇڭدىكى بىر ئۈستەلگە ئورۇنلاشتۇق.

ـ سىزگە تاللىغان قىزنى كۆرسۇن دەپ چاقىرغانتۇق.

ـ قاراڭ كىرىش ئىشىگىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئىككىنجى ئىشىگىدە ئولتۇرغان قىز شۇ.

ئۇياققا قارىدىم ـ بىزلەر بىلەن تەڭ تۆش ،ياغلىقىنى ئالدىدىن چىگىۋالغان ،قول ۋە چىرايىدىن باشقا يەرلىرىنى كۆرگىلى بولمىغۇدەك كىيىنگەن ،چىرايى سۈزۈك،ئاق،ياسىنىدىغان بولسا مۇنۇ ئىككى جىن قولىغا سۇ قويۇپ بىرەلمىگۇدەك گۈزەل بىر قىز ئولتۇراتتى،ئەمما قىزنىڭ يېنىدا بولسا بىز بىلەن بىرگە ئوقۇغان ،هازىر ئالدىمىزدىكى دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان ساۋاقدىشىم مۇرات ئولتۇراتتى.

ـ نىمە ،سىلەر مېنى مۇراتنىڭ قىز دوستى بىلەن ئارلاش دىمەكچىمۇ.

ـ كىم مۇراتنىڭ قىز دوستىكەن،ئۇلار دىگەن مۇهاببەت ئەمەس خىزمەتداش.

ـ مۇهاببەت بولسا نىمە بوپتۇ .دىيىشكەن شەرتىمىزدە توي قىلمىغان ، چىرايلىق بولسىلام بولاتتىغۇ، دىيىشكەن شەرتكە چۈشمەمدىكەن ، ـ قىزلارنىڭ هوجۇمىدا بىر نەرسە دىيەلمىدىم ،مۇرات بىزنى كۆردى بولغاي قول ئىشارىتى قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.چىقىپ كىتىۋاتقان قىزنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدىم،هازىرغىچە ئارلاشقان قىزلىرىم يېرىم ـ ياتا كىيىنىپ يۈرگەچكىمۇ، بۇ قىز ماڭا باشقىچە تويغۇ بىرىۋاتاتتى.بىزمۇ ئازراقتىن تاماقلىنىۋېلىپ كېيىنكى ئىشلىرىمىزنى دىيىشىش ئۈچۈن روشەنگۈلنىڭ ئۆيىگە كىلىۋالدۇق،چۈنكى ئۇنىڭ ئايرىم

ھوجۇرسى باشقىلارنىڭ ئاۋارە قىلىشىدىن خالى ئىدى.

ـ بولدى مەن ئوغۇل بالا ،كىلىشكىنىمىز بويىچە قىلاي،ئەمما بۇ پۇلنى نېرى تارتىڭلار ،نىمە تىكىشسەڭ مەيلىكى پۇلنى تىكىشمەيلى ،بۇ مەن ئۈچۈن ھاقارەتكەن.

ـ شۇنداقمۇ ؟ بىراق بىز بۇنداق قارىمايمىز ،پۇل دىيىشتۇقمۇ پۇل بولىدۇ،بىز قىزلار لەۋزىدە تۇرالىغان يېرىدە ،ئۆزلىرىمۇ تورالا ـ لەۋزى ئۆزلىرىنىڭ بولغاندىكىن.

ـ ئۇنداقتا مەن پۇل ئالماي ئۇتتۇرۇۋەتسەم سىلەرگە پۇل تۆلەي بولامدۇ.

ـ ياق،بولمايدۇ، ـ ئايگۈلنىڭ كەسكىن رەت قىلىشىغا ئۇچۇردۇم.

ـ ھازىرچە پۇل ئالماي ،ئۇتقاندا ئالسامغۇ بولىدىغاندۇ، ـ ئۇلار ماڭا قىلچە يول قويمىدى،ياندۇرۇپ بەرگەن پۇلنى ئىككىسى بىر توخماقتىن ئىككى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويىشتى،كېيىنچە بىر گەپ بولا دىگەن ئۈمىد تە ۋاختىنى بىر ئاي قىلىپ بىكىتىپ يانماق بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ـ نەگە ئالدىرايسىز ،ئارىمىزدا كىلىشىم بولغاچقا بىرە پارچە توختام يېزىشىۋاتساق بولارمىكى، ـ روشەنگۈل ئالدىمنى توسىدى.

ـ بولدى قىلىشسىلا بولارمىكى ،ئادەمنى رەسۋا قىلىدىغان شۇ نەرسە كاملىق قىلاتتى زادى.

ـ شۇنداقمۇ ،بۇنىڭغا قول قويىۋەتسىلا بولىدۇ، ـ ئايگۈل سومكىسىدىن ئۈچ ۋاراق قەغەز چىقىرىپ ئالدىمغا تاشلىدى،قولۇمغا ئېلىپ قارىدىم.

توختام

(مۇھاببەت شەرتلىرى توغرىسىدا)

ئا : تەرەپ ـ ئايگۈل ،روشەنگۈل.

ب: تەرەپ ـ شاكىر ئەزىز.

مەزمۇنى : ئا ۋە ب تەرەپ ئورتاق كېلىشىش ئارقىلىق تۈۋەندىكى مەزمۇندا توختاملاشتۇق، ئارىمىزدا ھېچقانداق مەجبۇرلاش ۋە تىل قىسىلچىلىقى يوق،شۇڭلاشقا بۇ توختام ھەرقانداق چاغدا كۈچكە ئىگە.

1-ب تەرەپ 2008-يىلى 5- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن باشلاپ 30 كۈن ئىچىدە خەلق دوختۇرخانىسى جىددى قۇتقۇزۇش مەركىزىدە ئىشلەۋاتقان دوختۇر شەمسىيە بىلەن مۇھابىبەتلىشىدۇ .

2-ئۇلارنىڭ مۇھابىبىتىنىڭ راسلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ب تەرەپ ئا تەرەپنىڭ ئالدىدا چوقۇم شەمسىيەنى سۆيىشى كېرەك.

3-........................................................

ئاخىرنى ئوقۇشقا چىدىمىدىم ،توختامنى پۇرلەپ ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئاتتىم،يانچۇقىمدىكى پۇلنى ئېلىپ تاشلاپ سىرتقا يول ئالدىم ،ئەپسۇس بۇ ئىككى جوبو ئادەمنى قويۇۋېتىدىغاندەك ئەمەس،ئالدىمنى توردى.

-شۇنداق قىلىشىڭىزنى بىلىپ توختامدىن جىقراق باسۇرۇۋالغان ،يىرتىڭ ،پۇرلەڭ تۈگىتەلمەيسىز،- يەنە توختام تەڭلەندى،غەزەپ كۈچىدىن توختامنى تارتىپ ئالدىم يېنىمدىن قەلەم چىقىرىپ ئىمزا قويۇشقا باشلىدىم.

-توختام دىگەننى ئوبدان كۆرۈپ ئىمزا قويىدىغان گەپ ،كېيىن يېنىۋالماڭ ،ئوبدان كۆرۈڭ جۇمۇ .

-كۆرمىسەممۇ بولىدىكەن ،ئوزۇمگە قىلدىم.-سۇرۇق تەڭلەندى،قولمۇ باستىم،سىرتقا ماڭدىم ،

-پۇلنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنۇتماڭ،شەمسىيەنىڭ كېيىملىرىنى كۆرگەنسىز ؟ يۆگەپ بولاماي قىنالماڭ يەنە.

-مۇنداق دەڭ ،توختامىڭلاردا يۈرگەنلىكنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىككىمىزنى سۆيۈشكىلار

دەپىسلەرغۇ،سۆيۈشۈش دىگەن مۇنداق بولامدۇ ، ـ ئايگۈلنىڭ قولىدىن تارتتىمدە لۋىىنى لۋىگە باستىم ، بېشىمغا تاراسلاپ تاياق تەككىلى تۇردى،ئۇنى قويىۋەتتىم ،ئەمما كەينىمگە بۇرۇلۇپلام مىنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرگەن روشەنگۈلنىڭ بىلىدىنلام ئالدىم ۋە ئۇنىمۇ سۆيىدۇم،قىزلار بۇنداق بولىشنى ئويلىمىغاچقىمۇ ھەيران قىلىشتى.

ـ بۇ پۇللۇرۇڭلار سىلەرنى سۆيگەنگە تۆلىگەن بەدەل بولسۇن.

ـ ساراڭ،ساراڭ.............

ـ شۇنداق مەن ساراڭ ،ساراڭ بولغىنىم ئۈچۈن ئۇچۇرغاننى سۆيىمەن شۇ.

ئۇلار قېشىدىنمۇ يېنىپ چىقتىم ئىشقا بېرىش خۇش ياقماي ئويگىلام قايتتىم.

*      *      *      *      *

ئون بەش كۈننى ھېلىقىلاردىن قېچىش بىلەن ئۆتكۈزىۋەتتىم،ئەمما بىر نەرسە يۈرۈكۈمنى تاتىلايتتى .شۇ ئۆلمىگۈر جىننەكلەرگە ئۇتتۇرۋېتەرمەنمۇ ،بىراق مەن تا بۇ كەمگىچە ئۇتتۇرۇش دىگەننى بىلمەي كەلگىنىم ئۈچۈن شەيتىنىم مىنى قىينايتتى.ئۇلارغا ئۇتتارغۇچە بىر ئامال قىلمايمۇ ،ئۇلار دىگەن قىزمۇ خېلى بولىدىغاندەك قىلىدۇ.كاللامنى خىيال بېسىۋالدى،ئۇ قىزنى قانداق كەلتۈرۈشنى ئويلاشقا باشلىدىم.................

شەمسىيەنىڭ تېلېفون نۇمۇرىنى تاپتىم ،چ چ ئىشلەتمەيدىكەن ،تېلېفون قىلسام مىنى نىمە دەپ قالار،مىنى تونىمايدۇ ئەلۋەتتە،مورات ئارقىلىق تونشاي دىسەم بۇمۇ ئەپسىز،چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇناسىۋېتى ماڭا ئىنىق ئەمەس.باشقىلارنىڭ دىيىشىچە ئۇلار يۈرمىگەن بولسىمۇ مۇراتنىڭ قىزغا قانات سۆرەۋاتقىنى ئىنىق ئىدى.مەن ئاخىرى ئامال تاپتىم.ئۇنىڭ ئىشلەش ۋاختىنى سۈرۈشتۈرۈپ ،بۈگۈن كەچ ئىشلەيدىغىنىنى بىلىۋالدىم ۋە بازاردىن بىر كىلو سانا ئېلىپ قايىنتىپ ئىچىۋەتتىم.

كەچ كىرىشتىن بۇرۇنلاپ قورسىقىم غورۇلداپ مىنى قورقۇتۇپ قويىدى.سائەت ئونلاردىن ئاشتىمۇ دورا كۈچىنى كۆرسەتتى،ئوبۇرنىدىن كىلەلمىدىم .پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ دوختۇرغا

يول ئالدىم.

* * *

ـ بۈگۈن نىمە يىگەنتىڭىز ؟

ـ شۇ ئادەتتىكىدەك  چۈشتە پولو ، كەچتە لەغمەن.

ـ قەيەردە ئاشخانىلاردىمۇ ؟ ئۆيدە ؟

ـ ئۆيدە يىگەن.

ـ ئۆيىڭىزدىكى باشقىلاردا ئۆزگۈرۈش يوقتۇ ؟

ـ يوق.

ـ باشقا يىمەكلىك ياكى ئىچىملىك ئىچمىدىڭىزمۇ ؟

ـ ھە راس چۈشتە بىر بوتۇلكا  سوغۇق ئىچىملىك ئىچكەن.

ـ قانداق ئىچىملىك ؟ قۇتىسى بارمۇ ؟

ـ قۇتىسىنى تاشلىۋەتكەن،قىزىل كالىغۇ دەيمەن،

ـ ئىچكەن نەرسىڭىزنى بىلمىگىنىنى قاراڭ ، يىمەكلىكتىن زەھەرلەنگەن ئوخشايسىز ، لابىراتۇرىيىلىك تەكشۈرمىز ،ئەۋرىشكە ئېلىپ كېلىڭ،ـ ئۇنىڭ بىلەن تۈنجى كۆرىششىمىز شۇنداق باشلاندى.

بىرە سائەت ئۆتتىمكىن  ئۇ قۇتقۇزۇش ئۆيىگە كىرىپ كەلدى ۋە قىززىش ، ھۆ، سۇسىزلىنىش ئەھۋالىنى سورىغان بولدى،مىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يىمەكلىكتىن زەھەرلەنگىنىم ئۈچۈن ،ئۈچ كۈن يېتىپ داۋالىنىشىم كىرەكلىكىنى ئېيىتتى.

تۈنجى ھۆجۈمنى باشلىدىم .مەن ئۇنىڭ كىتاپ ئوقۇشقا بەكلام ئامراقلىغىنى، بولۇپمۇ جالالىدىن بەھرامنىڭ ئەسەرلىرىگە بەكمۇ ئامراقلىغىنى بىلگەن ئىدىم.

تەييارلىغىنىم بويىچە "لىيىغان بولاق"نىڭ 6 ـ قىسمىنى قولۇمغا ئالدىم.

ـ ۋاي نىمانداق ئادەمسىز ،بىر قولىڭىزدا ئاسما ،بىر قولىڭىزدا كىتاپ،دەم ئېلىپ بەدەن

قۇۋۋىتىڭىزنى ئاشۇرمىسىڭىز بولمايدۇ.

ـ بولىدۇ مانا بۇ باپمۇ تۈگىگىلى ئاز قالدى، ـ ئۇنىڭ بىلەن قەستەن قىيىشتىم . سىستىرالار باياتىن بىرى سۆزلەپ چىقىپ كېتىشكەن ئىدى،مەن بولسام شەمسىيەنىڭ كېرىشىنىلام كۈتىۋاتاتتىم.

ـ نىمە كىتاپ ئۇ سىزنى ئۆزىگە شۇنچە رام قىلغان ؟

ـ كىتاپنى ئۇنىڭغا سۇندۇم، ـ "لېيغان بولاق" 6 ـ قىسىم، ـ ئۇ بەكلام ھاياجانلىنىپ كىتىۋاتاتتى،

ـ سىزمۇ كىتاپ كۆرەمسىز ؟ ـ دىدىم مەن.

ـ جالالدىن بەھرامنىڭ ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇيمەن ، ـ دىدى ئۇ.

ـ مەنمۇ شۇ، ـ دەپ ئۇنىڭ چىرايىغا سەپ سالدىم ۋەئۇنىڭدىن بىر خىل ھاياجاننى سەزدىم .

ـ بۇ كىتاپنىڭ 6 ـ قىسمىنى تاپالماي راسا ئىچىم پۇشقان ئىدى، سىز كىسەل دەم ئېلىڭ ،كىتاپ بىر كۈن مۇسادىر، ـ

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ كىتاۋىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.مەن تېخىمۇ خۇش ئىدىم، چۈنكى بېلىق قارماققا ئېلىنىۋاتاتتى.

بۇ كىتاپ يېڭىۋېلىنغان بولغاچقا چوقۇم ئۇنىڭدا يوق دەپ ئويلاپ ،قاراڭغۇ بازادىن قىممەت باھادا سېتىۋالدىم.مېنىڭ بۇنداق ئىشلارغا ئېپىم بار ئىدى. دىگەندەك ئۇ بۇ كىتاپقا قىزىقىپ قالدى ،ئەمما مەن بۇ كىتاپلارنى تولۇق ئوقۇپ بولمىغاچقا ئۇنىڭ بىلەن كىتاپ توغۇرلۇق پىكىرلىشىپ قىلىشتىن قورقاتتىم.

شەمسىيە كىچىچە بۇ كىتاپنى كۆرۈپ بولالمايتتى،ماڭا بۇ ئىنىق،مەن بولسام ئۇنىڭ كىتاپنى كۈندۈزى كۆرىۋېلىشنى سورىشنى كۈتەتتىم. شۇ چاغدا مەن باشقا قىسىملىرىنى ئانچە ـ مۇنچە كۆرۈپ ئۆلگۈرىمەن دەپ ئويلۇدۇم . دىگىنىمدەك ئۇ ئەتتىگەندە يېنىمغا كىرىپ، ـ كىتاۋىڭىزنى ئوقۇپ بولالمىدىم ،سىز كۆرسىڭىز قالسۇن، بولمىسا مەن

كۆرىۋالايمىكىن.

-ۋاي ئالدىرماي ئوقۇۋېرىڭ ،كىتاپ كۆرىمەن دەپ چارچاپ قالدىڭىزمەن.كىسلىمىنىڭ ساقىيىشىغا ياردەم قىلغان بولىسىز تېخى، - چاقچىقىم ئۇنىڭ قورىنىشىنى تۈگەتتى.

-ئۇنداقتا تارتىنمىدىم ، - ئۇ چىقىپ كەتتى.

مەن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاپ ،ساۋاقدىشىم مۇراتنىڭ ياردىمىدە بالنىستىن چىقىش رەسمىيتى بېجىرىۋالدىم ۋە بەش كۈنلۈك ئائىلىدە كۈتۈنۈش خېتى يازدۇرۇپ ئىدارىغا تاشلاپ بىرىپ، كىتاپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۆيگە بىكىندىم.

21-كۈنى

دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن كىتاپ كورىۋالدىم ۋە خاتىرە قالدۇردۇم ،ھېلىمۇ ياخشى ئوتتۇرا مەكتەپ ،ئۇنىۋېرىستىلاردا ئوقۇغانلىرىمدا مەنمۇ بىر كىتاپ مەستانىسى بولغاچقا بۇلار ماڭا ئۇنچە قىيىن كەلمىدى .ئىشقا چۈشۈپلام ئۇنىڭغا تىلىپۇن ئۇردۇم.

-ۋەي ياخشىمۇ سىز، - دىدىم مەن، قارشى تەرەپتىن جاۋاپ كەلدى.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، -مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىپ دۇدۇقلاپ جاۋاپ بەردىم.

-ۋە ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، -نىمە دەپ ياخشىمۇ سىز دەپ سورىغاندىمەن،بەكمۇ تەس كەلدىدە بۇ جاۋاپ.

- مەن شاكىر ،قايسى كۈندىكى كىتاپنى ئوقۇپ بولدىڭىزمىكىن دەپ...........

-سىزمىتتىڭىز،قانداق ئەھۋالىڭىز ؟ ياخشى بولۇپ قالغانسىز ؟بالنىستتىن نىمانداق تولۇق ساقايمايلا چىقىپ كىتسىز ؟

-كەچۈرۈڭ ،ئىدارادا بىجىرمىسەم بولمايدىغان ئىشلار باتتى ،شۇڭلاشقا......، -ئايغىنى تېپىپ بولغىچە ئۇ سوزۇمنىڭ بىلىگە تەپتى، -

-خىزمەت ! خىزمەت دىگەننىمۇ تەن ساق بولسا بىجىردىغاندىمىز ،ۋاختى كەلگەندە شۇ

خىزمەت ئالدىراش ئىدارىمۇ كىسەل كىشىنى تونىمايدۇ .بىز ئۈچۈن ئىشلەپ كىسەل بولغان دىمەيدۇ جۇمۇ ،ئۆلارغا يۆك ،بىكارچى كورىنىسىز خالاس...

-رەخمەت كويۈنگىنىڭىزگە ،ئەمما خەلىق ئۈچۈن پايدىلىق ئىش بولغاچقا ئوزۈمنى ئويلاپ كەتمەيتمەن.

-مۇنداق دەڭ، ئەمما بۇندىن كىيىن دىققەت قىلىڭ، -كەسپى ئادەت بولسا كىرەك ئۇمۇ ئىشتىن سىرتقى خىزمەت قىلىۋاتاتتى.

-چوقۇم دىققەت قىلىمەن ،بولمىسا بۇندىن كىيىن سىزدىن دائىم دەشنام يەپ يۈرمەي بىكار، -چىكىپ بىقىش مەخسىدىدە گەپ ئاتتىم ،ئەمما ئۇ تىمىدىن ئاتلاپ ئوتۇپ كەتتى.

-كىتاۋىڭىزنى ئوقۇپ بولغان ،بىراق ئويدە قويۇپ قويۇپتىمەن ،كەچتە ئىشتىن چۈشكەندە ئالاقىلىشىپ قايتۇرۇپ بەرسەم بولامدۇ ؟

-بولىدۇ ،مۇشۇ مىنىڭ نومۇرۇم بىكار بولۇپ تىلىپۇن قىلارسىز .

-بولىدۇ كەچتە ئالاقىلىشايلى،ئاللاغا ئامانەت !

-بولىدۇ خوش ئەمىسەن .

ئۇ بارلىق سوزلىرىدە ئاللاھنى ئېغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن ،بىراق مەن بۇنىڭغا كونەلمەيۋاتاتتىم ،مەندە كونمەيمۇ ئامال يوق .ئۇنىڭغا بوي سونۇش ھازىرقى ۋەزىپەم ئىدى.

* * * * *

ئىدارىمىزنىڭ خىزمەتلىرى بەك ئالدىراش بولمىغاچقا ،چۈشكىچە بولغان ئارلىقنى كىتاپ كورۈپ ئوتكۈزدۈم ، بۇمۇ مەن ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى.

چۈشتىن كىيىن ئىشقا چۈشۈپلا توراتتىم ،ئىككى جىنتەك جىندەكلام ئىشخانامغا ئۈندى،

-شاكىرجان ،ئەجەپ تىلىپۇنىمىزنى كوتۈرمەيسىزا ؟دوختۇر قىزنىڭ ئوكۇللىرى سوغۇق كىلىپ تېلىپۇننى كوتۈرۈشكىمۇ ماغدۇرىڭىز يەتمەيۋاتامدۇ ؟

-ياقەي ئاداش بولالمايدىغىننى بىلىپ بىزدىن قېچىۋاتقان گەپ ،ئۇتتۇرۇۋەتسىڭىزمۇ

قورۇقماق ،قەرىز ھوججىتى يېزىپ بەرسىڭىزمۇ ماقۇل دەيمىز بىز ، ـ سودىگەرنىڭ بالىلىرىمۇ سودىغا ئۇستا بولامدۇ ،روشەنگۈل گەپ قىلىسلام توختام،پۇل دىگەننى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى .

ـ نىمە بار سىلەرگە مېنىڭ ئىشخانامدا ،ئىشىڭلار يوقمۇ سىلەرنىڭ ؟ بولدى قىلىپ يەنە ئون كۈن بارغۇ شۇ چاغدا كەلمەمسىلەر. . .

ـ ماڭا قايىلىسلا شاكىرجان ، شاكىراپتەك ئېغىزلىرىنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويۇپ كىتىپلىكەن .شۇ ئېغىزلىرىنى سېغىنىپ كەلدۇق بىز .

ـ ئادەمنى ھو قىلمىيە ئاداش ،شۇ ئىشلارنى ئويلىساملا قەي قىلغۇم كېلىپلام تۇرىدۇ مېنىڭ ، ـ روشەنگۈل ئايگۈلنىڭ سوزىگە ياندىشتى .

ـ شۇنى دىمەمسە ،تاماق يىسەملە شۇ ئىشنى ئويلاپ ھولىكۇم كېلىپ ئىشتاھادىن قالدىم دىگىنە .

ـ مۇنداق دەڭلار ،سويۇپ قويغانغا بويىدا قالمايدىغۇ دەيمەن ،ئۇنىڭ ئۇستىگە ئون بەنەش كۈندە سىزىكلىك بولمايدۇ ،بۇنداق ھو بولۋېرىش سىزىكلىكنىڭ بەلگۈسى ،بىر تەكشۈرتۈپ كورەمسىلە بويىڭلىدا بولمىسۇن يەنە ؟

ـ ۋاي ماڭەۋە ئالا جوقا سوزلىمەي ،ئەركىلەپ قويساق كىم كورەۋاتسەن،قولىمىزنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باققان ئەر كىشى بارمۇ شۇنى سورە ؟

ـ شۇنداق خانلىرىم ،قايسى كۈنى سويگەندە ـ لەۋلىرىدە ئەر كىشىنىڭ تەمى يوقكەن.

ـ بولدى قىلە ،ماۋۇ پۇلىڭنى ئالامسەن يوق ؟خەجلەپ قويمايلى بىكار .

ـ بولسا خەجلەۋېرىڭلار ،ئوزەڭلەرنىڭ پۇلى ئەمەسمۇ .

ـ خەجلىگۈدەك پولىمىز بار غوجام ،ئەمما بۇ پۇل ئوزلىرىگە لازىم بولا. ، ـ ئۇلار پۇلنى ئالدىمغا تاشلاپ قويۇپ خوشمۇ دىمەي چىقىپ كىتىشتى.ئىشىك سىرتىغا چىققاندا بويۇنداپ قارىشىپ ، ـ

ـ سۇرگە دورىسنى ئازراق ئىچەرسىز ،ئۇرۇقلاپ پىگور چىقىرىمەن دىمىسىڭىزمۇ ،خېلى كىلىشكەن يىگىت سىز ھى ھى ھى ھى.......،ـ كولۇشلەر ئىچىدە كوزدىن يىتتى ئۇلار.

يىرىم كۈن ۋاختىم جىلە بولۇش ،كۈتۈش ئىچىدە تىت ـ تىتلىق بىلەن ئوتۈپتۇ ،ئىشتىنىمۇ چۈشتۈق ،شەمسىيەدىن تېخىچە خەۋەر يوق.ئويگە كېلىپ ئولتۇرسام تېلىپۇنۇم توۋلىدى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ـ مىنى زارلىپ ساقلاتقان تونۇش ئاۋاز قاۋاپ قايتۇردۇم،

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ـ نەدە كورىشىمىز ،ئويگە كېلىك دەي دىسەم چوڭلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرغۇدەك.

ـ سىز نەدە دىسىڭىز شۇ ،بولسا بىرە ئاشخانىدا تاماق يىگەچ كىتاپ توغرۇلۇق پاراڭلاشامدۇق .

ـ ئوينىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشمەي يوقاپ كەتسەم سەت بولارمىكى ،يەنە كېلىپ سىز بىلەن تۈنجى كورۈشۈشتىلام ئاۋارە قىلارمەنمۇ ؟

ـ ھېچقىسى يوق ،بىردەمدىلام بىكار بولىمىز ،سىزنىڭ كىتاپ توغرىلىق پىكرىڭىزنى ئۇقاي دىگەن شۇ .

ـ قەنى ئەمىسە مەنمۇ سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قىزىقىۋاتىمەن ."كوكلەم"دە كورۈشسەك قانداق.

ـ بولىدۇ مەن سىزنى "كوكلەم"دە ساقلاي.

ـ بولىدۇ خوش ئەمىسە.

ـ خوش ئەمەس ـ ئالالاغا ئامانەت.

نىمە دىيىشىمنى بىلىپ بولغىچە تېلىپۇن ئۈزۈلدى .كوڭلۇم بەك خوش ،مەخسەتكە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىماقتىمەن.بىراق ۋاقىت قىستاۋاتاتتى .قەنى كورۇپ باقاي ئۇتالامدىمەنكىن .ئويدىن چىقتىمدە كوكلەم تەرەپكە يۈرۈپ كەتتىم.

شەمسىيە بىلەن ئاشخانا ئالدىدا ئۇچراشتۇق،قىسقىغىنە سالام ـ سائەت قىلىشقاندىن كېيىن

ئاشخانىنىڭ خىلۋەت بىر يېرىگە ئورۇنلاشتۇق.ئۇ سومكىسىدىن كىتاۋىنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى .

-كىتاۋىڭىزنى مۇقاۋىلاپ قويدۇم،ئىسىل ئەسەرلەرنىڭ بىجىرىم بولىشىنى خالايمەن.

-رەخمەت ،مەنمۇ مۇقاۋىلاشقا ئۈلگۈرمىگەن ئىدىم.

-جالالىدىن بەھرامنىڭ ئەسەرلىرىگە قانداق قارايسىز ؟، - تاماق بۇيرىتىپ بولغاندىن كېيىن سورىدىم مەن.

-بىلەكچىلام ئامراق دەڭە مەن .ئاڭلىسام جالالىدىن بەھرام ئەسەرلىرىنى ئوزى باشتىن كەچۈرگەن تەرجىمەھالغا قاراپ يازىمىش ،شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇشقا بەك يېقىن ،ئادەمنى جەلىپ قىلالمىدىكىن دەيمەن.

-ئۇنىڭ "مېھرىگىيا"،"لېيغان بولاق" قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭمۇ بېشىدىن ئوتكەن دەيلى ،چۈنكى بۇ ئەسەرلەردىكى ۋەقەلىك ئاپتۇر ئىشلىگەن خوتەن يېزىللىرىدىكى ماتارىپچىلارنى ئاساس قىلغان.ئەمما كېيىنكى رومانلىرى ئاپتۇر ياشىغان مۇھىت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقتۇ دەيمەن .مەسىلەن "كومۇرچى بالا" رومانىدا تەسۋىرلەنگىنىدەك ئاپتور ئەسەردىكى ھېچ بىر پىرسوناجغا ماس كەلمەيدۇ، - شۇنچىلىك سوزلەپ شەمسىيەنى بىر نىمە دەڭ دىگەندەك ئۇنىڭ چىرايىغا باقتىم.

-ئەسەر ئوقىسىڭىز ئەجەپ ئەتىراپلىق ،چۈشۈنۈپ ئوقۇيدىكەنسىز ھە ! "كومۇرچى بالا"مېنى كوپ يىغلاتقان ،ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئەسەر ئىدى،ئەپسۇس ئەسەر ۋەقەلىگىنىڭ بۇنداق ئاخىرلىششىنى پەقەتلام ئومۇت قىلمايتتىم، -ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ماڭا ئۇنى ئىش كورمىگەن ،ساددا،ئاسانلام ھىسسىياتقا بىرىلىدىغان،قەلىپ قەسرىگە باشقىلارنىڭ كىرىپ باقمىغانلىغىنىنى كورسۇتۇپ تۇراتتى.

-شۇنداق يازغۇچى - بولسا ئوقۇرمەنلەرنىڭ خالىغىنى بويىچە ئەسەر يېزىپ بەرسە ،سىزمۇ يىغلىماي كولۇپلام ئەسەر ئوقۇسىڭىز بەك ياخشى بولاتتى ئەمەسمۇ ؟، -چاخچىغىم ئۇنى

قىزارتىپ قويدى ،مەن كەيپىياتنى ئوزەمگە بۇراش ئۈچۈن گەپ باشلىدىم.

ـ جالالىدىن بەھرام ئەسەرلىرىدە شۇنچىلىك تۇرمۇش چىنلىغى بار ئىكەنكى..........................................

قانچىلىك سوزلىگىنىمنى ،نىمە دەپ سوزلىگىنىمنىمۇ ئىنىق دەپ بىرەلمەيمەن ،ئەمما ئىشىنىمەنكى سوزلىرىم بۇ قىزنى ئوزىگە شۇنچىلىك قارىتىۋالدىكى، ئۇ ئىگىگىنى يولەپ ئېغزىمغا قاراپ ئولتارغانچە قېتىپ قالغان ئىدى.سوزلىرىمنى توگىتىپ توختىغان بولسامىمۇ ئۇ ماڭا قارىغان پېتى قېتىپ ئولتۇراتتى.ئىچىمدە كۇلدۇم ،بۇ قىزنى كەلتۈرۈش ئاساسەن پۈتتى دەپ ئويلۇدۇم،ئەپسۇس ئويلۇغۇنۇم خام ـ خىياللام ئىدى.ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى ۋە ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، ـ

ـ شاكىر سىز ئەدىبىيات ئوقۇماپتىگىز بولا، ـ دەپ سوراپ قالدى.

ـ ياق ئەدىبىيات ئوقۇمىغان بىراق ئەدىبىياتقا بولەكچە قىزىقىمەن دەڭە،كەلگۈسدە تېخى بىر يازغۇچى بولۇش ئارزۇيۇمىمۇ بار دەڭە، ـ

ـ مۇشۇ قابىلىيىتىگىز بىلەن يازغۇچى بولسىگىز ـ مىللىتىمىزنىڭ پەخرىگە ئايلىنالايدىغانلىغىگىزغا كوزۈم يەتتى

ـ رەخمەت،رەخمەت ............، ـ قوش قوللاپ ئۇنىڭغا تازىم قىلغاننى دورىدىم.

ـ بولدى چاخچاق قىلماڭ تولا ،گەپ بىلەن بولاپ كىتىپ تامىغىمىزمۇ سوۋۇپ كېتىپتۇ،تاماققا باقايلى. ـ ئۇ دىمىگەن بولسا تاماقنىمۇ ئۇنتۇق قانچىلىك سوزلەر بولغۇيتتۇم يەنە.

تاماقلىنىپ بولۇپ سىرتقا چىقتۇق.يانمۇ ـ يان مېڭىپ ئەدىبىيات ،يېزىقچىلىق توغرىسىدا راسا مۇلاھىزە قىلىشتۇق،گەپكە كەلگەندە مەن ناتىق ئىدىم .بۇنداق قىزلارنىڭ ئازراق پارىگىدىنىمۇ ئۇلارنىڭ قىزىقىشىدىن تارتىپ ،خۇي ـ مىجەزلىرىگىچە،كوپرەك سوزلەتسەم ئائىلە تارخىدىن باشلاپ ،ئامراق تائام،كىيىم كىچەك،رەڭلەرگىچە بىلىۋالالايتتىم .بۇگۈنمۇ

مانا سىز ئارىسىدا ئۇنىڭ سادىق دىن مۇرتى ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئايرىلىش ئالدىدا ئۇ مەندىن

، ـ

ـ شاكىر ناماز ئوقۇيدىغانسىز ؟ ، ـ دەپ سوراپ قالدى ،نىمە دەپ جاۋاپ بىرىشكە ئاجىزلىق قىلدىم ،ئاخىرى راس گەپ قىلىش قارارىغا كەلدىم.

ـ ياق ئوقۇمايمەن ،ئوقۇي دىسەممۇ بىلمەيمەن ،سىز بىلەن تونۇشتۇم ئوگۇتەرسىز ؟ ، ـ دىدىم.

ـ سىزدەك راس گەپ قىلىدىغانلار ئاز جۇمۇ ،بولىدۇ ئەتە ئىشخانامغا كىلىڭ بىرىدىغان كىتاپ بار ،شۇنىڭغا قاراپ ئوگۇنەرسىز .

ـ بولىدۇ ، ـ پاراڭلىشىپ ئۇڭنىڭ ئويىگە بۇرىلىدىغان كوچا ئېغىزىغا كېلىپ قالغان ئىدۇق .شۇ يەردىلام خوشلۇشۇپ قايتىشتۇق .مەن غەلبىگە ئىرىشۇاتاتتىم ،چۈنكى ئەتە يەنە ئۇنىڭ بىلەن كورۇشۇشكە كېلىشتۇق ئەمەسمۇ .

22 ـ كۈنى

تاماقتا بىرگە بولۇش پۈرستى ئىزلەپ كۈندۈزنى قەستەن بىكارىغا ئوتكۇزىۋاتتىم،كەچ ئىشتىن چۈشۈشنى كۈتۈپ ئۇنىڭ قېشىغا باردىم.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شەمسىيە .

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ،ياخشىغۇ ئەمدى مۇسۇلمان بالىسىدەك سالام قىلىشنى ئوگۇنىۋەپسىز.

ـ قازانغا يولۇقساڭ قارىسى دەيدىكەن .توھپە سىزگە مەنسۇپ .

ـ بولسا تېخىمۇ ياخشى ئوزگىرىڭ ،سىزگە مۇنۇ كىتاپلارنى تەييارلىغانتىم ، ـ كىتاپ ئېلىش ئۈچۈن سومكىسىنى ئاقتۇردى.

ـ يولدىلام پاراڭلىشىپ تۇرماي بىرە ئاشخانىدا تاماقلانغاچ پاراڭلىشايلى ، ـ دىدىم مەن.ئۇ

بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ـ

ـ بولىدۇ ،سىزگە دەيدىغان باشقا گەپلەرمۇ بار ،ئوبدانىراق جاي تاپايلى.

ئۇنىڭ ئوبدان جاي دىگىنى يەنىلا "كوكلەم "بولدى،ئۇ بىر نەرسىنى مىنى بىلسۇن دىگەندەك قەستەنگە ئالدىنقى قېتىم مەن ئىككىكى جىن بىلەن تاماق يىگەن ئۈستەلنى تاللاپ ئولتۇردى،ياكى بۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ تاسادىپى توغرا كىلىشىمۇ بىلەلمىدىم.

ـ بۇ يەر پاراڭلىششقا قولايلىق،تاماقلىرىمۇ پاكىز ، ئىشەنجىلىك،شۇڭلاشقا مىنىڭ دائىملىق تاماق سورۇنۇپ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

ئۇ ھەقچان مىنى تاماقنى تاللاپ يەڭ ،مۇسۇلمانچە دىگەننىڭ بەرى ئىشەنچىلىك ئەمەس دەۋاتسا كىرەك.بىلمەسكە سالدىم .

ـ قانداق دانا يول كورستىشىڭىز بار ئىدى ؟، ـ سورىدىم.

ـ سىز ئۈچۈن مۇنۇ ناماز ئوقۇش قائىدىسى بىلەن "قۇران كەرىم"نىڭ تەرجىمە نۇسقىسىنى تەييارلىغان ئىدىم ،ـئۇ كىتاپنى ماڭا ئۇزاتقىنىدا بۇ كىتاپلارنى ئالاھىدە ئىززەتلەپ تۇتىۋاتقانلىغىغا دىققەت قىلدىم.

ـ مۇشۇلاردىن ناماز ئوقۇشنى ئوگەنگىلى بولىدىكەندە ؟

ـ شۇنداق ناماز ئوقۇش قائىدىسىدىن ئوگۈنسىز ،رەسىم بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن.ھە راس بىرە بولسىمۇ سورە بىلىدىغانسىز ؟، ـ ئالدىراپ جاۋاپ بەردىم ـ

ـ بىلىمەن "لا ئىلاھە""قۇللولو ئەھەت""ئەلىھەمدۇ""ئەشىدى ئەنلا لائىلاھە"قاتارلىك سۈرىلەرنى بىلىمەن.

ـ "لا ئىلاھە""ئەشىدى ئەنلا لائىلاھە" بۇلار بولسا سورە ئەمەس ئىمان كەلىمىسىنىڭ بىزلەردە ئىقرار قىلىنىشى ،يەنى ئىمان ئەيىتقاندا لەۋزى قىلىنىدىغان ئايەتلەردۇر."قۇللولو ئەھەت""ئەلىھەمدۇ" ئەمەس "سۈرە پاتىھە""سۈرە ئىخلاس"دىيىلىدۇ ،مۇشۇ ئىككى سورىنى بىلسىڭىزمۇ ھازىرچە ناماز ئوقۇشىڭىزغا يىتىدۇ ،ناماز ئوقۇش قائىدىلىرىدە كىچىك

سۈرىلەرنىڭ يېزىغىمىزچە ئوقۇلىشى بار، ئوگۈنۈپ تۇرۇڭ كېيىنچە پۈتۈن سۈرىلەرنىڭ ئېلىكتىرونلۇق ئۆزەككە ئېلىنغان نوسخىسىنى تېپىپ بىرەي ئوگۈنىشىڭىزگە ئاسان بولىدۇ.

ـ چوقۇم ئەتىدىن باشلاپ ئوگۈنىشكە چۈشىمەن .

ـ ئەتە ،دىنىمىزدا ئەتە دىگەن بولمايدۇ.هازىر دەيمىز،كەچتە ئوبدان كورۇڭ ،ئەتىدىن باشلاپ باشلاپ كىتىسىز.بۇلار سىزگە بەكمۇ ئوڭاي.

ـ بولىدۇ، ـ بالىنىڭ ئانا ئالدىدا ،ئوقۇغۇچىنىڭ مۇئەللىم ئالدىدا باش ئەككىنىدەك يۇۋاشلىق بىلەن باش ئەگدىم .

ـ "قۇرئان كەرىم"بولسا بىزنىڭ هەركەت مىزانىمىز ،تاهارەتسىز ئوقۇشقا بولمايدۇ ،هەر نامازدىن كېيىن ئوقارسىز ،چوقۇم ئەستايىدىل ئوقۇڭ ،ئۇ دىگەن بىر موجىزە كىتاپ،يەنى "ئاللاه"نىڭ ئوز لەۋزى ،شۇڭلاشقا ئوبدانىراق كورەرسىز.

ـ بولىدۇ، ـ بۇنداق چاغدا قانداقمۇ كوپ گەپ قىلغىلى بولسۇن.ماقۇل ،بولىدۇ،شۇنداق قىلايلاردىن باشقا گەپ ـ سوز قىلماي ئۇنىڭغا بولغان ئىتائەت قىلىشنى ئىپادىلەپلام ئولتۇردۇم .

تاماقلىنىپ بولۇپ ،ئۇنىڭ ئويىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقىچە پارىڭىمىز دىن ئۇستىدە بولدى،مەن تەلىم ئېلىۋاتقان تالىپ ،ئۇ بولسا هەقىقى بىر ئۇستازغا ئايلانغان ئىدى.ئايرىلىدىغان ۋاختىمىزدا، ـ

ـ كىتاپتىن چۈشەنمىگەن يەرلىرىمنى قانداق قىلىمەن ؟، ـ دەپ سورىدىم.

ـ قانداق قىلاتتىڭىز مەندىن سورايسىز .تىلىپۇن قىلىسىڭىزمۇ ،ئىشخانامغا بارسىڭىزمۇ بولىدۇ،بۇ ئىشلاردا مەن سىز ئۇچۇن خالىس چاكار .

ـ ئۇنداقتا بەكمۇ ئاۋارە قىلىۋېتىدىكەنمەندە.

ـ هېچقىسى يوق ئەجرىنى ئاللاه بىرىدۇ .ئاللاهقا ئامانەت،

ـ ئاللاهقا ئامانەت، ـ ئۇ مەندىن ئايرىلىپ توت ـ بەش قەدەمچە مېڭىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ـ

ـ ئۇنتۇغلى تاس قەپتىمەن .ئەتە دەم ئالىمەن ،ئويدە بولىمەن ،ئىزلەشكە رۇخسەت يوق

،تېلېپۇن قىلسىڭىز بولىدۇ.

ـ خوپ باشلىق، ـ تاتلىق بىر كۈلۈمسىرەش ئىچىدە مەندىن يىراقلاپ كىتىۋاتقان ،شۇ گەۋدە قەلبىپ قەسرىمگە تاجاۋۇز قىلماقتا ئىدى.

ئويگە كېلىپ دادامدىن ناماز ئوقۇشنى ئوگۈتۈپ قويې دەپ سورىسام، ـ

ـ نىمە بولدۇڭ هوي شاكىرجان ،قىززىپ قېلىۋاتامايدىغانسەن ، ـ دەپ پىشانەمنى تۇتۇپ قويدى ۋە، ـ

ـ راس دەۋاتامسەن ،ئوغلۇم ئەمدى چوڭ بولۇپسەندە،بولىدۇ ئىشنى ئالدى بىلەن تاهارەت ئېلىشتىن باشلايلى،كىتىپ قالغان بولسام "ئاللاھ"قا قانداق جاۋاپ بىرەتتىمكەن .مەنمۇ پەرىزنى ئادا قىلاي، ـ دەپ سۇخانىغا باشلىدى.

25، 24، 23 ـ كۈنلىرى

بۇ ئۈچ كۈننى يېڭىچە بىلىملەر بىلەن تونۇشۇش،شەمسىيەگە تېلېپۇن قىلىش بىلەن ئوتكۈزدۈم.تىلىپۇننى شۇنچە كوپ ئالدىمكى ـ ئادەتتە بىر ئايدىمۇ بۇنچىلىك كوپ تىلىپۇنلاشمىسام كىرەك.شۇنداق قىلىشىم كىرەك ئىدى .چۈنكى ئۇ مىنىڭ ئوزگۈرىشىمنى ئوزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئالدىغا قويىۋاتقاندا ـ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئوزۇمگە كوندۈرىشىم ،مىنىڭ تولا تېلېپۇنلىرىمنى سىغىنىدىغان قىلىشىم ،ھەتتاكى مەن ئىزلىمىسەممۇ مىنى ئىزلەپ تىلىپۇن قىلدۇرىشىم كىرەك.شۇندىلام مەخسەتكە يىتىش ئۈچۈن يول چىقاتتى.پاراڭلىرىمدا ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن دىگەن بانا بولسىمۇ ئۇنىڭغا سەزدۈرمەستىن قىززىق پاراڭ،چاخچاقلارنى قىلىپ ئۈلگۈرەتتىم،ئۇنى كۈلدۈرەتتىم،ھەيران قالدۇراتتىم .ھەر بىر سوز ـ قىلىقلىرىم ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلەپ تارىنى چىكەتتىم.

كۈتكەن ۋاقلىرىمۇ كەلگەندەك قىلاتتى .بىز كورۇشمەي تىلىپۇنلىشىۋاتقىلى ئۈچ كۈن بولغاندا ،ئۇنىڭغا ئىككى سائەت تىلىپۇن قىلمايۋېدىم ئوزى تىلىپۇن ئۇرۇپ قالدى.

- شاكىر پىشىم ناماز ئوقۇدىڭىزمۇ ؟

- ئوقۇدۇم ،سىزنىڭ تەلىمىڭىز تۈرسا ،قۇلىڭىزنىڭ بىجا كەلتۈرمەسلىككە ھەددىمۇ ؟

- بىز ھەممىمىز "ئاللاھ"نىڭ قۇللىرىمىز ،مەن ئۈچۈن ئەمەس ئۇلۇغ تەڭرىگە ئاتاڭ نامازنى.

- چاخچاق قىلدىم .بۇنچىلىكنى چۈشىنمەن،ئەمدى شۇ سىزگە بولغان ..........، - قەستەن سوزۇمنىڭ ئاخىرىنى دىمەي ئۇنى چىكىپ باقتىم،ئارىدا بىر ئاز جىمجىتلىق ھوكۇم سۈردى .سۇكۇتنى ئۇ بۇزدى.

- گەپلىرىڭىزنىڭ داۋامى چىقمايدىغۇ ؟

- ئوقۇغۇچىنىڭ ئۇستازغا نىمە سوزى باتتى دەيسىز ،بوي سونىمەن شۇ.

- يەنە بىر گەپ كەچتە ۋاختىڭىز بولسا كورىشەيلىمىكى دىگەن، -

ھىچ ئىشىم بولمىسىمۇ قەستەنگە ئويلىنىپ سوزلەۋاتقاننى دوراپ بىر ئاز ساقلىتىپ جاۋاپ بەردىم.

- ئەپسۇس ،كەچتە ئويدىكىلەر بىلەن بىر يەرگە بېرىشنى كېلىشىپ قويۇپتىكەنمىز،ئەتە بولسا قانداق دەيسىز.

- ئەتە دەم ئالاتتىم شۇ.

- ياخشىكەنغۇ ،مەنمۇ دەم ئالىمەن. سىزدىن كوپرەك تەلىم ئالالىغۇدەكمەن.

- قەنى قاراپ باقايلى ئۇنداقتا ئەتە ۋاقىت چىقىرالىسام تېلىپۇن قىلىمەن.

- تېلىپۇنىڭىزنى ساقلاپ كوزۇم تېلىپ كەتمىسۇن ئەمىسە.

- بولىدۇ 'ئاللاھ"قا ئامانەت.

- "ئاللاھ"قا ئامانەت ياخشى چۈش كورۇڭ.

*   *   *   *   *

ۋاقىت قىستاپ قېلىۋاتاتتى.ئىككى ئولۇمتۈك ئالدىدا ئوزۇمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى

كورسۇتۇپ قويمىسام بولمايتتى، بولمىسا ئۇلارغا تېخمۇ بولۇپ بىرەتتى. ئائىلە شارائىتىدىكى ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ ئوغۇللارنى تېخمۇ كوزگە ئىلماس بولۇۋېلىپ، پۇل، ھوقۇق، ئابروي ۋەياكى باشقا بىر تامالاردا ئوز غۇرورىنى يوقاتقان بەزىبىر ياشلىرىمىزغا قىلغانلىرىنى باشقىلارغىمۇ تېگىپ ئوزنى كورستىشكە تېخمۇ پۇرسەت چىقىرىپ بىرەتتىم.

جىنتەكلەرنى چىكىپ بېقىش ئۇچۇن تىلىپۇن ئۇردۇم.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئايگۇل. تىچلىقتۇ ؟

ـ ۋاھ يېگىلىققۇ يېگىچە سالاملىششنى ئوگۇنىۋەپسىدە.

ـ بولماپتىمۇ، سىلەر ئوگۇتىۋاتامسىلەر، سىلەرنى يېگىش ئۇچۇن ھەممىنى ئۇگەنمىسەم بولمايدىكەن.

ـ ئۇنداقتا ئوبدان ئوگۇنىڭ، كېيىنىشنىمۇ ئوگۇنۇپ روپاشلام بولىۋېلىڭ بولمىسا. ھى ھى ھى. . . . . . . . . . . . ، ـ قىلىقسىز كولۇش

ـ بولدى قىلە، ھەق گەپكە كىلەيلى، مەن ئۇتۇش دىگەنگە پەقەتلام كوزۇم ئىلمىدى، بۇنداق قىلىقسىز چاخچاقلارنى قويۇپ بولدى قىلساق، سىلەرگە بۇنىڭ ئۇچۇن چاي قۇيسام بولمامدۇ ؟

ـ بولىدۇ بىراق چايغا بىز خالىغان دوسلارنى چاقىرىمىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىز دىگەندەك قىلالىسىگىز بولىدۇ.

ـ مەسلەن نىمە قىلىمەن ؟

ـ توختامدىكى پۇلنىڭ گېپى توگىسۇن ئەمما باشقا شەرتلەرنى ئورۇنلايسىز.

ـ باشقا نىمە شەرتلەر باتتى يەنە، ئادەمنى ئەخمەق قىلىلىۋاتمايدىغانسىلە.

ـ ئوبدان كورۇپ قول قويۇڭ دىسەك نوچىلىغىگىز تۇتۇپ كېتىۋاتامتى. چىداڭ ئەمدى، ئالدىمدا باش ئېگىشگىزغىمۇ بەش كۇنلام قالدى، ئاگقىچە مەتۇلاردىن ئىش ئوگۇنىمەن دىمەي، قانداق قىلسام بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۇزۇمنى توكىۋالمايدىغاندىمەن دىگەننى ئويلاڭ.

ـ توختامدا يەنە نىمە گەپلەر بار كورۈپ باقاي، بىر نوسخىسىنى يەتكۈزۈپ بىرىڭ ؟

ـ ھى ھى ھى ... ئۆزىڭىز بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ كەتكەنغۇ ،شۇنى كورۈڭ . بىزدىمۇ ئۆزىمىزنىڭ تىگىشى بار.كەچۈرۈڭ ئارتۇق يوقكەن دەپ قويارسىز .خوش ئەمسە.

ـ تولا جىلە قىلماي............،ـ تېلىپۇنىمدىن تىت تىت قىلغان قويۇۋېتىلگەنلىك سىگنالى ئاڭلانماقتا ئىدى.ئىش ئالدىمدا ئوخشايدۇ ،ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرگەن مەنمۇ ئىككى جىننىڭ قىلتىقىغا چۈشكەن ئوخشايمەن...

26 ـ كۈنى

ئايگۈلنىڭ توختام توغرىلىق دىگەن گەپلىرى مېڭەمنى قوچۇپ تۇزۇكمۇ ئۇخلىيالمىدىم.شەمسىيە بىلەن كورۈششىنىڭ تەييارلىقلىرىنى پۇتتۇرىۋالمىسام بولمايتتى ،ئامالسىز ئورنۇمدىن تورۇپ،كۇتۇپخانامنى ياخشى يىغىشتۇرىۋېلىپ ،ئۇنىڭ تېلىپۇنىنى ساقلاشقا باشلىدىم.سائەت توققۇزلار بىلەن ئۇنىڭدىن تىلىپۇن كەلدى،تىچلىق ـ ئامانلىق سورۇشۇپ بولغاندىن كېيىن،ئۇ مەندىن قەيەردە كورۇشۇشنى سورىدى.مەن، ـ

ـ بىزنىڭ ئويگىلام كىلىڭ ،ئاپاملار بىلەن سىزنى ساقلايمىز، ـ دىدىم

ـ تۇۋۇە دەڭە شاكىر ،مەن سىزنىڭ ئويىڭىزدە يۈرسەم قاملىشامدۇ ؟

ـ قاملاشمايدىغان نىمىسى بار.تارتىنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ،ئويدە ئاپاملا بار،ئۇنىڭغا بىر قىز ساۋاغدىشىم كىلىدۇ دىدىم .باشقىچە ئويلاردا بولماڭ.

ـ شۇنداقتىمۇ بىر مۇسۇلمان قىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئويىگە خالىغانچە بېرىشى توغرا بولمايدۇ، ـ مەن ئۇنى ئويىمىزگە ئەكىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پىلاننى سوقۇپ قويغان ئىدىم.

ـ قاراڭ شەمسىيە ،نەچچە كۈندىن بىرى ناماز ئوقۇۋاتىمەن ،بىراق بەرى كىتاپتىن ئوگەنگەنلىرىم دەڭە ،باشقا بىرىدىن سوراپ دىسەم ئاۋۇي قىلىدىكەنمەن .ئانام ،دادامالارمۇ شۇ

قارا تۈرلۈك ئادەملەر ،ھوكۇمەتتە ھوقۇق تۇتقاچقا بۇنداق ئىشلاردا ناقىسكەن ،سىز باشتىلا ياردەم قىلغان بولغاندىكىن ئۆيۈمگە كېلىپ ئوقۇغان نامىزىمغا بىر باھا بىرىپ ،خاتا كەتكەن يەرلىرى بولسا تۈزۈتۈپ بەرمەمسىز، ـ ئۇنى يامان يەردىن بوغدۇم.

ـ بولىدۇ ئەمسە،قايسى كۈنى ئىلمىلىك قارىلاردىن تونۇشىڭىز بولسا شۇلار بىلەن بىرگە ئوقۇپ بېقىڭ ،تىزلام ئوگۇنۇپ كىتىسىز دىسەم،خىجىل بولمەن دىگىنىڭىز ئىسمىدە ئويىڭىز قەيەردە مەن باراي.

ـ ۋاي سىزنى ئاۋارە قىلامىدىمەن سىز نەدىلىكىڭىزنى ئەيتىڭ قېشىڭىزغا ھازىرلا ئونۇپ بولىمەن.

ئۇنىڭ ئەيتىپ بەرگەن يېرىگە تاكسى بىلەن چاپتىم ۋە شۇ تاكسى بىلەن ئويگە يىتىپ كەلدۇق،ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۇنى كۇتۇپخانىغا باشلىدىم.

شەمسىيە كۇتۇپخانىنى كورۇپ تۇرۇپلا قالدى،

ـ شاكىر مەن بىرە كىتاپخانىغا كىلىپ قالمىغاندىمەن ،مۇشۇ كىتاپلارنىڭ بەرى سىزنىڭمۇ ؟

ـ ياقەي دادامنىڭ ،مەن بولسام تەييارنى ئوقۇيدىغان ئوقۇرمەن خالاس.

ـ دادىڭىز ھەقىقەتەن بىلىمخۇمار ئادەمكەن .

ـ توغرا دەيسىز دادام بىر كىتاپپۇرۇش ،تاماق يىمىسە يىمەيدىكى كىتاپتىن ۋاز كىچەلمەيدۇ.

ـ ئۇ نىمە خىزمەت قىلىدۇ.

ـ ھازىرچە مەخپىي كىيىنچە بىلىپ قالىسىز، ـ ئۇ باشقىچە سۇئال سورىمىدى،كىتاپ جازىسىغا رەتلىك تىزىلغان كىتاپلاردىن ئوزى خالىغىنىنى ئېلىپ ۋاراقلاپ كورۇپ بېقىشقا باشلىدى.

ـ ۋاي سادىدا بالام ،ساۋاغدىشىم دىسەڭ ئانچىمۇ سەڭەكمەپتىمەن،مانا قارا پەرىدىن بىرنى باشلاپ كەپسەن ئەمەسمۇ، ـ ئانامنىڭ مېنى ئويلەنسەڭ بولاتتى دەپ گېپىگە كىرگۈزەلمەي يۇرگىنىدە ،مېنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىز باشلاپ ئويگە كىلىشىم ئۇنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ قويغان ئىدى،شەمسىيە تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن ئانام ۋە ئانامنىڭ ئېغىزىدىن چىققان

سوزلەرگە قاراپ قولىدىكى كىتاپنىمۇ نەرگە قويۇشنى بىلەلمەي بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

ـ ۋاي خىجىلچان قىزىم خىجىل بولماڭ ،شاكىرجان بالامنىڭ كۈتۈپخانىغا تۇنجى مېھمان باشلىشى بولغاچقا كىمدۇر دىگەن ئىدىم ،ئەسلى بىر پەرىشتەكەنسىز ئەمەسمۇ ، ـ ئانام ئۇدۇللام شەمسىيەنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ پىشانىسىگە سويدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىكى كىتاپنى ئېلىپ كىتاپ جازىسىغا قويدى.شۇنداقلام شەمسىيەنىڭ ئىككى دۈلىسىدىن ئاۋايلاپ تۇتۇپ ئۇنىڭغا باشتىن ئاياق تەپسىلى قارىۋاتقاندىن كېيىن ، ـ

ـ جاھاندا سىزدەك پاكىزە ،رەتلىك ،دىنىمىزنىڭ ئولچىمىقى بويىچە كىيىنسە كوزنى چاقناتقۇدەك قىزلىرىمىزمۇ باركەنغۇ ،قايسى ئائىلىدە چوڭ بولغانسەن قىزىم ،سىنىڭدەك كىلىنىم بولسا ئاسماندا ئۇچمەنغۇ زادى ، ـ ئۇنىڭ گەپلىرى توگىمەستە گېپىنىڭ بېلىگە تەپتىم ، ـ

ـ ئانا بولدى قىلە ،مېھماننى خىجىل قىلماي ،تاماققا تەييارلىق قىلساڭ بولمامدۇ ،بولدى چىقىپ تۇرە ، ـ ئۇنى ئىتتىرىپ كۇتۈپخانىدىن قوغلۇدۇم ، ـ

ـ نىمانداق ئىتتىرىسەن ،قوغلىما بولدى ،قىز دوستۇڭدىن قىزغىنىدىغانىغا مەن يا بىر ئەركەك بولمىسام ،كەلگۈسىدىكى كېلىنىمنى كوپرەك كورگىلى قوي ، ـ مەن ئۇنى مەجبۇرى ئويىدىن چىقىرىۋەتتىم ،ئۇنىڭ ئالا ـ جوقا گەپلىرى ئوي سىرتىدىنمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ـ كەچۈرۈڭ شەمسىيە ،ئانام بۇرۇن بۇنداق ئەمەستى ،بىزنى بۇنداق خاتا چۈشۈنۈپ قالا دىمەپتىمەن.

ـ ھېچقىسى يوق ،مەن چېغىمدىمۇ بالام بولسا يەنى مۇشۇنداق ئىشقا يولۇقسام خاتا چۈشەنگەن بولاتتىم.

نىمىشقىمۇ ئانامغا بۇ ئىشتىن ئازراق بولسىمۇ خەبەر بېرىۋاتمىغان بولاتتىم،ئۇنىڭ بۇ قىلىغى پىلانلىرىمنى بۇزۇپ قويمىسا بولاتتىغۇ.چاي كوتۈرۈپ كىرگەن ئانامنى بوسۇغىدىنلام ئۇزاتتىم ،چاي قۇيغاچ سورىدىم.

ـ مۇھاببەت ھىكايىللىرىنىمۇ ئوقۇمسىز ؟

ـ قەنى ئىككىرەكەت نەپلە ناماز ئوقۇپ بېقىڭ،كورۈپ باقاي،ئاياللار قاراپ تۇرسا ناماز پاكىزە بولمىسىمۇ ،ئامال بولمىغاندىن كىيىن "ئاللاھ"كەچۈرە،تاھارەت ئېلىۋالامسىز.

ـ بولىدۇ ، ـ مەن ئۇنىڭ گەپ قاچۇرىشىدىن ئاچچىغى كەلگەنلىگىنى ياكى بۇ تىمىغا جاۋاپ بەرگۈسى يوقلىغىنى بىلەلمىدىم،سىرتقا تاھارەت ئېلىشنى باھانە قىلىپ ئانام قېشىغا چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىرىمىغا بۇزغۇنچى بولمىغىن ،ئۇ مىنىڭ قىز دوستۇم ئەمەس ،قوغلىشىۋاتقىنىم ،ئامال بار كۇتۇپخانىغا كىرمە دەپ جاكىلاپ قويۇپ،كۇتۇپخانا پەردە يۇچۇغىدىن شەمسىيەگە قارىدىم.ئۇ بولسا كىتاپتىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغانلاردىن بولغاچقا باياتىنقى كوڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇتتىمۇ ياكى كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇراي دىدىمۇ كىتاپ جاھازىسى ئالدىدا كىتاپ كورىۋېتىپتۇ، كوڭلۇم تىندى.

تاھارەتنى ئالدىرماي ئېلىپ ،ئۇنىڭ كوپرەك كىتاپ كورىۋېلىشى ئۇچۇن سىرتتا ساقلىۋېتىپ قايتىپ كىردىم ،ئۇ بولسا كىتاپ مېھرىدە مىنىڭ سىرتتا ئۇزۇن تۇرغىنىمنى پەقەتلام بىلمەتتى.

نامازنى سالماق ،قائىدىلىك ،توختۇلۇپ ئوقۇدۇم،نىمىشقىكى نامازنى ئۇنى قوغلىشىپ يۇرۇپ قىززىقچىلىقتا باشلىغان بولسامۇ ،ئىچ ـ ئىچىمدىن ئوقۇغۇم كىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم.

ـ ناھايىتى ياخشى ئوگۇنۇپسىز ،قىلچىمۇ خاتالىق يوق ،ئوقۇغان سۇرى ـ ئايەتلەرنى توغرا قىرائەت قىلالىسىڭىزلام بولىدىكەن، ـ ئۇنىڭغا يىڭىدىن ئۇگەنگەن بىر قانچە سورىنى ئوقۇپ بەردىم ۋە خاتالىق يوقكەن دىگەن مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە ئىرىشتىم.

ـ ئەمىسە مەن قايتاي،

ـ نىمگە ئالدىرايسىز تاماق يەپ قايتىڭ،

ـ بولدى رەخمەت ،ئاپىڭىزنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ قالىدىكەنمەن .

ـ ئۇنىڭغا دەپ قويدۇم ،بىزنى ئاۋارە قىلمايدۇ ۋە مىنىڭ رۇخسىتىمسىز بۇ ئويگە كىرمەيدۇ.

ـ ئاپئىز كىرمىسلام تۈرسام بولامدۇ ؟ئىككىمىزنىڭ يالغۇز مۇشۇ ئويدە بىرگە پاراڭلىشىپ تورىشىمىزنىڭ ئۆزىلام گۇنا ،تېخى ئاپئىزلار نىمە دەپ قارايدۇ،كىينىنشىگە قارىسا ھاجى خېنىم ،قىلىقىغا قارىسام.............دىگەندەك ئويلاپ يۈرمىسۇن دەيمنا .

ـ ۋاي ئۇنداق دىمەڭ ،ئانامنىڭ سىزنى كورۇپ بولغان خوشلىغىنى كورمەيۋاتامسىز،ئۇنىڭغا قويۇپ بەرسە سىزنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە كىلىن قىلىۋالغۇسى بار، ـ يەر  تىگىدىن ئۇنىڭغا بېقىپ ئىنكاسىنى كوزەتتىم،ئۇ بىر قىزىرىپ بولۇپ سومكىسىنى قولىغا ئالدى، ـ

ـ "ئاللاھ"قا ئامانەت مەن ماڭاي.

ـ ئويىمىزدە قورۇنۇپ قالغان بولسىڭىز مەن سىز بىلەن چىقاي،سىرتتا تاماقلىنايلى.

ـ سىز ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ،ئويدىنلام تاماقلانسام بولىدۇ.

ـ مېنى توسماڭ سىز بىلەن بىرگە تاماقلانغىنىم تاماقلانغان،ئۆزىڭىز  ياقتۇرغان كىتاپلاردىن ئېلىۋالامسىز ،زىرىككەندە كورەرسىز.

ـ "سىم ـ سىم يامغۇردىكى چوڭقۇر مۇھەببەت"دىگەن پىلىمنىڭ كىتاۋىنى بار دەپ ئاڭلىغانتىم ،سىلەردە بارمىدۇ ؟، ـ ئۇنىڭ ئۈچۈن تاللىغان مۇھاببەتلىك كىتاپلارنىڭ پايدىسى تىگىدىغان بولدى.

ـ بار ـ بار تەيۋەنلىك يازغۇچى چۈنياۋنىڭ "ئاق يېغىن "دىگەن رومانىغۇ،ئەتتىگەن تاللاپ قويغان يىرىمدىن ئاسانلام تېپىپ بەردىم ۋە تۈركىيىلىك كەرىمە نادىرنىڭ"ئۇيقىسىز كىچىلەر "دىگەن ئەسىرىنىمۇ بىرگە سونۇپ ، ـ بۇنىمۇ كورۇپ بېقىڭ،بەك ياخشى يېزىلغان تۈركىيىنىڭ "چالا قۇش"رومانى بىلەن تەڭ  كورىمەن بۇنى ، ـ دەپ قوشۇپ قويدۇم.

ئويدىن قايتاشىمىزدا ئانامغا  خوش دىيىش بەكمۇ ئېغىر كەلدى،شۇنداقتىمۇ شەمسىيە ئەخلاقلىك قىز بولغىنى ئۈچۈن ،ئانام بىلەن چىرايلىقچە خوشلاشتى،ئانام بولسا ئۆزى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەتىۋارلىق ياغلىقلىرىدىن  شەمسىيەنىڭ ئونىمىغىنىغا قارىماي يۈز كورىشش سوغىسى دەپ سومكىسىغا سېلىپ قويۇپ مېنى خوش ئەتتى.

ئادەتتىكىچە پاراڭلار بىلەن غىزالىنىپ شەمسىيەنىڭ ئېلىپ ماڭغان كىتاپلارنى تىزراق كورىۋېلىشىغا ۋاقىت چىقىرىش ئۈچۈن ،تىزلام خوشلاشتىم.ئۈنى كاشال قىلغىنىم ئوزۇم ئۈچۈن پايدىسىز ،ياشلىق دەۋرگە قەدەم قويغان ھەر قانداق بىر قىز بۇ كىتاپلارنىڭ بېشىنى ئوقۇدىمۇ ،توگەتمىگىچە بولدى قىلمايتتى.مەن بولسام ئۈنىڭ كىتاپ كورۈپ شەيتىنىنىڭ كۆچۈيىشىنى كۆتۈمەن خالاس.ئوگۈنلۈككە ئەتتىگەنگىچە تىلىپۇنۇم ئىتىك.

27 ـ كۈنى

ئانامنىڭ تولا كوتۈلداشلىرىدىن بېشىم ساراڭ بولاي دىدى ،"ئۇ كىم ،قەيەردە ئىشلەيدۇ ،نىمىدىگەن ساددا ،چىرايلىقلىغىچۇ تېخى،ئويگە يەنە قاچان ئەكىلىسەن،توي توغرىلىق پاراڭلاشتىڭلارمۇ ؟"،دىگەندەك سۇئاللار بىلەن بېشىمنى يەپلاپ كەتتى،ئاخىرى چىدىماي ئوينى تاشلاپلام چىقتىم. بۈگۈن يەكشەمبە بولغاچلا يوللاردىمۇ ئادەملەر مىغ ـ مىغ ،تىنىچ تۈرۈپ خىيال قىلغۇدەك جىمجىتلىق ئىزلەيمەن ،تاپالمىدىم ،بولماي يالغۇز يۈرۈپ كوچا ئارىلاشقا چۈشتۇم ،خىيال بىلەن ماڭغاچقا كىملەرنىڭ ئۈچرىشى ،تونىشلارنىڭ سالىمىمۇ ئىلىك ئېلىنماي كېتىۋەردىم .مېڭىۋاتىمەن ،مېڭىۋاتىمەن،بۇ كوچىلار توگەيدىغاندەك ئەمەس،بىر چاغدا يامغۇر چۈشۇشكە باشلىدى.شۇندىلام ھوشۇمنى تاپقاندەك ئەتراپىمغا سەپ ـ سالدىم.شەمسىيەنىڭ ئويگە قايرىلىدىغان كوچا ئېغزىدا تۇرىمەن ،ئەسلىدە كوچا ئاررىلىماي مۇشۇ ئەتراپتىلام چورگىلەپ يۈرگەن بولسام كىرەك ،قىلىقلىرىمدىن ئازراق خىجىل بولدۇم .يامغۇر تامچىلىرى يۈزۈمگە تامچىلىماقتا ،يۈرىگۇم يامغۇر سۈيىدە ئازراق تەسكىن تاپتى بولغاي ئەتىكى ئىشلىرىم ئۈستىدە ئويلىنىشقا تۇتۇش قىلدىم.خىياللىرىمنى يىغدىم.

يۈرىگىمنىڭ بىر يەرلىرى شەمسىيەگە خىيانەت قىلما ،مەڭگەۋۈلۈك داغدا قالىسەن دىمەكتە ،يەنە بىر يەرلىرى بولسا ـ سەن دىگەن ئوغۇل بالا ،تىكىشتىڭمۇ ئۈتماي بولدى قىلما،بولمىسا كەلگۈسدە يۈزىڭنى قانداق كوتۈرۈپ يۈرىسەن،پۈلغۇ چاغلىق ئىش ،ئەمما ئۈلارنىڭ

دىگىنىدەك توختامدا يەنە نىمە مەزمۇن بار ،ئۇتتاردىڭمۇ توگەشكىنىڭ شۇ ،سىنىڭ ئۇچۇن ئۇتۇش  باركى ئۇتتۇرۇشنى خىيال قىلما  دەپ مىنى نوچىلىققا ئۇندىمەكتە ،خىياللىرىم ـ توختام ئۇستىگە كەلگەندە نىمە ئۇچۇندۇر يۈرىگىم ئېغىپ سىلىپ كىتەتتى .ئوزۇمگە ـ ئوزۇم نەپرەتلىنەتتىم ،مەنمۇ ئەر كىشى ھە ،قاراپ تۇرۇپ ئاچچىغىنىڭ كەينىگە كىرىپ ،بىر توختامغىمۇ قاراپ قويماي ئىمزا قويغان بارمۇ ؟مۇشۇ توختام ئارقىلىق سەن قانچىلىك جاپا چىكىسەن بۇ ماڭا قاراڭغۇ ،يۈرىگۇم يەنە سىلىپ كەتتى.

پۈتۈن بەدىنىم چىپ ـ چىپ ھول ئويگە قايتتىم.ئانامنىڭ ھەيرانلىقلىرى ،دادامنىڭ بۇياققا كەل دىيىشىدىغان پارىڭىمىز بار دەپ چاقىرىشلىرىغىمۇ قولاق سالماي،ياتاق ئويۇمگە كىرىۋالدىم ۋە ئىشكنى ئىچىدىن تاقاپ ھول كييملىرىم بىلەنلام كارۋاتقا ئوزۇمنى تاشلىدىم ،ئانام ،دادامالارنىڭ ئىشىك چىكىشلىرىدىن بىزار بولۇپ ۋاقىرىدىم، ـ

ـ ئادەمنى بۇنچە بىزار قىلماي ،مىنى بىر ئاز يالغۇز قويۇڭلار ......

ئۇلارمۇ جىمدى،ئەمما مىنىڭ ئوز كونترولىغنى يوقاتقان بۇ قەلبىم ئېچىشماقتا ،باياتىن يامغۇر سۈيى ئاققان يۈزلىرىمدە ياش تامچىلىرى ئاقماقتا .پۈتۈن بەدىنىم چوغ بولۇپ يانماقتا،ماڭا نىمە بولدى ،زادى نىمە بولماقتا ،نىمە بولغانلىغىنى بىلىپ تۇرساممۇ  ئۇنى خىيال قىلىشتىن ،ئىتىراپ قىلىشتىن ،نىمىشقا ئوزۇمنى قاچۇرىمەن...............كىيىن كوڭلۇم يورىغاندەك بولۇپ ،كىيىم ئالماشتۇرۇپ سۇخانىغا چىقتىم ۋە تاھارەت ئېلىپ ، ئىشلىرىمنى ھەق ئىگىسگە تاپشۇرۇش ئۇچۇن جەينىمازدا ئولتۇردۇم...

28 ـ كۇنى

ئېغىر زوكام ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم .ناماز تامامالاپ بولۇپ ئازراق ناشتا

قىلىۋالدىم.كۈتۈپخانا ئۆيگە كىرىپ كىتاپ كورمەك بولسامۇ ،پەقەت رايىم بارمىدى.كاللامدا پەقەت بىر خىيال ـ قانداق قىلىش كىرەك،ۋاز كىچەيمۇ ياكى ئاخرغىچە ئېلىشىش كىرەكمۇ ؟شەمسىيەگە نىمە ئۈچۈن شۇنچە كوڭۈل بولۈپ كىتىمەن،نەچچە يىلنىڭ بۇياقى شۇنچە كوپ قىزلار يىغلاپ ـقاخشاپ ئۆلىمەن دەپ قورقاق سالغاندىمۇ خىيالىمغا ئالمىغان مەن ـ ئۆزۈمگە قانداق قارايدىغىننى بىلمەيدىغان بىر قىز ئالدىدا نىمە ھالغا كىلىپ قالدىم .خىيال،خىيال....بەزىدە تاتلىق ،بەزىدە ئاچچىق،ئادەمنى نەرلەرگە باشلارسەن.......

ئۆيدىكىلەرنىڭ تاپىلىشى بويىچە ئىدارىغا كورۈنۈۋېتىپ ، ـكىسەل كورستىمەن دىدىمدە ، ـدوختۇرغا يول ئالدىم.ئەپسۇس مېنىڭ كىسىلىمنى تىز كورۈش كورمەيدىكەن .قىززىتما ئامبۇلاتۇرىدە ئۆكۆل ئۇردۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.بىراق تىلىلىفۇنۇم تونۇش ئاۋازدا سايراپ قالدى،يۈرۈگۈم تاتلىق سوقۇپ تىلىفۇننى كوتۈردۈم،ئۇنىڭ تاتلىق ئاۋازى قۇلاق توۋىمدە ئاڭلاندى ،قىسقىچە سالام ـ سائەت قىلىشتۇق،ئۇ سورىدى ـ

ـ نەدە سىز ،ئادەمنى ئەنسىرتىپ نىمە بولدى سىزگە ؟

ـ مەن قېشىڭىزدا يەنى قىززىتما ئامبۇلاتۇرىدا ئۆكۆل ئۇردۇرىۋېتىمەن.

تېلىپۇن ئۈزۈلدى ،ھايال ئوتمەي ئۇ قېشىمدا پەيدا بولدى،نىمە ئۈچۈنكىن ئۇنىڭ چىرايىمۇ سۇلغۇن ،ئىلگىركىدىن قارىداپ،ئۇرۇقلاپ قالغاندەك بىلىندى.ئادەمنى ئىككى كۈن كورمىسىمۇ شۇنداق تىز ئوزگۇرۇش بولامدىغاندۇ ؟

ـ نىمە بولدىڭىز ؟نەرىڭىز ئاغرىيدۇ ؟تونىگۈچ كەچ نىمە بولغانتى؟، ـ

ئۇنىڭ سۇئاللىرىغا جاۋاپ بەرمەي يەنە ئازراق چىدىسام‍لا ئۇ يىغلاپ سالىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى،ئۇ نىمشقا تونىگۈنكى ئىشمنى سورايدىغاندۇ ،مېنى كوردىمۇ يە ؟

ـ مېنى تونىگۈن كوردىڭىزمۇ ؟، ـ سۇئالغا سۇئال بىلەن ياندۇرۇپ سورىدىم مەن.

ـ كوردىڭىزمۇ ؟مەن سىزنى ئەمەس بىر ساراڭنى كوردۇم،باشقىلار چاقىرسىمۇ ،ۋاقىرسىمۇ

پىسەنت قىلماي يامغۇرغا چىلىشىپ يۈرگەن تەلۋە قارامنى ،ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەزىز تېنىنى ئاۋايلىماي يۈرگەن ئالا ـ جوقا بىرىنى كوردۇم ، ـ ئۇ سوزدىن توختىدى ،مېنى كورگەنلىكى ئىنىق ئىدى.ئۇنىڭ مېنى ئاشۇ هالىتىمدە كورىشى مەن ئۇچۇن ئۇنىڭغا گەپ تاشلىشىمنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى.ئەمما مەن ئۇنداق قىلمىدىم.

ـ قەيەردە كورگەنتىڭىز،شۇنچىلىك ۋەيرانىمەنمۇ ؟

ـ بىزنىڭ ئويگە قارىلىدىغان دوقىدا ، ـ ئۇ پەسكويىغا چۇشكەن ئىدى.

ـ كورۇشمەپسىزغۇ ؟

ـ كورىشۇش ،سىزنى سوقىۋاتسامىمۇ قارىماي،چاقىرغىنىمنى ئاڭلىماي يۈرسىڭىز،دورا يەۋالغان بولمۇغۇيدىڭىز ؟

ـ توۋۋە دەڭە ،بىر ئىش كاللامغا كىرىۋېلىپ شۇنداق بولۇپ قالغان ئوخشايمەن .

ـ نىمە ئىشتى ئۇ يامغۇردىمۇ هۆشىنى تاپالمايدىغان قىپ قويغان.

ـ بولدى سورىماڭ،كېيىنچە دەپ بىرەي.

ـ شەخسىيتىڭىزگە تاقىشىدىكەندە.قايسى قىز تاشلىۋەتتى ،ئايگۇل ئەمەستۇ.

ـ ئايگۇل ،قايسى ئايگۇلنى دەيسىز، ـ جاۋاپ بەرگۇچە يۈزۈم قىزىرىپ كەتكىنىنى تۇيدۇم.

ـ قايسى ئايگۇل بولاتتى،قايسى كۇنى "كوكلەمدە"سىزنى قولتۇقلىۋالغان،ئىككى قىزنىڭ بىرىچۇ ؟، ـ يۈزۈم تېخىمۇ قىزاردى.

ـ سىزمۇ شۇ ئاشخانىدا بارمىددىڭىز؟

ـ بىلمەسكە سالمىسىڭىزچۇ شاكىر ،هەقاچان ئۇلار مېنى سىزگە كورسۇتۇش ئۇچۇن ،كەلگەنتىڭلار بولا ئاشخانىغا ؟

بوغۇزۇمغا بىر نىمە كەپلىشىۋالغاندەك گەپ قىلالماي قالدىم.

ـ مەن ،مەن هىچ چۈشۈنەلمەيمەنغۇ گېپىڭىزنى ،ئايگۇلنى سىزمۇ تونۇمسىز؟

ـ تونۇشلام ئەمەس ،ئۇ دىگەن مېنىڭ قىيامەتلىك دوستۇم، شاكىر، ـ ئۇنىڭ "قىيامەتلىك

دوستۇم"دىگەن سوزلىرى بىلەكچە ئۇرغۇلۇق چىقىپ مىنى ئويغا سىلىپ قويدى.

ـ مەن پەقەت دىققەت قىلماپتىمەن،سىزنى كورگۈنۈمنى ئەسلىيەلمەيمەنغۇ زادى، ـ يۈزۈمنى قىزارتماي يالغاننى توقۇدۇم.

ـ يالغان سوزلىگەندە پەقەتلام چاندۇرمايدىكەنسىز هە ؟ساۋاقدىشىڭىز مۇراتنىڭ قىشىدا بىرگە تاماق يىگەن قىز مەن بولىمەن،ئەمدىغۇ تونىغانسىز ؟.

ـ هە راس مۇرات بىر قىز بىلەن تاماق يەۋاتقان ئىكەن ،خىجىل قىلىپ قويماي دەپ كورۈشمىگەن ئىدىم .شۇ قىز سىزكەنسىزدە،راسلام دىققەت قىلماپتىمەن، مۇرات بىلەن ئىككىڭىزنىڭ ساۋاقداشلىقىنى قانداق بىلىسىز، ـ ئۇنىڭدىن هەيران بولاۋاتاتتىم.

ـ مۇشۇ بىر ئىغىز سوزىڭىز بىلەن هەممە نىقاۋىڭىزنى ياپىمەن دەمسىز،شۇنداق مەن سىزنى تونۇيمەن ،تونۇشلام ئەمەس سىز بىلەن بىر سىنىپتىمۇ ئوقۇغانمەن شاكىر.

ئۇنىڭ هەر بىر ئىغىز سوزىدە ئىسمىمنى تىلغا ئىلىپ  سوزلىشى يۈرىكىمگە تىگىپلام تۇراتتى،تىخى مەن بىلەن ساۋاقداشمەن دەيدۇ ،پەقەتلام ئەسلىيەلمىدىم.

ـ ئايگۈل ،روشەنگۈللەر مىنىڭ كىملىكىمنى سىزگە دىمىگەن ئوخشىمامدۇ ؟ئۇنداقتا مەن دەپ بىرەي.مەن بولسام  سىز بىلەن تۇلۇقسىز ئىككىنجى يىللىققىچە بىللە ئوقۇپ باشقا ۋىلايەتكە يوتكۇلۇپ كەتكەن سىزنىڭ كونا ساۋاقدىشىڭىز ،پارتىدىشىڭىز شەمسىيە بولىمەن ،دادىڭىز قەيەردە ئىشلەيدۇ دەپ قويسام يۇشۇرۇپ كەتكىننى تىخى.

ـ ۋاي ئاللا، ما ئىشنى كورۇڭ. سىز شۇ  مەن بىلەن چىقىشىپلام ئوتكەن ،دادىسى ۋالىي بولۇپ يوتكەلگەندە بىزنى تاشلاپ كەتكەن .هىلىقى "ئەتىۋا خىنىم"شۇما، ـ هەيرانلىقىمنى يۇشۇرالمىدىم ئۇنىڭ بۇنچە ئوزگۇرۇپ كىتىشىگە ئىشىنەلمەيلام قالدىم.

ـ شۇنداق مەن بولىمەن. سىز تونىيالمىغان بىلەن مەن تونىيمەن،ئەمما سىزگە دەيدىغىنىم هەرگىزمۇ مىنى ئالدايمەن دىمەڭ،سىزنىڭ مىنى ئاشۇ ئىككىسى بىلەن بىرلىشىپ هول قىشقا دەسسىتمەن دىگىنىڭلار بىر ئويۇنلام بولۇپ ،مۇشۇ چاغدا توختاپ قالساڭلار بولا، ـ ۋاي

ئاللا. بۇ قىز بىزنىڭ مەخسىدىمىزنى قانداق بىلىپ قالغاندۇ،بۇنداق چاغدا ئۇزۇمنى ئاقلاش ئۈچۈن ھەممىنى بىلمەس بولىۋالماقتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى.

ـ مەن سىزنى نىمە دەپ ئالدۇغۇدەكمەن ،ئوتتۇرىمىزدا ھېچ بىر ئاداۋەت يوق ئىدىغۇ دەيمەن .نىمگە قاراپ مېنى خاتا چۈشىنىسىز شەمسىيا ؟،ـ مەنمۇ شەمسىيە دىگەننى قاملاشتۇرۇپ ئۇرغۇ بىلەن دىدىم.

ـ ئاللاھ ئىگەم دىگىنىڭىزدەك بولغاي .ئەمما تونگۈنكى بىزنىڭ كوچىدىن ئەگىپ كىتەلمەي يۈرگۈنىڭىز مەندە گۇمان پەيدا قىلدى شاكىر.سىزگە بىز تەرەپتە نىمە بار،بۇ يەردە ماڭا ئويۇن قويۇپ، ماڭا كويۇپ قالغانلىغىڭىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلمىغانلام بولسىڭىز،تونگۈن ئېلىشىپ قالغانتىم دىمەيدىغانسىز؟

ئۇ جاۋاپ بەر دىگەندەك كوزلىرىمگە تىكىلىپ قارىۋالدى.ياخشىمۇ بايا تونگۈن نىمە بولغانتىڭىز ،قايسى قىز تاشلىۋەتتى دىگىنىدە ھىسسىياتىمنى يۇشۇرغانكەنمەن .بولمىسا رەسۋالام بولىدىكەنمەن .ئۇنىڭ باشتىكى چوچىگەندەك بولىۋېلىشى ،كېيىن يۇمشاپ قېلىشى مەندىن گەپ ئېلىش ئۈچۈنمىدۇ،شۇنداق بولسا ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىزدىن خەۋىرى يوق دىگەن گەپ،شۇنداق بولسا ماڭا يەنە پۇرسەت بار.

ـ بولدى قىلىڭ شەمسىيە، تونگۈنكى ئىش راسلام سىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز،ئويۇمدىكىلەردىن ئازراق ئاغرىنىپ ئويدىن چىققان ئىدىم،بورۇنلاردا بۇنداق چاغدا ھاراق ئۇلپىتىم بولغاچ،بىلىنمەپتىكەن،قايسى كۇنى ناماز باشلىغاندىن بويان ھاراق دىگەننى ئېغىزىمغا ئالمايمەن دەپ قەسەم قىلغانتىم،شۇڭقاشقا ئاچچىغىمنى باسالماي، قەسىمنى ئۇنتۇپ كېتىشتىن قورقۇپ سىزنىڭ تەرەپلەرگە بېرىپ تۇرسام سىز يادىمغا يىتىپ،قەسىمىم ئىسىمدە تۇرامىكى دىگەن ئويدا سىز تەرەپلەرگە ئوتكەن ئوخشايمەن .چۈنكى ناماز ئوقۇشۇمغا سىز سەۋەپكار ئەمەسمۇ، ـ قاتماللىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىمنى بۇرىدىم.ئۇنىڭ پىسخىكىسى ماڭا ئايان ئىدى.

ـ سوزىڭىزگە ئىشىنىپ تۇراي،مانا بۇ سىز ماڭا بەرگەن مۇھاببەت كىتاپلىرى،سىزنى چىكىپ باقاي دىسەم ،دىگەندەك ئەڭ كاتتىللىرىنى تاللاپ بەردىڭىز ،بىر ۋاراقمۇ ئوقۇپ باقمىدىم .چۈنكى مەن بۇ كىتاپلارنى ئۇنىۋېرسىتىتلام كورۇپ بولغان.ھىسسىياتىمنى ئالدىراپ قوزغۇتمەن دىگەن خيالدا بولماڭ.

ـ سىزمۇ مىنى ئالداپسىزغۇ .ەمىسە ؟

ـ "سىزمۇ" دىگىنىڭىزدىن قارىغاندا ـ سىز مىنى ئالداۋاتقان بولماڭ ؟

ـ خاتا چۈشەنمەڭ،مەن سىزنى ئەسلا ئالداش خيالدا بولغان ئەمەسمەن.

ـ بىراق "قىيامەتلىك"دوسلىرىمنىڭ يىقىنلىرىدىن ئوزەمنى قوغدىمىسام بولمايدۇ.

ـ ئۇلار بىلەن نىمە زىدىيىتىڭلار بولغۇيتتى ؟

ـ چوڭ زىدىيىتىمىزغۇ يوق، بىلمىدىم ئۇلار مىنى ھەمما ئىشدا دۈشمىنىم دەپ قارايدىغۇ،بىلمەكچى بولسىڭىز ئوزلىرىدىن سوراپ كورمەمسىز،ـ جاۋاپ بەرمىدىم ،ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ ، ـ

ـ ـ ئىشقا چىقمىسام بولمايدۇ،قالدى گەپنى ئىشتىن چۈشكەندە قىلشايلى،كىسىلىڭىزنى سورىمىسامىمۇ بىلىمەن ،تونگۈنكى قىلغىڭىزلام زۇكام قىلاتتى سىزنى ،ئوكۇل توگىگەندەخەۋەر قىلىپ قايتارسىز ،ئايگۈللەرگە مىنىڭدىن سالام دەپ قويۇڭ .

ئۇ چىقىپ كەتتى مەن بىلەن نۇرغۇن سۇئاللارنى تاشلاپ قويۇپ كەتتى .ھەي ئۇتتۇرۇۋېتىشىم كوزۇمگە كورۇنۇپلام قالدى،ئۇتتۇرۇۋەتسەم مەيلىتتىغۇ ،ئەمما ...،خيالغا غەرىق بولدۇم.

ھەي ئايگۈل،ھەي ئايگۈل ـ سەن مىنى نە كويلارغا سالدىڭانسەن. نىمە قىلساڭ مەيلىتتىغۇ ،پەقەتلام راسۋا بولمىسام بولاتتى ،بۇ ھالەتتە شەمسىيەنى قانداقمۇ سويەي ... بولۇپمۇ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا.ئۇ تۇرۇپ بىرەمۇ ؟تۇرۇپ بىرىش ئەمەس ،ئۇنىڭ پەيلىچە ـ ئۇلارنى بىر يەرگە ئەكىلىشمۇ بىر موجىزە بولىدىغاندەك كورۇنمەكتە كوزۇمگە.

ئۇكۇلۇمنى توگۇتۇپ شەمسىيەگە خەۋەر قىلىشقىمۇ ئىرنىپ ،ئايگۈلنى ئىزلەپ ماڭدىم.ئۇنىڭدىن ئۇقمىسام، بولۇپمۇ يۈز-تۈرانە تۈرۈپ بىلمىسەم بولمايدىغان ئىشلار بار ئىدى،تېلىفۇن قىلسام ئۇيەردىمەن، بۇ يەردىمەن دىمەسلىكى ئۇچۇن ئىشخانىسىغا بىۋاستە باردىم،ئەپسۇس ئۇ يوق بولۇپ چىقتى.بىرگە ئىشلەيدىغان خەنزۇ يولداش مېنى كورۇپ (مېنى بۇرۇندىن تونىيدىغان)ئايگۈلنىڭ بىر قانچە كۈنلۈك رۇخسەت سورىغىننى ،ئەمما مېڭىش ئالدىدا مەن ئىزلەپ كىلىپ قالسام بىرىپ قويۇڭ دەپ بىر لىپاپنى بەرگەنلىگىنى دەپ ئۇنى ئېلىپ بەردى.لىپاپنى ئېچىپ كورىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا تىلىپۇن قىلىپ باقتىم ،تېلىفۇنى ئېتىك چىقتى.روشەنگۈلگە تېلىفۇن قىلىپ باقتىم ئۇمۇ يوق بولۇپ چىقتى.ئېھتىمال ئىككىسى بىرگە بولسا كىرەك،قارىغاندا مەندىن ۋاقتىنچە ئوزىنى قاچۇرىۋاتقاندەك قىلاتتى.بۇنىڭ دەلىلى بەلكىم لىپاپ ئىچىدىدۇ.خەتنى سىرتتا ئېچىپ كورۇشنى ئەپسىس كورۇپ ئويگىلام قايتتىم.ئاپامىلارنى كىسىلىمدىن خاتىرجەم قىلىپ بولۇپ،مېنى ئاۋارە قىلماسلىغىنى تاپىلاپ ھوجرامغا چوكتۇم.

خەت مۇنداق يېزىغان ئىدى:

قەدىرلىكىم شاكىر،مېنى ھازىردىن باشلاپ قەدىرلىكىم دەپ چاقىرغىلى قويۇڭ،چۈنكى سىز مەن بىلەن توختام ئىمزالاپ بەكمۇ خاتا ئىش قىلدىڭىز.ئۇزۇن يىلدىن بىرى سىزگە كويۇپ يۇرگىنىمنى پىسەنتىڭىزگە ئالماي،مېنى خارلىغىنىڭىزنىڭ بەدىلىگە بۇ ئويۇننى ئويناشقا ،سىزنىڭ ھىسسىياتىڭىز بىلەن ئوينۇشۇپ مېنى قوبۇل قىلىشقا ،مەجبۇر بولدۇم.سىز مېنى بۇرۇنلام قوبۇل قىلغان بولسىڭىز بۇنداق قاتمال ھالەتتە قالمىغان بولاتتىڭىز.بىلمەن سىز مېنى سويمەيسىز .سىزگە قىزلار كويىدۇ ،ئەمما سىز ھازىرغىچە بىرە قىز بىلەن رەسمى ئارلاشقىنىڭىز يوق،سىزنى قىزلارغا ئوخشاتساق -سىز تېخى قىزسىز،مېنى شاللاق ،ئويۇنچى كورىسىز بەلكىم،ئەمما مەنمۇ سىزگە بولغان مۇھابىتىمنى قەدىرلەپ قىزلىغىمنى سىزگە ئاتىغانمەن .شۇڭلاشقا قانداقلىكى ئويلاڭ ،سىرتقى جەھەتتە شاللاق كورنىگەن مەن يەنىلام

پاكتۇرمەن.ئاساسى تىمىغا كەلسەك مەن ئىشىنىمەنكى سىز چوقۇم ئۈتتۈرىسىز،بەلكىم بۇ خېتىمنى كورگىنىڭىزدە ئۈتتۈردىغانلىغىڭىزنى جەزىملەشتۈرۈپ بولدىڭىزغۇ دەيمەن.مەن قاراپ تۇرۇپ سىزگە ئۈتتۈرىدىغان بۇ پىلاننى شۇنچە ئۇزۇن پىلانلامدىمەن.بىلىسىڭىز بىز پىلان سوقۇۋاتقىلى بىر يىلدىن ئېشىپ كەتتى.سىزگە سىزنىڭ مۇھەببەت تەلۋىڭىزنى رەت قىلغۇدەك ئادەم تاپالىغان بولساق ، پىلانىمىز شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئىشقا ئاشقان بولاتتى. ئەپسۇس مۇۋاپىق نامزات تاپماق بەكمۇ تەسكە توختىدى.شەمسىيەنىڭ شەھرىمىزگە يوتكۈلۈپ كىلىشى بىزگە پۇرسەت بولدى.چۈنكى شەمسىيە بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەرگىزمۇ يات بىر ئەر كىشىنى سويمەيتتى،بولۇپمۇ مېنىڭ ۋە روشەنگۈلنىڭ ئالدىدا شۇنداق قىلاتتى.مەن دەپ بىرەي-شەمسىيە بىزنىڭ تۇلىقسىزدا بىرگە ئوقۇغان ساۋاغدىشىمىز ،يەنى سىزنىڭ پارتادىشىڭىز،شەمسىيەنىڭ دەل ئۆزى شۇ.ئەمدى شەمسىيەنىڭ سىزنى سويمەيدىغالىق سەۋەبىگە كەلسەك،ئۇ بىزنىڭ ئويگە كىلىن بولۇپ كىرمەكچى بولغان قىز ،ئەپسۇس ئاكامنىڭ ھاراق تاماكۇدىن قول ئۈزەلمەيدىغانلىغىنى بىلىپ ،توي تەكلىۋىنى رەت قىلىپ ،ئۈرۈمچىدىكى خىزمىتىدىن ۋاز كېچىپ بۇ شەھەرگە كىلىۋالدى.ئىككى ئائىلىنىڭ مۇناسىۋېتى شۇنىڭ بىلەن دەز.ئەگەرچەندە ئۇ سېزنى سويدىمۇ مەن بۇلارنى ئاشكارىلايمەندە ھازىرمۇ قىل ئۈستىدە تۇرىۋاتقان ئىككى ئائىلە مۇناسىۋېتى مەڭگۈلۈك بۇزىلىدۇ ،سەن بىلمىسەڭ كىرەك. ھازىر ھوقۇق چەمبىرىكىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغان ،قۇدا - باجىلىق بىلەن كەمتۈك يەرلىرىنى تولدۇرۇپ،ھوقۇق مەركىزىنى كونتۇرول قىلىپ كىلىۋاتقان ئۇيغۇر جەمىيىتى ئۈچۈن بۇ بىر تېپىلغۇسىز پۇرسەت،بىز ئىككى ئائىلىنىڭ ئورنى ساڭا ئايان .ئىككى ئائىلە تويلاشتىمۇ ئىككى ۋىلايەت بىز ئىككى ئائىلىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە كىرىدۇ دىگەن گەپ،شۇڭلاشقا كىممۇ بۇ توينى بۇزۇشقا ئورۇنىدىكەن ئۇ ئىككى ئائىلىنىڭ ئورتاق دۇشمىنى دىگەن گەپ،ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرىنى ھاراق ئىچىدىكەن دەپ تويلاشقىلى ئۇنىمىغان بىر قىز ،گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا بىر نامەھرەم ئەر كىشىنى سويۇپ يۇرسە،ئۆزى نىمە بولماقچى.

خەتلىرىمنى تەپسىلى كورۈپ چىق،شۇ چاغدا ئۇتتۇردىغانغا تەن بەر ،مىنىڭ ساڭا تەككىنىم تەككەن ،بۇمۇ قىل سىغماس ھەقىقەت.سىنىڭ ئۇتتۇردىغىنىڭ بىلەن ئوخشاش ئىش.بۇ گەپلىرىمنى توختامنى كورگۈنىڭدە چۈشىنىسەن.ئەڭ ياخشىسى توختامنى كورمىگىنىڭ ياخشى،چۈنكى كەلگۈسىدىكى رەپىقەڭنىڭ بەزەن يامان ئەھۋاللىرىنى بىلمىسەڭ مۇھابىتىمىزگە پايدىلىق دەپ قارايمەن.بۇ خەتنى يېزىپ سىنى خەبەردار قىلىشىم بىكاردىن ئاۋارە بولۇپ چارچاپ يۈرمەسلىكىڭ ئۈچۈن.(كەلگۈسىدىكى ئېرىمنىڭ جاپا تارتىپ قىلىشىنى خالىمىدىم) ،مەن ۋە روشەنگۈل سىنىڭ يىڭىلگىنىڭ ،مىنىڭ نەچچە يىللىق يۈرەك يارامنىڭ ساقىيىپ سىنىڭ ۋەسلىڭگە يەتكىنىمىزدە تەبرىكلەپ كىيىدىغان كىيىم ئېلىش ئۈچۈن ،ئۈرۈمچىگە كەتتۇق.دەل سەن يىڭىلىدىغان كۈنى ئەتتىگەنىنىڭ ئايروپىلانى بىلەن قايتىمىز ،بىز قايتقان كۈنگىچە تىلىپۇنىمىز ئىتىك .خوش ئامرىغىم،كورۈشكىچە ئوزەڭنى ئۇپراتما ،خەتلىرىمنىڭ كەلگۈسىدە ئىسپات بولۇپ قالماسلىغى ئۈچۈن بىسىپ چىقىرىلدى ۋە ئىمزا قويۇلمىدى.

خەت توگىدى ،خەت بىلەن مىنىڭ قىز كەلتۈرۈشۈممۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىغى ئىنىق بولدى.مەن ئىشىنىڭ مۇشۇنداق بولىشىنى خالاپمۇ يۈرەتتىم،ئوتتۇز مىڭ يۈئەنگە شەمسىيەدەك بىر قىزغا ئىرىشىسەم ئەرزىگۇدەك ئىش بولاتتى،ئەمما ئۇ جىنىنىڭ خەتتە دىگىنىدەك نىمىسگە ئىشىنىدىغاندۇ .توختامدا مەن كورمىگەن زادى نىملەر باردۇ..................ئويلاۋىرىپ بىشىم ئاغرىپ كەتتى .......ئوزۇم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا .پۈتۈن بەدىنىم بوشۇشۇپ كارىۋاتقا ئوزۇمنى تاشلىدىم . جىنتەكلەرنىڭ ئۈرۈمچىگە كەتكىنىدىن ،كوزۇمدىن بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ يوقالغىنىدىن خوش بولدۇم ،بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىمىزدىكى توختامنى شەمسىيەگە كورسىتىپ سىلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم،بۇ ئىشىمۇ ھەل بولغاندەك قىلىدۇ .قەنى كەلگەننى كورمەمدىمەن،ئەتە نىمە ئىشلار بولىدۇ تېخى.

بۇ ئىككى كۈننى بۇرۇختۇملۇق ،ئىچى تىتىلداش،كۈتۈش ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم دىسەممۇ بولىدۇ.ئۆكۈل ئۈرغۈزۈشنى دەپ دوختۇرغا بارغىنىمنى دىمىسەم تالا ـ تۈزگىمۇ چىقىپ كەتمىدىم .جىنتەكلەرگە تولەم ئۈچۈن پۇلمۇ تەييار قىلىپ قويدۇم،پۇل ئىشىدا ئۇنچە قىسىلىپ كەتمەيتتىم،ئۇنۇۋرستتا ئالغان ئوقۇش مۇكاپات پۇللىرىمنىڭ ئوزىمۇ يىتىپ ئاشاتتى،ئۇلار ئالدىدا باشقا ئويۇنلىرىغا جاۋاپ بىرەلمەي قالماي دىگەننى خىيال قىلىپ يەنە يىگىرمە مىڭ سوم ئۇشۇق ئېلىۋالدىم.

*         *         *         *         *

ئويدىن چىقىشتىن بۇرۇن شەمسىيەگە تىلىفۇن قىلدىم ،ئۇ تىلىفۇنىمنى كوتۇرمىدى.ئەھۋالدىن قارىغاندا جىنتەكلەر بىلەن تۈزۈشكەن توختامىمىزدىن خەۋەردار بولغاندەك قىلاتتى.بولمىسا ئۇنىڭ تىلىفۇنىمنى كوتۇرمەسلىكى مۇمكىنمۇ ؟،كوپ ئويلاشنى خالىماي ئۇنىڭغا قىسقا ئۇچۇر يوللۇدۇم "شەمسىيە ـ كىشىلىك تۇرمۇشتا ئادەم  كىچىككىنا خاتالىق سادىر قىلسىمۇ ،ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمىغۇدەك ئاقىۋەتلەرگە يولىقىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن،سىز مەن توغرىلىق نىمە دەپ گەپ ـ سوز ئاڭلىماڭ ،بەلكىم ئاڭلىغىنىڭىز راس بولىشى مۇمكىن. قايسى كۈنكى مەن توغرىلىق ئويلىغانلىرىڭىزنىڭ كوپ قىسمى توغرا ئىدى ،مەن ئاشخانىغا  سىزنى كورۈش ئۈچۈن بارغان ،باشقا ئىشلارنى كېيىنچە پۇرسەت بولسا مەن سىزگە دەپ بىرىمەن.بەلكىم مەڭگۈ پۇرسەت بولماسلىغىمۇ مۇمكىن ،ئاخىرىدا سىزگە دەيدىغىنىم ،مەن قانداقلىكى خاتالىق سادىر قىلغان بولاي،سىزنى ئالدىغان بولاي، مېنىڭ ھەق ئىگىسى "ئاللاھ"نى تونىغىنىم ،ئۇ يولدا قىلىدىغان ئىبادەتلەرنى تاشلىمايدىغىنىم راس ھەقىقەتتۇر .

بۇندىن كېيىنكى شاكىر ئىلگىركى ئاۋۇي ،ئابروي،ئويۇن خوشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرويى بىلەن ھىسابلاشمايدىغان ،يالغاننى كورمىدىم دەپلام قىلىۋرىدىغان شاكىر بولماسلىغى مۇقەررەر .مېنى سىز ئارقىلىق "ئاللاھ"ئوزگەرتتى .بۇنىڭ ئۈچۈن ھەق ئىگىسىدىن

سىزگە ئەجىر ،مەرتىۋە تىلەيمەن.خوش ئامان بولۇڭ. ھەممە ئىشلىرىڭىزنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم.

ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپلام قالدىم.

ئىشقا كەلدىم .ئەپسۇس ئىشخانامدا ئككى جىنتەك ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ، ـ

ـقانداق جانىم ئادەمنى تەقەززا قىلىپ ئىشقا شۇنداقمۇ كىچىككەن بارمۇ ؟،ـ ئايگۈلنىڭ ئەركىلىشى غىدىقىمنى كەلتۈردى،ئىشقا چۈشىدىغانغا يەنە بەش مىنۇت بار ئىدى،ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار كەلگىلى خېلى بولسا كېرەك، ـ

ـتوخا پوق يىمەستە كىلىۋالماي ،ئويلەرگىمۇ بېرىپ كېلىشسىلە مەن قېچىپ كىتەردىممۇ ؟، ـ دىدىم مەن.

ـھى ھى ھى قاراڭ شاكىر ـسويۈشلىرىڭىزنىڭ تاتلىقلىغىدىن شەمسىيەنى سويگىنىڭىزدە ھوشىدىن كېتىپ قالسا قانداق قىلارمىز دەيمىنا ،شۇڭا تەقەززاچىلىقتا ئالدىراپ قالدۇق ئەمەسمۇ، ـروشەنگۈلمۇ گەپتە چېقىۋالدى مېنى.

ـ بولدى ،بولدى شەمسىيە نەدە كىلەتتى ،ئۈتتۈرغىنىمغا تەن ئالىمەن ،پۇلنى ئېلىپ كەلدىم ،ھوججەت يېزىشىپ توختامنى بىكار قىلايلى.

ـئۈنچە ئاسان ئىش يوق ،ھېلىمۇ پۇل دەپ قاپسىز ،پۇلىڭىزنىڭ لازىمى يوق ،زاكالەت ئالغان پۇلىڭىزمۇ سىزنىڭ بىر ئايلىق جاپالىرىڭىزغا تولىگەن بەدەل بوپ قالسۇن ،شۇ توختامغا ئەمەل قىلىسىڭىزلام بولىدۇ، ـ ئايگۈلنىڭ بۇ سوزلىرىدىن چىشلىرىم غۇچىرلاپ كەتتى،ئاچچىغىمغا ھاي بەردىم ،ھازىرمۇ كورىۋاتقانلىرىم ئاچچىق ۋە ئابروييپەرەسلىكنىڭ بەدىلى ئەمەسمۇ.

ـ مەن بىلمەيدىغان قانداق شەرتلىرىڭ بارتتى يەنە ؟سېنىڭ پۇل،ئائىيلە ئىمتىيازىڭنى دەپ ئەكىلەيدىغان لالملارغا ئوخشاتمىساڭ بولارمىكى مېنى،ئالە ما پۇلىڭنى، ـگېزىتتقا ئورىۋالغان پۇللارنى ئۈنىڭ ئالدىغا تاشلىدىم.

ـ سىنىڭ مۈشۈ  مەرتىلىكىڭ،ئەخلاقىڭنى دىمىسەڭ،ساڭا ئەركىلەپ پوق يوقتى بولا بۇ ئىشخانىدا ؟

ـ يوق گەپنى تالاشماي توختامنى چىقىرىڭلار،مەن ئىشلىمىسەم بولمايدۇ.

ـ بۇ يەردە تالىشىپ يۈرسەڭ سەت بولارمىكى ،ئەڭ ياخشىسى سىرتقا چىقىپ خالىراق بىر جاينى تاپساق، بولمىسا ھىلى يۈزلىرى خەلىق ـ ئالەم ئالدىدا پوق بولۇپ يۈرمىسۇن، ـ روشەنگۈل سوزلەپ بولۇپ ئايگۈلگە قاراپ كوز قىسىپ قويدى.

ـ يۈزۈم پوق بولغىلى سىلەردەك ئەتتىگەندە باشقىلارنىڭ قېشىدا پوق تاتىلاپ يۈرمىدىم،قورقۇنجۇم يوق. ئىشخانامدا دەۋىرىڭلار، ـ بۇ ئىككى نازىنىن ئىدارىغا ئۈندىمۇ بىرگە ئىشلەيدىغان خىزمەتداشلىرىم ئىشخانىنى بىكارلاپ باشقا ئىشخانىلارغا چىقىشىپ كىتەتتى.بوگۈنمۇ ئىشخانىدا بىز ئۈچىمىزلام قالغان ئىدۇق،شۇڭلاشقىمۇ مىنىڭ ئۈلار بىلەن سىرتقا چىققۇم كەلمىدى.

ـ يۈزىڭىزنى قىلسا ئەجەپ ئوزىڭىزنى بىلمەيدىكەنسىز ،تامنىڭمۇ قولىقى بار،كەلگۈسىدىكى ئېرىمنىڭ سەتچىلىككە قېلىشىغا چىدىمايمەن دەڭە ؟، ـ ئايگۈل قولۇمدىن تارتقۇشلاپ سىرتقا تارتتى.

ـ نىمە سەتچىلىك ،قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى يوق ،دەۋىرىڭ ، ـ قارشالىق قىلدىم مەن.

ـ ئاغرىق يوق ،مەس بولغاننى دورىۋېلىپ قىلىدىغاننى قىلىپ قويۇپ،ئاق بولىۋالسام بولىدۇ دەمسىز.يۈرۈڭ ،سىرتتا ئايرىم پاراڭلىشىمىز، ـ روشەنگۈل شۇنداق دىدى ۋە مىنى كەينىمدىن ئىتتىرىپ سىرتقا ھەيدىدى ۋە ئۈستەل ئۈستىدىكى گېزىتقا ئورالغان پۇلنى بىر قولىدا ئېلىۋالدى .ئۈلارغا ئەگىشىشكە مەجبۇر بولدۇم،قايسى كۈنى ئۈلار بىلەن ئىچىپ مەس بولغاندىكى ئىشلارنىڭ ئاخىرىدىن خەبەرسىز ئىدىم،ئۈلار دىگەندەك بىرە ئىش تېرىپ قويىمغاندىمەن،مەسلىكتە بىر  نىمە دىگىلى بولمايتتى.قانداق قايتتىم ،قايتقۇچە نىمە ئىش بولدى،بەرىدىن قىلچىمۇ خاتىرەمدە ساقلانغىنى يوق.ئەتىسى ئوز ئويۈمدىن قوپقاننىلام

بىلمەن.ھەي مەسىلىك ،ئادەمنى يەر بىلەن تەڭ قىلىدىغان بولدۇڭدە مانا.

ئۆزۈمنى نىمە قىلغاندىمەن دىگەننى ئويلاپ،بۇ ئىككى جىنتەكنىڭ مەسلىگىمدە ماڭا قەس قىلغانمىدۇ دىگىننى پەقەتلام ئويلىماپتىمەن.روشەنگۈل ماشىڭنىسىنى ھەيدەپ شەھەر سىرتىغا كىتىۋاتاتتى،ئايگۈل ئۆز ـ ئۆزىنى كوز ـ كوز قىلىشنى ئويلامدۇ ماشىنا ئەينىكىگە قاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈش بىلەن ئاۋارە،مەن بولسام نىما قىلغىنىمنى ئەسلىيەلمەي خىيال ئىچىدىمەن.ئالدى بىلەن شەمسىيە خىيالىمغا كەلدى،ئۇ مەن ئۇچراتقان قىزلار ئىچىدىكى ھەقىقى بىر گۈل ئىدى،ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇنىڭ بىلەن توگەپ كىتەمدىغاندۇ ،ئاقىۋىتىنى ئويلاشقا پىتىنالىمىدىم ،ئۇنىڭ بۇ رەسۋالىقلادىن خەۋەرسىز قېلىشىنى،ئاڭلاشقا تىگىشلىك بولسا مىنىڭ ئۆز ئېغزىمدىن ئاڭلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم .ئەپسۇس...

ماشىنا دەريا بويىغا كىلىپ توختىدى.ماشىڭىدىن چۈشتۇم.ئىككىسى ماشىڭنا ئىچىدە قېلىپ بىر نىمىلەرنى مەسلىھەت قىلىشتى بولغاي كىچىكىپ چۈشۈشتى،ئۇلار ئورۇن تاللاشقا بەكمۇ ئۇستىمۇ دەريا ساھىلىدىكى بۇ تۈزلەڭدە بىرە ئىنىسى ـ جىنمۇ كورۈنمەيتتى،لېكىن يۈرىگىم بىر نەرسە بىزگە ئەرگىشىۋالغاندەك،مۇشۇ جايدىن تويۇقسىز چىقىپ كىلىدىغاندەك سىزىمدە ئىدى.كەلگەن يولىمىزغا قارىدىم . بىز ماڭغاندىكى توپا چاڭ توزىمىدىمۇ يول ئۇستىدە توپا ـ چاڭ توزۇپ يۈرەتتى.ئەمما نىمىشقىدۇ بۇ چاڭلار تۈزلەڭگە چىقىدىغان دوڭلۇك قېشىدا غايىپ بولغان بولۇپ بىز تەرەپتە يوق ئىدى.يۈرىگىم ئاغدى.بىرە ماشىنا بىزگە ئەگىشىپ كەلگەن بولمىسۇن..............

ـ شاكىر توختامنى بەك كورگىڭىز بارتىتغۇ ،كىلىڭ قانغۇچە كورۈڭ ، ـ ئايگۈل چاقىرىدى،قولىدا توختام بولسا كىرەك ،بىر ۋاراق قەغەز ماڭا تەڭلىنىپ تۇراتتى، توختامنى ئالدىم،تىزلام كوز يۈگرەتتىم،ئەپسۇس توختامدا مىنى ئوسال قىلىدىغان بىرە مەزمۇن يوق.پەقەت ئەڭ ئاخىرقى مەزمۇندا ـ مىنى ئۇتتۇرۇپ قويسا ئايگۈل بىلەن توي قىلىدۇ ،بولمىسا توختامنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىدە دىيىلگىنى بويىچە بىرتەرەپ قىلىنىدۇ.ئۇتتۇۋالسام

ئايگۈللەرنىڭ ھېچقانداق دەۋاسى يوقلىغى دىيىلگەن ئىكەن،

ـ بىز دىيىشكەندە سەن بىلەن توي قىلىدىغان گەپ يوقتىغۇ.

ـ توختامغا ئوبدان قارىغان بولساڭ كورەتتىڭ، ـ ئۇ خىيالىدا يوق جاۋاپ بەردى.

ـ قوشۇمچە نۇسخىسى دىگىنىڭ نىمىسى ئۇنداقتا.

ـ سىنىڭ بىزگە يېزىپ بەرگەن ھوججىتىڭ شۇ، ـ تەددى بىلەن توۋلاپ سوز قىلسامۇ ئۇ قىلچە قېتىغا ئېلىپ قويماي دانمۇ ـ دانە جاۋاپ بىرەتتى.

ـ مەن سەڭا قاچان ھوججەت يېزىپ بەردىم.توختامغىلام قول قويغانغۇ ؟، ـ ھەيران بولاۋاتاتتىم.

ـ روشەنگۇلنىڭ ئويىدە يازدىڭغۇ،توختامنى ئىمزالاپ بولۇپ، ـ يالغاننى ئەيتقاندا دۇدۇقلاپمۇ قويمىدى.

ـ مېنىڭ توختامنى تولۇق كورمەيلام قول قويغىنىمنى ،ئاچچىغىمدا سېسىق پۇلىڭنىمۇ ئالماي كەتكىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ توھمەت قىلما.

ـ گۇۋاچىڭ بارمۇ ،بىز ئىككىمىزنىڭ ئالدىمىزدا قىلغانلىرىڭغا توۋە قىلىپ ھوججەت يېزىپ بەرگەنلىكىڭگە ئىككىمىز گۇۋاھ. سىنىڭ بارمۇ ؟، ـ روشەنگۇلگە قارىدىم .ئۇ راس دىگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ـ ھوججەتنى چىقار ،كورۇپ باقاي، ـ نىمە دەپ يېزىلغان ھوججەتلىكىنى ۋە مەن يازمىغان ھوججەتنى قانداق ياسىدى بىلىش ئۇچۇن سورىدىم.

ـ مانا كور ئوزۇڭنىڭ يازغىنى.

ئايگۇل سومكىسىدىن بىر ۋاراق قەغەز ئالدى ۋە، ـ بۇ كوپەيتىلگەن نۇسخىسى.كورۇپ بول ئەسلىسىنىمۇ كورسۇتۇپ قويىمەن، ـ دەپ ماڭا بەردى.ھوججەتكە قارىدىم،ئاستىدا راسلام مېنىڭ ئىمزايىم تۇرىدۇ ،مەزمۇنىغا كوز يۇگرەتتىم،باش قىسمىنى ئوقۇپ يۇرىگىم سىلىپ كېتىپ تۇرغان ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ قالدىم .

ـ يالغان يالغان .... ،ـ  بارچە ئاۋازىم بىلەن توۋلىدىم ،كوزلىرىمدە ياش .قەغەزنى مۇجۇقلاپ ئايگۇلگە ئاتتىم، ـ

ـ ئىپلاس،ئىپلاسلىق،كوزۈمدىن يوقۇلۇش... ، ـ توپا سورۇدۇم ،يىغلىدىم ،ئايگۇل بىلەن روشەنگۇل خىيالىدا يوق قاراپ تۇرۇشاتتى.مىنىڭ ئازراق پەسكويغا چۈشكىنىمنى كورۇپ ئايگۇل قىشىمغا كەلدى ۋە سومكىسىدىن يەنە بىر ۋاراق قەغەز ئىلىپ ، ـ

ـ شاكىر زەن سىلىپ ئاڭلاڭ ،يەنە كىيىن تۇلۇق ئاڭلىماپتىكەنمەن دەپ قالماڭ، ـ دەپ قويۇپ قولىدىكىنى ئوقۇشقا باشلىدى، ـ هوججەت مەنكى شاكىر شۇنداق هوججەت بىرىمەنكى،2008 ـ يىلى5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ساۋاقدىشىم ئايگۇل ۋە روشەنگۇللەرنىڭ مەسلىگىدىن پايدىلىنىپ ئۇلانىڭ ئىپپىتىگە تەگدىم .ئۇلار بۇ چاغدا ئوزىنى بىلمىگۇدەك مەس بولۇپ... ، ـ

ئايگۇل نىمە ئوقۇۋاتىدۇ ئاخىرى قولۇغۇمغا كىرمەيىتتى ،پەقەتلام ،ـ يالغان يالغان ،ئىپلاسلىق،مەن قول قويمىغان ،سەنلەر ئويدۇرۇپ چىقىرىشىپسەن، ـ دىگەندىن باشقىنى دىيەلمەيتتىم.

ـ يالغان ،نىمىسى يالغان ،ئۇزىڭىزنىڭ ئىمزاسى ،بارماق ئىزى ،ئىشەنمىسىڭىز ئاپىرىپ قانۇنى ئىسپاتلىتىپ  باقسىڭىز بولىدۇ، ـ ئايگۇل قولىدىكى مەن پۈرلەپ تاشلىۋاتقان هوججەتنى ئالدىمغا تاشلىدى.ئىهتىمال باياتىن ئوزۈمنى يوقاتقىنىمدا هوججەتنى يەردىن ئالغان بولسا كىرەك.

ـ ئۇنداقتا ـ بۇ هوججەت قولىڭلاردا بولغان ئىكەن ،توختام تۈزۈشنىڭ نىمە زۆرۈرىيىتى؟ ، ـ ئوزەمنى زورىغا بىسىپ سورىدىم مەن.

ـ ئوزەڭنىڭ دوتلىگىدىن كور،شۇ كۈنى توختامغا قول قويغىنىڭدىن پايدىلىنىپ هوججەتتىكى ئىمزاغا ئىرىشىمسەم،سەن ئىمزا قويامتىڭ.

ـ شەمسىيەدە نىمە گۈنا ئۇنداقتا ؟

ـ نىمە گۇنا ،بېرىپ ئۆزىدىن سورا،خان ئاچىسىنىڭ چىشىغا تەگسە ياخشى ئاقىۋەت كورمەيدىغىنىنى بىلىپ قالسۇن.

ـ ئاكاڭ بىلەن بولغان ئىشىمۇ يالغان ئوخشىمامدۇ ؟

ـ ھا ھا ھا ئاكامغا ئۇنداق قانجۇقلار لايىقمۇ،سېنى مەخسىدىگە يېتىپ بىزنى داغدا قويمىسۇن دەپ ئويناپ قويغان ئويۇنكەن دەپ بىلسەڭلا بولدى شاكىر .

ـ ئەمدى مېنى نىمە قىلسۇن دەيسەن ؟ ، ـ كوپ ئويلاپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى،ئىمزا ۋە بارماق ئىز مىنىڭكىتتى،تېنىۋېلىپمۇ ،توھمەت دەپمۇ ئۇتقىلى بولمايتتى،مەخسىدىنى ئۇقۇپ باققۇم كەلدى.

ـ مەن بىلەن توي قىلسەن ،ھوججەتتىمۇ مېنى ئالمەن دەپ يازغانسەن،بولمىسا ھوججەتتىكنى قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرىمەن.

ـ مۇشۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلىپ يۇرساڭ ،سېنى ئېلىشىم مۇمكىنمۇ ؟

ـ مۇمكىن ،مۇمكىن بولمىسا ئىختىيار ئوزۇڭدە ،مېنى ئوبدان بىلىسەن.قىلمەن دىگەن ئىشىمنىڭ قايسى بىرىنى قىلمىغانمەن،پەقەت بولمىسا چوڭلار قىلغان ئىشىڭنى بىلسە،سېنى مېنى ئېلىشقا كوندۇرەلمەسمۇ، ـ ئۇنىڭ سوزلىرىدىن ئاتا ـ ئاناڭغا بىلدۇرىمەن دىگەن تەھدىد چىقىپ تۇراتتى.

ـ توي قىلدۇقمۇ دەيلى ،مۇشۇ ئىپلاسلىغىڭنى بىلگەن مەن سەن بىلەن ئوي تۇتۇپ كىتەلەرمەنمۇ؟

ـ بەختلىك تۇرمۇشتىن سوز ئېچىۋاتامسەن جانىم،بەكمۇ ئۇماقتە سەن ۋۇججون،ۋۇججۇن،تاتلىق لەۋلىرىڭنى چىشلەپ ئوزىۋالسام دەيمەن.مەن ساڭا بەخت ئىزلەپ تېگەمدىمەن،سەن بەخت دىگەننىڭ نىملىگىنى بىلەمسەن،بەخت دىگەنچۇ ـ ئوزىنى نەچچە يىللاپ قان يىغلاتقان سەندەك ئادەمنى تاپىنىغا يىقتىپ ،ئازاپىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى تېتىتىش شاكىر،شۇڭمۇ شەمسىيەنى ساڭا تونۇشتۇرغانمەن،ئىككىلىگگە ئىسسىق ئوتتىنغۇ

دەيمەن،سەنلەرمۇ ھجرانىنىڭ تەمىنى تېتىپ قويۇش.كىلەر ھەپتىنىڭ ئالتىسىگە ئويۇڭدىكىلەر ئويىمىزگە ئەلچىلىككە كەلسۇن.تىكىشكەن پۇل تويلۇققا يىتىدىغۇ دەيمەن.يۇر روشەن كىتەيلى.بۇ نوچام بۇ يەردە ئوزىنى ئازراق سەگىتىۋالسۇن، ـروشەنگۇل ماشىڭنىدىكى پۇلنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئالدىمغا تاشلاپ بىرىپ ،بېشىمنى سىلاپ قويىدى.ئۇنىڭ بۇ قىلىغى ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقىنى بولسا كىرەك.ئۇلار قايتىش ئۇچۇن ماشىڭنىسىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىۋاتقاندا بولسا كىرەك ،باياتىن توپا ـ چاڭ يوقۇلۇپ كەتكەن دوڭلۇك كەينىدىن بىرى ۋاقىرىدى.

ـ توختا ،ئالدىراپ نەگە ،توختامىڭنىڭ ۋاختى ئوتمىدىغۇ دەيمەن.

تونۇش ئاۋاز يۈرىگىمنى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە سالدى.چۇشۇپ كەتكەن بېشىمنى كوتۇرۇشكىمۇ پېتىنالمىدىم ... ـ بېشىڭنى كوتۇر شاكىر ،ئەگەرچەندە دۇزاخقا كىرىپ كىتىدىغان ئىش بولسىمۇ ،سىنى بۇ ئىككى بۇزۇقنىڭ خاراپ قىلىشىۋېتىشىغا تاشلاپ بەرمەيمەن،شەرت مېنى سويۇشكەنغۇ،تۇر مېنى سوي.

بېشىمنى كوتۇرۇش مۇمكىنمۇ،چۇشۇپ كەتكەن بېشىم تېخىمۇ ساڭگىلىدى.پۇتۇن بەدىنىم سىزىمنى يوقاتماقتا،ئىسسىق بىر جۇپ قول بېشىمنى كوتۇردى،لىۋىمگە ياق يۈرىگىمگە بىرى سويەمكتە مەن پەقەت ئۇنىڭ يۈزۈمگە چۇشۇۋاتقان يىشىدىنلام ھۇشۇمنى تاپاتتىم ،ئۇ يىغلىغان بولسا كىرەك.

ـ سويۇشنى كورمەكچىدىڭلارغۇ ؟سويۇش دىگەن مۇشۇنداق بولىدىغاندۇ،توختامنى چىقىرىڭلار، .

ـ ياق شەمسىيە ،سىلەر ھەرگىزمۇ ئۇتالمايسىلەر،سەن بىزگە ئوچلىكىڭدىن ئۇنى سويىۋاتىسەن.ئۇ سىنى كەلتۈرۋالالىسلام ئۇتقان بولىدۇ.بۇ توختامغا خىلاپ.

ـ خىلاپ،نىمەڭگە خىلاپكەن .توختامنى ئوبدان كور ،ئىككىڭنىڭ ئالدىدا مېنى سويىسلام بولىدىكەنغۇ،كىم مېنى كەلتۈرۋالالمىدى دەيدۇ.مېنى كەلتۈرەلمىسە مەن ئۇنى سويەمدىمەن.تولا ۋالاقشىماي توختام ۋە ھوججەتنى چىقار، ـ ئۇلار كىيىن نىمە دىيىشتى

پەقەت قولىغىمغا كىرمىدى. بىر چاغدا ،شەمسىيەگۈ دەيمەن بېشىمنى نوقۇپ، ـ

ـ بولدى قىل شاكىر،مېنىڭ يۈرۈگۈمگە پىچاق سالدىڭغۇ .سېنى بۇنچە رەزىل بولاپ كىتەر دىمەپتىمەن،سويگىنىمنى خاتا ئويلاپ قالما،بۇ پەقەت ھىدايەت ئالدىدىكى بىر ئىنساننى قۇتقۇزۇش خالاس.قاراپ تۇرۇپ سېنىڭ توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭگە قاراپ تۇرالمىدىم.قىلغانلىرىمنى ئاللاھ كوچۈرە،ئەمما مەن سېنى كوچۈرەلمەيمەن،بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزلىگۈچى بولما،ساڭا قارايدىغان كوزۇم يوق،ئال بۇ رەسۋالىقىڭلارنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان توختام ،ھوججەتلىرىڭنى.

مېنى رەسۋا قىلغان ،نادانلىغىمنىڭ شاھىدى ـ شۇ قەغەزلەر ئالدىمغا ئۇچۇپ چۈشتى.كىكەچلىدىم، ـ مەن مەن....

ـ بولدى قىل شاكىر ،سوزلەش ھوقۇقىڭ يوق، ـ ئۇنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى.بېشىمنى كوتۈرۈپ قارىدىم ،قول بارماقلىرىدىن باشقا يەرلىرى تۇلۇق يوگەلگەن مۇكەممەل بىر ئىنسان كىتىپ باراتتى،ئەسلى مەن ئۇنى كەلتۈمەكچى بولغان ئىدىم،بىراق ھازىر ئوزۇمنىڭ ،ئۇ تەرىپىدىن كەلتۈرۈلگىنىمنى سەزدىم.بىراق ماڭا پۇرسەت زادىلام يوقتەك بىلىنمەكتە.كاللامدا نۇرغۇن چىگىش خىياللار... مەندىن يىراقلاۋاقان شەمسىيەگە ئەگىشىپ ماڭماقتا... ئۇ، قانداق بىلدى بىزنىڭ توختاممىزنى... شەمسىيە مېنى بىر ئومۇر داغدا قويساڭ مەيلىكى ،سەن بىلگەن ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمىسەم زادى بولمايدۇ.ئايگۈل بىلەن سىلەر ئوتتۇرۇڭلاردا ـ زادى نىمە زىدىيەت بار... يىراقتىن توپا تۇزۇتۇپ كىتىۋاتقان ماشىنا خىياللىرىم ساڭا ھەمرا...

مېنىڭ بۇگۈن بۇ جايدىن كىلىتەلىشىمنىڭ ئوزىمۇ بىر ئىش،پۈتۈن بەدىنىم سىزىمنى يەنە بىر قېتىم يوقاتماقتا ... رەسۋالىق بولا بۇنچە بولماس، راس دەيسەن مەن بىر نومۇسنى بىلمەيدىغان رەسۋا ... دەرتلىرىمنى ئاڭلاشقا "ئاللاھ"تىن بىلەك كىممۇ تاقەت كەلتۈرەلىسۇن !!!

**(2)**

قاتتىق زەربە تەسىرىدىن ئېغىر بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالدىم.قايسى كۈنكى زوكام ـ ھازىرقى چۈشكۈن روھى ھالىتىمنى چىرماپ ئېلىپ ،كارۋاتتىن چۈشەلمەس قىلىپ قويدى.

خىياللىرىم قاناتلىنىپ ئۇچۇپلام يۈرەتتى،بىراق مەن بۇ خىياللارنى قىلىشتىن بەكمۇ بىزار،ئەپسۇس مەن بىزار بولغان بىلەن خىيال ماڭا بوي بىرەي دەيتتىمۇ ؟يەنىلام قاناتلانغان خىياللار ئىچرە قالايمىقانلاشقان نىرۋىللىرىمنى تېخىمۇ قالايمىقانلىققا باشلايتتىم خالاس.ئاتا ـ ئانام،دوختۇر سىستىرالار سوزلەيتتى، ـ "ئوزۇڭنى روھلۇق تۇت،بۇنداق مەيۇس،چېچىلاڭغۇ،ئوزۇڭىزنى تاشلىۋەتسەڭ ـ كىسەلگە ئوزەڭنى ئالدۇرۇپ قويسەن يەنە ۋەھاكازالار..."، ـ بىراق ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرى قولۇغۇمغا كىرەتتىمۇ ؟،بولسا مۇشۇ زەئىپلىكىمدە ئولۇپلام توگەشسەم ،بارلىق نومۇسسىزلىغىم مەن بىلەن كەتسە ،شەمسىيەنى كورۇشىرۇشتىن،ئۇنىڭ سەن نىمانچە نومۇسسىز دىگىنىدەك قاراشلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلسام،ئاھ خۇدا مەن سېنى تونىمىغاندا ئوزۇمنى بۇنچىلىك زەئىپ،بۇنچىلىك نومۇسسىز بىلمەس ئىدىم،ھالا بۇگۈنكى كۈندە سېنى تونۇپ ،ساڭا چىن ئىخلاسىم بىلەن ئىمان كەلتۈرتگۈنۈمدە ـ نومۇس ،ھايانىڭ بۇنچىلىك قۇدرىتى بارلىغىنى بىلىپ يەتمەكتىمەن.

ۋاقىت مىنۇت ،سىكونىتلاپ ناھايىتى ئاستا ئوتمەكتە ،سۇلغۇن چىرايىم ،ئولتۇرۇشقان ،خىرە كوزلۇرۇم بىر نوختىغا تىكىلەتتى.بىرسىنى ئىزلەيتتى،ئۇ تۇيۇقسىزلام ئىشىكتىن كىرىپ كىلىدىغاندەك،ئىشىك تەرەپكىلام قاراپ ياتىمەن،مەن ئىزلىگەن تەن ماڭا شۇنچە يېقىن جايدا ،مۇشۇ يېتىۋاتقان دوختۇرخانىدا بولسىمۇ ،ئۇنىڭ مەن تەرەپلەرگە ئوتۇشى،ھەتتاكى مېنى ئەسلەپ قويىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.مەن بولسام بىر

جىنايەتكارمەن ، "ئاللاھ"ئالدىدا ـ شەمسىيەدەك پاك ،غۇبارسىز ،پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىسلام ،ئەخلاق ،ھايا ،نومۇس بىلەن يۇغۇرۇلغان بىر ناتىۋاننى ھايانى قايرىپ قويۇپ ،گۇناھقا سورەپ ئەكىرگەن مەن جىنايەتكار بولماي كىم جىنايەتكار ھىساپلىنار ؟

ئۇزۇمنى ـ ئوزۇم جازالاپ ئوتكەن بولسامۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ زورى بىلەن تاماق يىمەسكە ئامال قىلالامىدىم ،ئۇلارنىڭ مولدۈرلەپ قاراپ تۇرغان كوزلىرىگە بەرداشلىق بىرەلمەي ئاز ـ ئازدىن تاماققا كىرىشكىنىم ئۇچۇن ،ئاستا ئاستا ياخشى بولاپ كىتىۋاتاتتىم .دوختۇرلارنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ ئوز كۈچۈنى كورسىتىۋاتسا كىرەك .

قوپۇپ ئولتۇرالىغۇدەك بولۇپ قالدىم .ئەمما پۈتۈن بەدىنىم يەنىلا ئوزۇمنىڭ ئەمەستەكىدەك .خىياللىرىم يەنىلا قانات قاقىدۇ .

بىر كۈنى خىيال ئىچرە ئىشىككە بېقىپ ياتاتتىم، تۇيۇقسىز ئايگۈل دادىسىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى .غەزەپ ،نەپرەتىم شۇنچە تېشىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يۈزىدىن چاندۇرماسلىققا مەجبۇر بولدۇم.نىمە دىگەن ئۇستا قاقىۋاشسەن ئايگۈل؟ داداڭنى باشلاپ كەلمىسەڭ يۈزۈڭگە تۈكۈرۈشمنى بىلىسەنغۇ دەيمەن. شەھەر باشلىغى كىرىپلام قولۇمنى سىقىپ ، ـ

ـ نىما بولدى ھوي شاكىرجان بالام ،نىمانداق جۇدەپ كەتكىنىڭ بۇ ،بىزنىڭ جىنىتەك خەۋەر بەرمىگەن بولسا سىنىڭ بۇنچە بولۇپ كەتكىنىڭدىن خەبەرسىز يۈرىدىكەنمەن ، ـ ئۇ قىزىغا قاراپ قويدى.ئايگۈل دادىسىنىڭ قارىشىدىن ئەمدى سوزلەش ساڭا كەلدى دىگەننى سەزگەندەك قىلىپ ، ـ

ـ مەنمۇ شۇ تونىگۇنلام ئۇختۇم ،بولمىسا بۇرۇندىلا يوقلاپ كىلىپ ،خەررىنىسا ئاپامىلارنى جاپاغا قويۇپ يۈرمەي ئوزۇملام خەبەر ئالاتتىم ، ـ ئادەم دىگەننىڭ يۈزى شۇنچىمۇ قېلىن بولامدىغاندۇ ؟ .ئۇنىڭ قىلچىمۇ خىيالغا كىرىپ چىقمىغاندەك قىلاتتى .

ـ رەخمەت سىلىگە شەھەر باشلىغى.خىزمەتلىرىنىڭ شۇنچە ئالدىراشچىلىقىدىمۇ بالىمىزنى

يوقلاپ كېلىپ بىزنى بەكمۇ خوش ئەتتىلە !، ـ ئاپامنىڭ تەكەللۇپ قايتۇرشىغا ئۇلاپلام ، ـ ـ شۇنداق سىلەرنى كورگۇنۇمدىن ئىنتايىن مەمنۇنمەن ، ـ يالغان بولىسمۇ سوزلەشكە مەجبۇر بولدۇم .

ـ ئۇنداق دىمە ئوغلۇم ،سەن مىنىڭ ئوز بالام بىلەن ئوخشاشسەن ،سىنىڭ ئاغرىپ قالغىنىڭنى ئۇققان ئايگۇلمۇ ئاغرىپ يىنىڭغا كېلىۋالمسۇن يەنە ، ـ باشلىق مەنىلىك قىلىپ ئاپاملارغا قاراپ قويدى .ئاپامۇ شۇنداق دىگەنىدەك باشلىققا باش لىڭشىتىپ ئۇنىڭ سوزىنى قۇۋەتلىدى .

بۇ نومۇسسىز گەپلەرنى ئاڭلاپ نومۇستىن يۇزۇم شەلپەردەك قىزاردى بولغاي ،باشلىق ، ـ ـ بەك نومۇسچاندە سەن شاكىر ،ئىسست قىز بالا بوپ قالساڭچۇ مۇشۇ ھالىتىڭدە ،بىزنىڭ ماۋۇ جىن ئوزى قىز بالا تۇرۇپ سىنىڭ پوقۇڭنى دورىسچۇ كاشكى...

ـ دادا . .نىمانداق ئادەمنى چۈشۈرۈپ يۇرسەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ، ـ ئايگۇل دادىسىغا سۇركۇلۇپ سەت ئەركىلىدى،ئۇنىڭ قىلىقلىرى زەئىپ يۇرىكىمنى نەپرەتلەرگە تېخىمۇ سالدى.

ـ بولدى ،پېغىنىم بار ئىدى مەن قايتاي ،خەررىنىسا سلۇمۇ شاكىرغا قارايمەن دەپ كوپ چارچىغانسىز ،بۇگۇن ئايگۇلگە بىر پۇرسەت بەرسىلە ،شاكىرغا ئۇ ھەمرا بولسا قانداق ؟ ، ـ باشلىق ئانامغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ ، ـ

ـ خوش شاكىر كېيىن يەنە يوقلاپ كىلىمەن،ئوزۇڭنى ئاسرا ، ـ دەپ بولۇپ ، ـ

ـ ئايگۇل قىزىم ئەمىسە شاكىر ساقا قالدى ،خەيرىنىسا ئاپاڭنى مەن ئويگە ئاپىرىپ قويىمەن ، ـ دىگىنىچە ئاپامنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.قانداق قىلالايتتىم ،مىنى مۇشۇنداق رەسۋا قىلىپ كىسەل بولىشىمغا سەۋەپچى بولغان سىزنىڭ مۇشۇ قىزىڭىز،ئۇنى كورۇشكە كوزۇم يوق دەيمۇ ئەمىسە .

ئاپامنىڭمۇ نىمە قىلغىنى بۇ .ماڭا خوشمۇ دىمەي ،ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغانغا مەن ئەڭ ئوچ ئادەمنى تاشلاپ قويۇپ كىتىپ بارىدا .ھەي ھوقۇق ،سىنىڭ ئالدىڭدا ھەممىمىز چاكىنا

ئىنسانلارغا ئايلىنىمىزدە !

ئايگۈل يالغۇز قالغاننى پۇرسەت بىلىپ قېشىمغا كېلىپ قولۇمنى تۇتتى . سەت سىلىكىشلىدىم.

ـ نىمە قىلغىنىڭ بۇ .سەندە نومۇس دىگەن نەرسە بارمۇ زادى.

ـ نومۇس دەپقاپسەن شاكىر .سەن ئۇچۇن پۈتكۈل خەلقى ئالەم ئالدىدا يالىڭاچلىنىشقىمۇ رازىمەن ،ئۆزىنى ئىپپەتلىك چاغلىغانلارمۇ ،باشقىلارنىڭ كوزىچە سويۇشۇپ يۈرسە نومۇس بولمايدىكەنغۇ ئەنە ؟

ـ شۇ نومۇسسىزلىقلارنى تىلىڭغا ئېلىشتىن ئويالغىن .مېنىڭ مۇشۇ هالەتكە كېلىپ قېلىشىممۇ ،سېنىڭ شۇ پەسلىگىڭدىن بولغان ئايگۈل، ـ ئۇنىۇم ئۇنلۇك چىقمىسىمۇ بارچە ئاۋازىم بىلەن توۋلىدىم.

ـ ۋاقىرا شاكىر ،ئوبدان ۋاقىرا ،بولسا ۋاقىرىشىڭنى شەمسىيە ئاڭلاپ سېنىڭ ئازاۋىڭنى بىلسە ـ مەن ۋاقىرالمايدىغان دۈشمىنىمگە ۋاقىراپ ئوچۇمنى ئېلىپ بىرىۋاتىدۇ دەپ بىلىپ، سېنى كەچۈرىۋەتسە ئەجەپ ئەمەس.

نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەمگە نىمىمۇ دىگەن بىلەن بىكار بولسا كىرەك .سوزلەشلىرىگە سۈكۈت قىلىش بىلەن جاۋاپ قايتۇردۇم.

ـ گەپ قىلمايسەنغۇ شاكىر ،قىيامەتلىك دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ،سېنى سويگەن هېلىقى گۈزەللىك قېنى ؟ مەن تېخى سېنىڭ هالىڭدىن ئۇ خەبەر ئېلىۋاتقان چېغى دەپ سېنى يوقلاپ كېلىشتىن يالتايغىلى تاس قالغان ئىدىم ، ـ ئۇ بويۇنداپ ئادەم ئىزلەۋاتقاننى دوراپ ئەتراپىقا قاراپ قويدى.

ـ يۈرۈگۈمنى زىدە قىلغان ،قەلبىمدىكى ئوچمەنلىگىمنى تېخىمۇ يۇقىرى كوتۈرگەن ئۇ نازىنىننى كورمەيمەنغۇ شاكىر.

ـ شاكىر . . .

- ...

ئۇنىڭ سۆزلىرى توگەيدىغاندەك ئەمەس.بولۇپمۇ شەمسىيەنى تىللاپ ،ھاقارەتلىگىنىدە يۈرۈگۈم پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشماقتا ،تاقىتىم چەكلىك بولسا كىرەك ،سوكۇت قىلىشقىمۇ بەرداشلىق بىرەلمەي ئۇنىڭ زىتىغا تىگىش ئۈچۈن، -

- بولدى قىل ئايگۈل ،شەمسىيەنىڭمۇ كىلىدىغان ۋاختى بولدى ،ئۇ كۈندە قېشىمدا يۈرۈپ ھالىمدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ .بىكار قىلغان گەپلىرىڭ ئۇنىڭ قولىغىغا كىرىپ قالسا ،ئۆزۈڭگە سەت بولمىسۇن ھېلى.

- تۇفى رەسۋالار ،قىلىۋاتقان گېپىڭنى قارا ،مەن سېنى خېلى غۇرورى بار ئوغۇل بالا دىسەم ،نومۇس قىلماي يالغاننى توقۇيسنا .نەدىكى شەمسىيەكەن ئۇ .ئۇ ئاللا بۇرۇن بۇ جايدىن كىتىپ قالغان تۇرسا ، نەلەردە يۈرۈپ سىنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالىدۇ .

شەمسىيەنىڭ بۇ شەھەردىن كەتكىننى ئاڭلاپ ئۈچۈپلام چۈشتۈم.

قاچانلاردا ھوشۇمغا كەلگىنىمنى بىلمەيمەن ،كوزۈمنى ئاچسام ئانام ،دادام،يەنە ئايگۈللەر بېشىمدا قاراپ تۇرىدۇ،ئايگۈلنى كورۈپ جۇدۇنۇم تۇتتى ،ئەمما چاندۇرماي كوزۈمنى يۇمىۋالدىم.ئازاپلىرىم يومۇلغان كوزۈم بىلەن بىرگە كوز يۇمغان بولسىدى كاشكى...

- ئوغلۇم نىمە ئازاۋىڭ بار بىزگە دىسەڭچۇ ؟ ،- ئانام يىغلاپ تۇرۇپ سورىدى.

-ئانىسى بولدى سورىما ،ئۇنى بىر ئاز ئارامىدا قويايلى،ئوزى ماقۇل كورگەندە ئەيتىپ بەرسۇن ،يۈر قىزىم بىز چىقىپ تۇرايلى، -دادام قەلىپ يارامنى چۈشەنسە كىرەك ،كورسەملا قۇسقۇم كىلىدىغان بۇ ناكەس شەيتاننى يېنىمدىن ئېلىپ چىكتىپ ،مېنى بىر ئاز بولسىمۇ تىنجىتتى .ئانامنىڭ مىشىلداپ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرسامىمۇ ئوزۈمنىڭ تىنىچ خىياللىرىمنى دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى قىلىشقا ئاجىزلىق كورسەتتىم.ئادەم دىگەن ئاجايىپتە.ئوزىمىزنىڭ بىر ئاز مەنپەئەتىنى دەپلام ،ئاتا -ئانىمىزنىڭ خاتىجەملىكىنى ئويلاپمۇ

قويمايمىز.

2

غەرىپچە داۋالاش مەنپەئەت قىلماي، ئويۇمدىكىلەر يۇرتىمىزنىڭ داڭلىق تىۋىپىنى تەكلىپ قىلىپ كىسىلىمنى كورسەتتى. يەنىلا ئوزىمىزنىڭ تىبابىتى ئەۋزەلكەن ،تىۋىپ تومۇرۇمنى تۇتۇپ كورۇپ، ـ بالىدا ئېغىر كىسەل يوقكەن،ئاچچىق يۇتىۋېلىپ ئوزىنى ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ ،ئوبدان كۇتۇنۇپ،خاتىرجەم دەم ئالسىلا ياخشى بوپ كىتىدۇ ،دوختۇردا يېتىشنىڭ هاجىتى يوق،ئويدىلام كۇتۇنسۇن،بولسا هاۋالىق ،مەنزىرىسى گۇزەل جايلارغا ئاپىرىپ سەيلى ـ ساياهەت قىلدۇرىڭلار .ئازراق قۇۋەت دورىللىرى يېزىپ بىرەي شۇلام كۇپايە، ـ دەپ بىر قانچە خىل مىللى تىبابەت دورىللىرنى يېزىپ بىرىپ كىتىپ قالدى.ئويدىكىلەر ۋە مەن ئۇنىڭ رىتسىپىنى قوبۇل كورۇپ ،دوختۇرلارنىڭ توسىشىغا قارىماي بالنىستىن چىقتىم ۋە تىۋىپ يېزىپ بەرگەن دورىلارنى يەپ تىزلام ئەسلىمگە كىلىۋالدىم .بۇ جەرياندا ئايگۇل مېنى ئاز ئاۋارە قىلمىدى.بىر كۇنى كىلىدۇ ،بىر يەرلەرگە ئاپىرىپ هاۋالاندۇرۇپ ئەكىلەي دەپ ،يەنە بىر كۇنى كىلىدۇ مۇنۇ تاماق بەك ئوخشاپتۇ تېتىپ بېقىڭ دەپ ،يەنە كىلىدۇ ئىچكىرى ئولكىلەرگە بېرىپ بېشىمىزنى سەگىتىپ كەلسەك دەپ ،ئۇنىڭ كەلمەيدىغان كۇنى يوق.مەن ئۇنىڭدىن قانچە بىزار بولسام ئۇ ماڭا شۇنچە يېقىن.

بۇلارغا چىدىماي دادامغا ئېغىز ئاچتىم.

ـ دادا يېقىنقى كۇنلەردە سىلەرنى كوپ جاپاغا قويدۇم .ئالدىڭلاردا بەكمۇ خىجىلمەن.ئوزۇمنىڭ سالامەتلىكى ۋە كەلگۇسۇمنى ئويلاپ بىر مەزگىل ئوقۇپ كىلەيمىكىن دەيمەن.بولسا سىلەردىن خەۋەر ئېلىپ يېنىڭلاردا تۇرسام ياخشىتتى ،مۇشۇ پۇرسەتتە ئوقۇشنى دەپ ،دەم ئېلىۋېلىشىممۇ مۇمكىن .

ـ ياخشى ئويلاپسەن ئوغلۇم ،ياشلىغىڭدا بىلىم ئال ،ئاپاڭ بىلەن مەندىن خاتىرجەم بول ،بىزنىڭ سالامەتلىكىمىزمۇ ياخشى،ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوز يۇرت بولغاچقا ئۇرۇق ـ تۇققانلار بار

ئەمەسمۇ.

ـ رەخمەت دادا ،ئالدىڭلاردا ھەقىقەتەن ئۆزۈمنىڭ بىچچارىلىگىگە ،شەخسىيەتچى ،نادانلىغىمغا ئېچىنىۋاتىمەن، ـ كوزلۇرۇمدىن تاراملام ياش قۇيۇلماقتا .دادام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ ، ـ

ـ يىغلىما ئوغلۇم ،ئەركەك زادە دىگەن ئالدىراپ قىينچىلىق ئالدىدا ياش توكمەيدۇ.سېنىڭ تاللىغان يولۇڭ تامامەن توغرا. جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولماس.تارىخنى ۋاراقلاپ كورسەڭ مىسلىداپ ياش توككەن ھېچ بىر جان ئىگىسى چوڭ ئىش تەۋرىتەلىگەن ئەمەس.بىر قولىدا ئوت بىر قولىدا سۇ بولغاندىلام مۇراتقا يەتكىلى بولىدۇ.سېنىڭ ھازىرقىدەك ئۆزگۈرىشىڭنى چۈشۈمدىمۇ خىيال قىلغان ئەمەسمەن .ئۇلۇغ كەرەملىك "ئاللاھ"ئىگەم يولۇڭنى يۇرۇق قىلسۇن.مەن سەندىن مەڭگۇ رازى بالام .قەيەردە ئوقۇغۇڭ بولسا ئەيت مەن يول ماڭاي.،ـ ئۇ پىشانەمدىن تۇتۇپ سويدى .مەڭزىمگە ئىسسىق بىر ياش تامچىلىدى بولغاي يۇرىگىم ناھايىتى شىرىن تەۋرىدى.چۈنكى بۇ ياش ـ باش ئىگىش ،ئاجىزلىق يېشى بولماستىن ، بەلكىم ئاتىنىڭ ئوز ئوغلىدىكى ئىشەنچىنى كورگەندە تەسىرلىنىش ،بەخىت تىلەش يېشى ئىدى.

دادامىلارنىڭ يول مېڭىشى بىلەن ئوقۇش ئىشىمۇ ناھايىتى تىز ھەل بولدى،ئوز ئارزۇيۇم بويىچە شاڭخەي تۇڭجى داشۆدە بىر يىل نىمىس تىلى ئوگۈنىدىغان، كېيىنچە چەتئەلدە ئوقۇيدىغان بولدۇم .ئانام ئوقۇشۇمغا كوپ قارشىلىق كورسەتتى،ئۇنىڭچە بولغاندا مەن ئۇلارنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىم كىرەككەن.توي قىلىپ باللىق بولۇشۇم ،نەۋرىلەر ئارقىلىق ئۇلارنى خوش ئېتىشىم .بۇلار بولسا پەرزەنتىنىڭ ئوتەشكە تىگىشلىك مەجبۇرىيىتىم ئىكەن.ياخشىمۇ دادام ئۇقۇمۇشلۇق كىشى بولغاچقا مېنى باشتىن ـ ئاخىرى قوللىدى،ئانامنىڭ قاخشاشلىرىمۇ كار قىلمىدى،بولمىغاندا ئايگۇللەرنىڭ دامىغا چۈشكەن ئانامنىڭ ئاھىغا چىدىمىغان بولاتتىم.چۈنكى ئانام مەندەك ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ باشلىققا

كىيئوغۇل بولۇشنى بەكمۇ خالىسا كىرەك.ئۇ بىر چاغلاردا پىشانىسىگە سويۈپ كىلىن قىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلغان شەمسىيەنى پۈتۈنلەي ئۇنتىدىمۇ ياكى مىنىڭ شۇنچە كىسەل تارتىشىمنى ئۇنىڭدىن كوردىمۇ،شەمسىيەنىڭ گېپىنى پەقەتلا قىلماس بولغان ئىدى.

ئوقۇشقا مېڭىش ۋاختىمنىڭ يېقىنلىششىغا ئەگىشىپ شەمسىيەنى كوپ خىيال قىلىدىغان بولۇپ كەتتىم.يالغۇز قالدىمۇ ئۇ مىنىڭ ھەمرايىم ئىدى،ئەپسۇس ئۇنىڭ ھازىر نەلەردە نىمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدىم."كوكلەم "ئاشخانىسىدىكى مەن ئۇنى تۇنجى تۇنجى كورگەن ئورۇن مىنىڭ دائىملىق تۇرار جايىم بولۇپ قالغانتى.ئۇ مۇرات بىلەن ئولتۇغان ئورۇنغا ،ئاشخانا ئىشىكىگە تويماي باقاتتىم ،بىر خىل تاماقنى بۇيرۇتۇپ قويۇپ ،ئۇنى يىمەستە يەنە بىر خىل تائام بۇيرۇتاتتىم ،ئەپسۇس كۇتكۇنۇم كورۇنمەيتتى.كۇنلۇرۇم كۇتۇش ،تەقەززالىق ،ھىجران ئىچىدە ناھايىتى تىز ئوتۇپ كېتىپ ئوقۇشقا مېڭىش ۋاختىمۇ يېقىنلاپ قېلىۋاتاتتى.مېڭىشتىن بۇرۇن شەمسىيەنى يىراقتىن بولسىمۇ بىر كورىۋالسام، باشقىلارنى كويدۇرمەن دەپ ئوزى كويۇپ قالغان يۇرىگىم ئازراق بولسىمۇ تەسكىن تاپارمۇ ؟

ئايگۇلنىڭ شەمسىيەنى بۇ يەردىن كەتتى دىگەن گېپىگە ئاساسەن ئۇنى بۇ شەھەردە يوق دەپ بىلدىم،بىراق ئايگۇل دىگەن تۇغما يالغانچى تۇرسا ،ئۇنىڭ سوزىگە ئىشەنچە قىلغىلى بولامدۇ ؟ ئۇنى كورۇش ئىستىگىدە ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بىر قانچە قېتىم تىلىفۇن ئۇرغان بولسامۇ ئۇ يوق بولۇپ چىقتى،خىزمەتداشلىرى ئۇنى يوتكۇلۇپ كەتتى دەپ يۇرۇگۇمگە پىچاق ئۇردى،يوتكەلگەن ئورنىنى ئۇلارمۇ بىلمەيدىكەن.ئويلاپ كورۇپ روشەنگۇلنىڭ ئۇنىڭ خەۋرىنى بىلسە ماڭا ئەيتىپ بىرەمدىكىن دىگەن ئۇمۇت بىلەن ئۇنى ئىزلەپ ئويىگە باردىم .ئەپسۇس ئۇ ئويىدە يوق بولۇپ دادىسى ئالدىمغا چىقتى.

ـ شاكىرجان ئوغلۇممۇ سەن ،قەدەملىرىڭ بۇياققا يىتىپ قاپتىغۇ ؟ بىتاپ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ بارالمىغان ئىدىم .كەچۈرەرسەن .سىنىمۇ بىر ئىزلەي دەپ تۇرغان

ئىدىم .ئۆزۈڭ كېلىپ قاپسەن .جۆر ئۆيگە كىرەيلى ، ساڭا دەيدىغان سوزۈم بار. ، ـ تەكەللۇپ قىلىشىمنىڭ ئورنى قالمىغان ئىدى،ئەگىشىپ ياسىداق ياسالغان ياسىن باينىڭ مېھمانخانا ئۆيگە كىردىم.ئۆينىڭ ھەشەملىكىنى سوزلىمىسەممۇ بولىدۇ.چۈنكى بۈنىڭدىن تەل ئۆيلەر ئۇيغۇر جەمىيىتىدە بولمىسا كىرەك.

ـ شاكىرجان ئوغلۇم نىمە بولدى سىلەرگە ، ـ ياسىن باي چاي قۇيغاچ سۇئال بىلەن كوزۈمگە تىكىلدى.مەن ئۇنىڭ نىمە دىمەكچى بولغىنىنى چۈشەنمەي قاراپلام ئولتۇردۇم.

ـ روشەنگۈللەر بىلەن بىر ئۆيدان ئوتۇپ كىتىپ باراتتىڭلار .مېنىڭچە بولغاندا ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويىدىغان ۋاختىمۇ بولغان ئىدى، ـ باي ئاكام بىزنىڭ يېقىنلىغىمىزنى چوقۇم خاتا چۈشۈنۈپ قالغان بولسا كىرەك،بۇنداق چاغدا مەن نىمۇ دىيەلەيمەن بېشىمنى ئىگىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ـ قىزىمدىن سورىسام دىگىلى ئۇنىمدى،ئىككى ئايدەك بولدى،تولىمۇ سۇلغۇن جىمپىلام كەتتى سىلەرگە بىر نىمە بولمىغاندۇ؟

ـ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچ ئىش بولمىدى ئاكا ،ئەمدى شۇ ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلى. . . ، ـ باي سوزۈمنى بولدى، ـ

ـ ئۇقۇشماسلىق بولسا بولۇپتۇ ،ئۇمۇ ئوتۇپ كىتىدۇ ،مېنىڭ دۇنيالىقتا شۇ بىرلام قىزىم بار ،تاپقان ـ تەرگىنىم شۇ قىزىمغا مەنسۇپ ئوغلۇم ،سەنمۇ بىر ئۆيدان بالا بولدۇڭ ،سەندىن خاتىرجەم دىسەم بولىدۇ،ئەمما شۇ ئەركە قىزىم مېنى خاتىرجەم قىلارمۇ ؟، ـ باي تەر چۈشۈۋاتقان چىرايىنى قولى بىلەنلام سۈرتۈپ قويۇپ يەنە سوزلىدى، ـ

ـ شاكىرجان بالام پۇرسەت بولسا قىزىم قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ بىلەن ياخشىراق سوزلىشەرسىلە ،بولسا تويۇڭلارنى چاپسانراق قىلىۋاتارسىلە، ـ دادىنىڭ قىزىغا ئەلچى بولىشى شۇنچە تەس بولسا كىرەك .باي تېخىمۇ تەرلەپ كېتىۋاتاتتى .مەن بۇ باينىڭمۇ مېنى خاتا چۈشۈنىشىدىن ھەيرانلىق ھىس قىلمىدىم ،چۈنكى مەن بۇرۇنقى چاغلىرىمدا شوخلۇق قىلىپ

باينىڭ ئۆيىنى ئۆز ئۆيۈمدەك كورۈپ كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتىم ئەمەسمۇ.ئۇنىڭدىن قىزنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىگىنى سوراشتىن خىجىل بولۇپ ،گېپىگە ماقۇل بولۇپ قايتىپ چىقتىم.ياق ئۇنداق قىلالمايمەن دىگەن گەپتىن ئوقۇش ئۈچۈن يۈرتتىن يوقالساملا بولدى ئەمەسمۇ.

كۈتكەن چاغلارمۇ يىتىپ كەلدى ،ھەيرانمەن ئايگۈلدەك بىر قىزنىڭ ۋاي دەپ يۈرۈپ ماڭىدىغانغا ئاز قالغاندا يوقاپ كەتكىنىگە ،بىر تۈرۈپ خوش بولۇپمۇ قالدىم.چۈنكى ئۇ يوق بېشىم ساق ئەمەسمۇ مىنىڭ.

* * * * *

يۈرتتىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىككى كۈن تۈرۈپ قالدىم .بىجىرىدىغان ئىشلىرىمنى توگۈتۈپ ئايدىرومغا كىچىكىپ كەلدىم ،ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا ئايرۇپىلانغا چىقىش رەسمىيىتىمنى بىجىرىپ ئۈچقىلى قوپقان ئايروپىلانغىمۇ چىقىۋالدىم.جىددىيچىلىكتە ئورنۇمنى تېپىپ يوكلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇم ۋە ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ يان بىلىمغا قارىدىم .مىنىڭ ئورنۇم ب ئورۇن بولۇپ دەرىزە تەرەپتە بىرى ئولتۇراتتى ، س ئورۇندا ئادەم يوق بوش ئىدى.ئا ئورۇندا ئولتۇرغان قىز سىرتقا قاراپلام ئولتۇغاچقا باشتا ئانچىمۇ زەن سالمىغان ئىكەنمەن بىراق ھازىر ئۇنى كورگۈنۈمدە ئوزۇمنى يوقۇتۇپ قويۇپ ئورنۇمغا ئوزۇمنى تاشلىدىم. ئۇمۇ مىنى كورۈپ نىمە قىلارنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۈرۈپ قالدى.كوزلىرىمدە ياش ،ئەركەكلىگىمنى ئۇنتۇپ يىغلىماقتىمەن ،ئۇنىڭمۇ كوزلىرىدىن ياش قۇيۇلماقتا ،ئۇنىڭ مەڭا نەپرەت يېشى ئاققۇزغىنىنى ياكى ھىجران يېشى ئاققۇزغىنىنى بىلەلمەيتتىم.قانچىلىك قاراپ تۈرۈپ قالدۇق بىر چاغدا بىرى بېقىنىمغا نوقىدى. قارىسام س ئۈرۇندا ئۇلتۇغان قىزچاقكەن .ئۇنى كورۈپ پارتلاپ كەتكىلى تاسلام قالدىم...

ـ ۋاھ دىيىشۋالغان بولماڭلار يەنە ،شۇنداقمۇ ئۇدۇل كەلگەن بارمۇ ؟سلەرنىڭ شاڭخەيدە سورىشىپ يۈرۈشكىلەرگە قاراپ تۇرامدىمەن دەپ مەنمۇ سلەرگە ھەمراھ بولغىلى ماڭدىم،قايسى كۈنكى سويۈشنىڭ داۋامىنى ئەمدى مەن شاڭخەيدە كورستىمەن ،سەن قىز

كەلتۈرۈش كىلىشىمى تۈزۈپ قىز كەلتۈرسەڭ ،مەن سىنى كەلتۈرۈش قەسمى قىلىپ سىنى كەلتۈرىمەن شاكىر ، ـ سوزلەۋاتقىنى ئايگۈل ئىدى .دەرىزە تەرەپتە كورگەن قىز بولسا شەمسىيە بولۇپ ،يىغلاشتىن توختاپ بىزلەرگە ھەيرانلىق بىلەن باقماقتا ئىدى،

ـ شاكىرنى خىيالىڭغا ئەكەلگۈچى بولما شەمسىيە ،ئۇنى مىنىڭ ئالدىمدا سويگىنىڭمۇ ماڭا قىلغانلىرىڭغا يىتىپ ئاشىدۇ.بۇرۇنقى ئاداۋىتىمىزنى چورۇپ تاشلىساممۇ شاكىرنى سويگۈنۈڭ ئۈچۈن چوقۇم بەدەل تولەيسەن.

ـ بولدى قىل ئايگۈل ،قايسى چاغدىكى رەسۋالىقلارىمۇ يىتىپ ئاشىدۇ ، ـ غەزەپ كۈچىدىن ئۇنى قىز بالا كورمەي تەستىگىگە سىلىش ئۈچۈن كوتۈرگەن قوللۇرۇم شەمسىيەنىڭ تۇتىۋىلىشىغا ئۇچرىدى،ئۇنىڭ كوزىگە قارىدىم،ئۇ ياق دىگەندەك بىشىنى چايقاپ تۇراتتى.

ـ ئەركەك بولغاندىكىن سالامسەن،جانانىڭنىڭ ھاقارەتكە ئۇچرىشىغا چىدىمىغان بولساڭ ئۇرىۋەر،ئەمما بىلىپ قويغىنكى سىنىڭ ھەر بىر تايىغىڭ ئوز يولىڭغا قويغان توساق بولۇپ ،ئوزۈڭگە يانىسا ، سەن شەمسىيەنى سويگىنىڭدەك مەنمۇ بىر ئىشەكنى سويۈپ بىرىمەن ساڭا،ـ ئۇنىڭ بۇنچە ھازازۇل ئىكەنلىگىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن .ئۇنىڭدىن قورقۇشقا باشلىدىم.

ـ مۇشۇ ئايروپىلاندا ئىكەنلىكىڭلارنى بىلىپ، مۇشۇ ئورۇنغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچۈگۈنۈمنى بىلسەڭلار مىنىمۇ بوش چاغلىماستىڭلارغۇ دەيمەن.بىلىپ قويۇڭلار كىيىنچە تىخى ئۇچىمىز بىر سىنىپتا ئوقۇيمىز ،شەمسىيە بىلەن مەن بىر ياتاقتا ياتىمەن ،نوچى بولساڭلار مۇشۇنى بىر بۇزۇپ بىقىڭلار ،شۇ چاغدا سىلەرنى نوچىكەن دەپ يول قويىمەنمۇ تىخى ھى ھى ھى ، ـ ئۇنىڭ كۈلكىسى ئايروپىلاننى بىر ئالدى.

ـ ئايگۈل سەن نىملا دىمە شاكىر بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرسىدا ياخشىلىنىش بولىدۇ دەپ ئويلىما ،سۇنغان شاخنى ھىچ بىر كىشى ئۇلىيالىغان ئەمەس ،سەن بىلەن بىر ياتاقتا يىتىپ بىر سىنىپتا ئوقۇش خىيالىمغا كىرىپ چىقمايدۇ،چۈنكى مەن بارلىغىمنى

"ئاللاھقا"تاپشۇرغانمەن،ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا قولىڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ .خالىغىنىڭنى قىلىۋەر، ـ شەمسىيەنىڭ ئاۋازى بوغۇلاپ چىقىۋاتاتتى..

ـ ئاللاھنىڭ خالىغىنىدىن باشقا قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ دەيسەنۇ،شاكىر بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرسىدا ياخشىلىنىش بولمايدىغانلىغىغا ئىشىنىدىكەنسەن شەمسىيە،سېنىڭچە ئاللاھ شاكىر بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشقا ياكى مەن بىلەن شاكىرنىڭ بېشىمىزنى ئوڭلاشقا قۇربى يەتمەمدىغاندۇ .قەنى ئەيتىماسەن ،مۇشۇ سۇئالىمغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بەرسەڭ ،شاكىر بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بىرەلىگەن ئۇ ھەق ئىگىسىگە مەنمۇ ئىمان ئەيتىپ ،ناماز باشلىغان بولاتتىم، ـ بۇ جىنتەكىنىڭ بۇنچىلىك گەپكە ئۇستىلىغىنى ،شەمسىيەدەك بىر قىزنى ئۆزى چۈشەنمەيدىغان دىن ئىشىدىمۇ تۇتىۋالىدىغىنىنى بىلمەمپتىكەنمەن.

ـ مەن خاتا سوزلەپ قويۇپتىمەن ،كەچۈر ئايگۈل دىگىنىڭدەك ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ .ئۇ خالىسلا ئىككىڭلارنىڭ ئىشى پۈتىدۇ ،خالىمىسا مەڭگۈ مەخسىدىڭگە يىتەلمەيسەن، ـ شەمسىيە ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى قەستەن يۇشۇرۇپ ئاتلاپ ئوتۇپ كەتتى،ئايگۇلمۇ بىلىپ تۇرسىمۇ ئۆزى ئۇچۈن ئاڭلاشنى خالىمىغان گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمىدى بولغاي سۇرۇشتۇرۇپ يۈرمىدى.شەمسىيەنىڭ بۇ سوزى مېنى قەۋەتلام خوش قىلدى ،شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭغا باقتىم ،ئۇنىڭ يۇزى بىلەكچە قىزارغان ئىدى.

يۈرۈگۈمنىڭ سىلىشى ئۆزۈمگە بىلىنمەكتە ،شەمسىيەنىڭ بەدىنىمگە تېگىۋاتقان تەرەپلىرىدىن ئوت بولۇپ يانسام ،ئايگۈل تەرەپتىن توڭلىماقتا ئىدىم.كوزلۇرۈمنى يۇمۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قولاق سالماي ئۆزۈمنىڭ ھوزۇرى ۋە ئازاۋىنى تارتىشقا تۇتۇش قىلدىم...

**(3)**

مەكتەپكىمۇ كېلىپ ئورۇنلىشۋالدۇق،ئايگۇلنىڭ دىگىنىدەك مەن يالغۇز ،شەمسىيە بىلەن

ئايگۇل بىر ياتاقتا ئورۇنلاشتى.ئۇلارنى ئايرىم ياتسۇن دىسەك مەكتەپ خوجۇلۇق بولمىدىن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ،بۇمۇ سىلەرگە كوڭۇل بولگەنلىك ،ئايرىم ياتىمىز دىسەڭلار سىرتتىن ياتاق ئىزلەپ بىقىڭلار دىگەن جاۋاپقا ئىرىشىپ قولايسىز بولىشىدىن ئەنسىرەپ ئىككى رەقىپ بىر ياتاقتا چۈشتى.

كۇنلىرىمىز زىركىش ئىچىدە ئوتمەكتە.مەن شەمسىيەنى قوغلايمەن ،ئايگۇل مىنى،مەن ئايگۇلدىن بىزار ،شەمسىيە مەندىن بىزار،ئايگۇل بولسا شەمسىيەدىن بىزار.رەقىپلەر تار يولدا ئۇچرۇشۇپتۇ دىگەندەك ئۇچىمىز بىر مەكتەپ ،بىر سىنىپ يەنە كىلىپ ياتىغىمىزمۇ يىقىنلام ،تامىغىمىز بىر ئاشخانىدا .ئادەم بۇنداق ياشىسىمۇ بەك قىززىق بولىدىكەن. ئالىيش ،تويماي بىقىش ،يۇشۇرۇن قاراشلار ئىچىدە كۇنلىرىمىز مەنىسىز.

بۇرۇختۇملۇقتا ياشىغاچقىمۇ دەرىس دىگەن نەرسە كاللىمىزغا چۇشمەيدىكەن.بىزنىڭ تىلىمىز يولداشلارغا باققاندا چەتئەل تىلىغا ياخشى كەلسىمۇ ھىچ ئۇلاردىن ئېشىپ كىتەلمەيۋاتاتتۇق.بىر كۇنى ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ دەشنامىنى ئىشتىپ چىقىپ بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندىن بويانقى تۇنجى باش قوشۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇق.تۇنجى بولۇپ ئايگۇل سوز ئالدى، ـ

ـ ئوزۇمدىن نومۇس قىلىۋاتىمەن،ھەرقانچە بولسىمۇ زىدىيىتىمىزنى سىنىپقا سورەپ كىرسەك بولمايتتى، ـ ئۇ شەمسىيەگە دارىتمىلىدى.

ـ شۇنداق نومۇس دىگەننى بىلمەيدىغانلارغا ھەمرا بولۇپ ،مەنمۇ دوراپ قالدىمغۇ دەيمەن، ـ شەمسىيە ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرىۋەتتى.

ـ بولدى قىلىشىڭلار،نىمانچە توگىمەيدىغان ئاداۋەت بۇ،ئوتتۇراڭلاردا زادى توگىمەيدىغان نىمىمۇ بار بولغۇيدى ؟

ـ سىز ،بىلمەمسىز شاكىر ؟ ، ـ ئىككىلىسى تەڭلام سوراپ كوزۇمگە مىختەك قادالدى،يۇزلۇرۇم ئوتتەك قىزىرىپ گەپمۇ قىلالمىدىم.

ـ مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈشمەي ،زىدىيەتمىزنى ھازىرچە بولسىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويساق بولماسمۇ ؟ ، ـ ئايگۈل ئۆزىدىكى ئەيىپنى يوگەش ئۈچۈن ئالدىن يول قويغان بولماقتا ئىدى .

ـ بولىدۇ ،بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەنمىز ھازىرچە ئاداۋەتنى قويۇپ تۇرايلى ،ئەمما سېنىڭ ماڭا قىلغانلىرىڭنى كەچۈرىۋەتتى دەپ قالما ئايگۈل ، ـ شەمسىيە ئايگۈلگە يول قويىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

ـ ئىككىڭلارنىڭ ئەپلىشىپ قالغىنىڭلارنى كورۈپ بەك خوش بولدۇم ،بوگۈن سىلەرنى مەن مېھمان قىلاي ، ـ خوشامەت سوزۇم ئۇلارغا ياقمىدى بولغاي ، ـ

ـ ئىشىڭىزنى قىلىڭ ،بىزنى مېھمان قىلماي ، ـ بۇ ئىككىسىنىڭ ئېغىزىدىن ئىككى قېتىم تەڭلا ئوخشاش سوزنىڭ چىقىشى ھەيرانلىغىمنى ئاشۇرماقتا ئىدى .

كوپ ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق ،خاپىلىقتا ئۇلارغا ھومىيىپ قويۇپ ياتاق تەرەپكە ماڭدىم ، ـ

ـ نەگە ، ـ ئايگۈل چاقىرىدى .

ـ ياتاققا ،سىلەرنىڭ سېسىق گەپلىرىڭلارنى ئاڭلىغۇچە ئىشمنى قىلاي ، ـ يولۇمنى داۋاملاشتۇرماقچى ئىدىم ، ـ

ـ مېھمان قىلماقچى ئىدىلىغۇ چىرايلىق غوجام ، ـ شەمسىيەنىڭ رەسۋالىغىمىدىن كېيىنكى ماڭا قىلغان تۇنجى سوزىنى ئاڭلاپ،قولىغۇمىدىن چاتاق چىققان بولمىسۇن دەپ قولىغۇمنى كوچۇلىدىم .

ـ قولاقلىرىدا چاتاق يوق ،دىلىرى مايماق،ئىككىمىزدە چاتاق يوق،ئۆزلىرى نايناق ، ـ ئايگۈلمۇ شەمسىيەنىڭ ماڭا گەپ قىلىۋاتقانلىغىدىن ھەيران بولدىمۇ،غىلجىڭلاپ يۇرۇپ ،قوشاق قاتتى .

قىزلارنىڭ كوڭلىنى چۈشەنمەك نىمە دىگەن تەس،شەمسىيەنىڭ كۆنلىكى كىلىۋاتسا كىرەك،ئاداۋەتنى قايرىپ قويۇپ ، ـ

ـ ئەمىسە ئۆزلىرى دىگەن بولغاندىن كېيىن بوگۈنكى تامغىمىز ئەپەندى رىستۇرانى بولسۇن ،تاكسى پولىمۇ ئۆزلىرىدىن ،تىز بولسىلا تاماق يەپ بولۇپ ئوگۈنۈش قىلمىساق بولمايدۇ،ئەتىدىن باشلاپ ئوگۈنىشتە رىقابەتلەشمىسەك بولمايدۇ،كىمنىڭ نوچىلىغىنى ئوگۈنۈش بەلگۈلىسۇن، ـ دىدى.

ـ بولىدۇ، بىر مەزگىل بېشىڭ ساق بولىدىغان بولدى شاكىر.ئەمما دىققەت قىل. مەن خاپا بولىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولارسەن ،بولمايدىكەن ئوگۈنۈش دىگىنى قۇرىسۇن، ـ ئايگۈل بارماقلىرى بىلەن ئىڭىگىمنى ئىلىپ قويدى ۋە، ـ

ـ شەمسىيە سەن ئۆزۈڭنى بەك ئەقىللىق چاغلىغاندىكىن ئوگۈنىشتە بەسلىشىپ شاكىرنى بىر تالاشامدۇق،سەن يېڭىۋالساڭ شاكىرنى ساڭا قوش قوللاپ ئوتۇنەي، ـ ئۇنىڭ يەنە ساراڭلىغى تۇتۇپ مىنى قىماردىكى بىر پىشكا كورەۋاتاتتى،غەزىۋىم تۇتتى.

ـ سەن مىنى نىمە كورىۋاتىسەن ،ھىسسىيات دىگەن نەرسە يوق بۇت كورىۋاتامسەن.ئۇتىۋالسىلا مىنى كەچۇرىدۇ دىمىگىن.زىدە بولغان يۈرىگىمدىكى يارا ساڭا مەڭگۇ نەپرەتلام قوزغايدۇ ،خىيالىڭدىن تىزراق يانساڭ بولارمىكى، ـ ئاچچىق يۇتىۋېلىپ سوزلىيەلمەي قالدىم.

ـ ھازىرلا زىدىيەتلەرنى چورۇپ تاشلاپ ئوگۈنىشكە ئاتلىنايلى دىيىشمىگەنمىدۇق،بولدىلا بۇنداق قۇرۇق گەپلەرنى قىلىشماي تاماققا بارايلى،بۇندىن كېيىن تىكىشىش دىگەننى ئېغىزىغا ئالغاننى كورسەم ،مەندىن رەنجىمەڭلار، ـ شەمسىيە تەددى بىلەن خىتاپ قىلغاچقىمۇ ئىككىمىز ئېغىزىمىزنى يۇمۇشقا مەجبۇر بولدۇق.

كۇنلىرىمىز ئۇگۈنۈش يەنە ئۇگۈنۈش بىلەن ئوتمەكتە،بىر بىرىمىز بىلەن رىقابەت ۋە تولۇقلاش ئاساسىدا،چىقىشىپ قالدۇق دىسەكمۇ بولىدۇ.ھىچ بولمىسا بىرە سوزلۇك سوراش بانىسىدا شەمسىيە بىلەن سوزلىشىۋالىمەن.ئۇمۇ بۇنداق چاغدا ئارىمىزدا ھىچقانداق ئاداۋەت بولۇپ باقمىغاندەك ماڭا قېتىقىنىپ چۈشەندۇرىدۇ.ئايگۇلمۇ مەندىن بىلمىگەننىگە سىلىپ

بىلگىنىمنى سورايدۇ .مەنمۇ چاندۇرماي چۈشەندۈرگەن بولىمەن.بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ماڭا بولغان سۈركىلىشلىرى تېخىمۇ كوپەيىمەكتە.بىزار بولسامۇ چىداشقا مەجبۇرمەن .چۈنكى ئۇ دىگەن بىر يىلان،دىققەت قىلمىدىممۇ چاقماي قويمايدۇ،ئۇ چاقتىمۇ هازىرقى شەمسىيە بىلەن بولغان يېقىنلىغىمنى نەگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ ئۇ ماڭا قاراڭغۇ ،شەمسىيەنىڭ كوڭلىنى تا بۈگۈنگىچە بىلەلمىدىم.

كۈنلىرىمىز خېلى ياخشى مەنىلەرگە تولۇپ ئۆتىۋاتقان بۇنداق چاغلارمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى.چۈنكى يېرىم مەۋسۇملۇق ئوقۇش توشۇپ قىشلىق تەتىل باشلىناي دەۋاتاتتى.بىر كۈنى پۇرسەت چىقىرىپ شەمسىيەدىن سورىدۇم، ـ

ـ مېنى كەچۈرەرسەنمۇ شەمسىيە، ـ ئۇ كوزلىرىمگە تازا سەپ ـ سېلىپ قاراپ، ـ

ـ سېنىڭچىچۇ شاكىر، ـ دەپ سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاپ بەردى.

ـ ئاللاهمۇ توۋۋە قىلغان بەندىسىنى كەچىرىدىكەن،سەن كەچۈرەلمەسسەنمۇ ؟.

ـ شۇنداقمۇ ؟ئەمما ئاللاھ ئوزىگە شىرىك كەلتۈرگەننى مەڭگۈ كوچۈرمەيدۇ،مەنمۇ شىرىك مۇهابىبەتتىن بىزار شاكىر.

ـ مەن ساڭا بولغان مۇهاببىتىمنى شىرىكتىن ساقلىيالماسمەنمۇ ؟، ـ دىدىم مەن.

ـ بۇنى ئوزۇڭدىن،ئايگۈلدىن ،ئاخىرىدا ئاللاهتىن سورا نىمە دەيدىكىن قېنى؟، ـ شەمسىيە ئەمدى گېپىم توگىدى دىگەندەك قېشىمدىن ئايرىلىش ئۈچۈن مېڭىشقا تەمشەلدى.

ـ بولىدۇ ،ئالدى بىلەن ئوزۈمدىن سوراي،سەن ئايگۈلنى سويەمسەن ؟ياق،ياق ياق...، ـ ئۈنلۈك توۋلىدىم مەن.

ـ سەن شاكىرنى سويەمسەن؟شۇنداق ،شۇنداق ،شۇنداق...، ـ نەلەردە ماراپ يۈرۈپ پەيدا بولدى بۇ جىن گېپىمىزنىڭ بىلگە تەپتى.

ـ هى هى هى، ـ شەمسىيە كۈلگەن پېتى قانداق دىگەندەك ماڭا مەنىلىك قاراپ قويۇپ قېشىمىزدىن ئايرىلدى،مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشمەك بولۇپ قوزغۇلىۋىدىم،ئايگۈل يولۇمنى

تورىدى .

ـ نەگە ،مېنىڭمۇ سىزدىن سورايدىغانلىرىم بار، ـ ئۇ بارماقلىرى بىلەن يۈزۈمگۈم ئۈستىگە نوقۇپ مېنى توختۇتۇپ قويدى.شەمسىيەگە قارىدىم،ئۇ كەينىگە قاراپمۇ قويماي كىتىپ باراتتى .

ـ تىز سورا ،نىمە گېپىڭ بار ئىدى، ـ دىدىم مەن .

ـ نىمە گەپ بولاتتى،قايسى كۈنكى شەمسىيە بىلەن ئۈگۈنىشتە تىكىشەيلى دىگىنىم يادىڭدىمۇ، ـ ئۇ يەنە كوڭلىگە نىمە رەزىللىكلەرنى يۇشۇردى يەنە شۇ تىكىشىش دىگەن رەسۋالىقتىن سوز ئېچىۋاتاتتى .

ـ يەنە نىمە قىلاي دەيسەن ؟، ـ دىدىم مەن .

ـ نىمە قىلاتتىم،شۇ سوزۇم كۈچكە ئىگە بولسىكەن دىگەن ئۈمۈتتىمەن.سەن ياكى شەمسىيەدىن بىرىڭلار مەندىن ياخشىراق نەتىجىگە ئىرىشسەڭلار،مەن ئوقۇشۇمنى تاشلاپ كىتەي ،كوزۈڭگە ئىككىنجى كورۈنگىچى بولماي،ئەمما مەن ئۈتسام سەنمۇ تەن بەر، ـ بۇ گەپلەرغۇ ماڭا تازا ياقتى،بۇ جىندىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاسانلام چارىسى ئىدى.بىراق ئۈتۈشقا كوزۇم ئېلەمدۇ،ئۈتقان تەغدىردىمۇ شەمسىيە ئىلگىركى تىكىشىش جىدىلىنى ئۇنتۇپ كىتەلمىگىنىدە،مۇھابباتنى يەنە دوغا تىككىنىمنى بىلسە ئاخىرىنى ئويلاشقا پېتىنالمىدىم .

ـ ئومۇدىڭنى ئۈز ئايگۈل،مېنىڭ سېنى ياخشى كورىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس،بىر قېتىم تىكىشىپ بۇرنۇمغا يىگىنىم تېخى يادىمدىن كوتۈرۈلگىنى يوق.ئىشەك جېنىدا بىر قېتىم سېپىلغان كورۈكتىن ئىككىنجى ئوتمەيدۇ .

ـ ئاسان يولنى دىسەم كونمىدىڭ ،ئىلگىرى دىگىنىم يادىڭدىن كوتۈرۈلمىسۇن.مېنىڭ قولۇمدىن هەر بالا كېلىدۇ،بوگۈنكىدەك ئىككىڭنى يالغۇز ئۇچۇۈرتۇپ يۈرمەي،قالدى گەپنى يۈرتقا بارغاندا دىيىشەرمىز .مېنىڭ سېنى قولغا كەلتۈرەلمەسلىگىمگە پەقەت ئىشەنمەيمەن،يولىمىزدا نۇرغۇن پۇرسەتلەر بار تېخى، ـ ئۇ ئىڭگىمنى ئوبدان بىر چىمدىپ

قويۇپ كىتىپ قالدى.ئويلۇنۇپ قالدىم،بۇ جىننىڭ قولىدىن دىگىنىدەك ھەر بالالار كىلەتتى.ماڭا ئورا كولىسا مەيلىغۇ،شەمسىيەگە قەست قىلىپ يۈرمىسە بولاتتىغۇ ئاخىر.

ئايگۈلنىڭ بۇنچە يۇقۇر نومۇر ئالغىنىنى كورۇپ ھەيران قالدىم.مەندىن سوراپ يۈرگەنلىرى پەقەتلام ماڭا سۈۋۈنۈش ئۈچۈن ئوينىغان ئويۇنلىرىكەندە.مەكتەپ بويىچە بىرىنجى بولغان ئىدى.شەمسىيە ئىككىنجى بولغان بولسىمۇ مەن خىلى كەينىدە قالغان ئىدىم.ياخشىمۇ جىنتەكىنىڭ قىلتىغىغا چۈشۈپ كەتمەپتىمەن.ئاللاھنىڭ يامان يەردە مىنى قوغدىغىنىغا مىڭ شۈكرە..

4

يەنىلا ئۈچۈلىمىز بىر ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق.ئايگۈلنىڭ مەكتەپتە بىشەڭلىك قىلمىغىنىغا قاراپ خىلى تۈزۈلۈپ قالغان بولسا كىرەك دەپ ئويلاپتىكەنمەن،مانا ئۇنىڭ رەزىللىكى يەنە نامايەن بولۇشقا باشلىدى.

ـ شەمسىيە مەكتەپتە يۇۋاشلىق قىلىپ گەپ قىلمىغىنىمغا قاراپ مىنى شاكىردىن ۋاز كەچتىمكىن دەپ قالما،قەنى قانداق قىلىشاركىن دەپ كورۇپ باققان ئىدىم ،مەندىن راسلام ئېھتىيات قىلدىڭ.شۇنى دەپ قويايكى مۇشۇ ئېھتىيات ئۈستىدە بىر ئومۇر تۇرمايسكەن ئىلگىركى قىلغانلىرىمنى ئۇنتۇپ قالما،ـ ئۇ گېپىنىڭ مۇشۇ بولىگىگە كەلگىنىدە مىنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتامسەن دىگەندەك ماڭا قاراپ قويدى.

ـ ياخشىمۇ ئۈرۈمچىدە قالدىغان بولۇپسەن،ئەگەرچەندە يۇرتقا قايتىدىغان بولغان بولساڭ ئىلگىرى تىكىشىپ ئۇتالمىغىنىمنى سىنى رەسۋا قىلىپ بولسىمۇ ئۇتقان بولاتتىم.بىلىپ قوي شاكىرغا سىنى يولۇقتۇرغان مەندەك بىر ئەخمەقتىن دۇنيادا يەنە بىرى بولماس.ئەسلى ئۇنىڭ بىلەن تىكىشمەن،نوچىلىغىنى يەرگە ئۇرىمەن دەپ يۈرمىگەن بولسام ئۇنىڭ ئاللا بۇرۇن مىنىڭ قوينۇمدا ياتقىنىنى ساڭا كورسەتكەن،سەندەك رەسۋالىغىدىن يۇرتقا پاتماي شەمۇ ـ شە قېچىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىدىغان ،ئىلگىرى قىلغانلىرىنى يۇشۇرۇش ئۈچۈن تۇت تۇقامنى

ئۈشۈق ئارتىۋىلىپ مەن دىگەن ئىپپەتلىك قىز دەپ باشقىلارنى ئازدۇرۇپ يۈرۈيدىغان زامان بۇزۇقلىرىنى قىلغىنىغا تويغۇزىمەن دىمىگەن بولسام ،ئوزۇم سويگەن يىگىتتىن دەشنام يىسەمۇ ،بەش نان يىگەندەك هوزۇرلىنىپ يۈرمەس ئىدىم ،شەمسىيە . . . ، ـ ئۇنىڭ زۇۋانى شەمسىيەنىڭ كىلىشتۈرۈپ سالغان بىر شاپىلىغى بىلەن ئوچتى .

ـ ئايگۇل ئىلگىركى قىلغان رەسۋالىقلىرىڭنى يادىمغا سالغۇچى بولما ،ئىنسان دىگەن رەزىل بولا سەنچىلىك بولماس ،هىلىمۇ قىلغانلىرىڭغا سۆكۈت قىلىپ كەلدىم .بورۇنقى رەسۋالىقلىرىڭنى شاكىردەك ئاشىقىڭ ئۇقۇپ يۈرمىسۇن دىسەڭ ئىغزىڭنى يىغىپ يۈر .

كىمنىڭ قانچىلىك ئىنسانلىغىنى ئاللاهنىڭ بىلگۈچىلىگى بار .گەپ قىلماي يۈرسەم گاچا چاغلاپ يۈرمە .شاكىرنىڭ ئويغۇنىۋاتقان ئىمانىنى دىمەيدىغان بولسام ،ئۇنىڭ قىلغانلىرى ئۈچۈن سەندەك بىر تىپىلماس تالانىت ئىگىسىگە تازا ماس كىلىدىغان بىر جۇپلەردىنكەن دەپ سىلەرنى جۈپلەپ قويۇشقا بارچە ئامالنى قىلغان بولاتتىم .بىراق ئاللاه چوكۇپ كىتىۋاتقان كىمىنى قۇتقۇزىۋالغانلارنى بارچە ئىنسانلاردىن ئارتۇق كورگىنى ئۈچۈن ،مەن شاكىردەك ئوز يولىنى ئىزلەۋاتقانلارغا يول كورسۈتۈشنى ئوز مەجبۇرىيىتىم دەپ قارايمەن خالاس ،بىراق ئىسىڭدە بولسۇنكى شاكىرنى هەرگىزمۇ ئوزۇمنىڭ مەڭگۈلۈك هەمرايى بولالايدۇ دەپ قارىمايمەن ، ـ ئۇلارنىڭ جىدىلىنىڭ تىخىمۇ ئۇلغۇيىشىنى ،جىدەل ئارىسىدا مەن بىلمەكچى بولغان سىرلارنىڭ ئىچىلىشىنى ئۈمۈت قىلغىنىم ئۈچۈن سوكۈت قىلماقتا ئىدىم .

ـ ئۇر شەمسىيە ئۇر ،ئوڭ تەستىگىمگە سالدىڭ .مانا ماۋۇسى سول تەستىگىم ،ئەمما بىلگىنكى تەتىلدىن يىغىلغاندا تەستىگىڭنىڭ ئىزىدىن شاكىرنىڭ لەۋ ئىزىنى كورمەيدىغان بولسەڭ . . . ، ـ ئۇ شۇنچىلىك چاققانلىق قىلدىكى مەن تۇيۇپ بولغىچە بوينۇمغا گىرە سىلىپ مىنى سويىۋالدى ،يۈزۈمنى ئەپ قىچىشقىمۇ ئۈلگۈرمىدىم .پۈتۈن زىھنىم ئۇلارنىڭ جىدىلىدىن ئۇقماقچى بولغان ئۈچۈردا قالغان ئىدى .

قاتتىق سىلكىشلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم .نومۇستىن يۈزۈم ئوت ئالدى .ئوزۇم سويگەن

،كىچە ـ كۈندۈز خىيال قىلىۋاتقان مەشۇغىنىڭ ئالدىدا باشقىلار تەرىپىدىن سوييۇلىشتىن خىجالەت ئىش بولمىسا كېرەك.پۇت ـ قولۇم تۈرمۈزلاندى. تىلىم تۇتۇلدى.

ـ كورگەنسەن مانا بۇ سېنىڭ سالغان تەستىگىڭ ئۇچۇن قايتۇرغان جاۋابىم.بۇندىن كېيىن قولۇڭنى يىغىپ يۇرۇشنى ئۇگۇتۇپ يۇرمىسەمۇ بولار، ـ ئارىمىزدا سۇكۇت.ئايروپىلان ئۇرۇمچى ئايرىپورتىغا چۇشۇپ ئۇلاردىن ئايرۇلغىچە شەمسىيەنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمىدىم ،شەمسىيە تەتىلنى ئۇرۇمچىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئوتكۇزۇش ئۇچۇن ،ئايگۇل ئىككى ـ ئۇچ كۇن شەھەر كورىمەن دەپ ئۇرۇمچىدە قېلىپ قالدى.مەن يۇرتقا قايتىش ئۇچۇن ئايروپىلان ئالمىشىمەن دەپ ئايدىروم كۇتۇش زالىدا قالدىم .ئايرىلىش ئالدىدا ئايگۇل ئازراق ئەركىلىمەكچى بولغۇنىدا مېنىڭ ئەلپازىمنىڭ ياماﻧﻠﯩﻐﯩﺪﯨﻦ ئەنسىرىدىمۇ سۇغلام خوش دىدى.شەمسىيە بولسا مېنىڭچە ـ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى بولغاي ئالدىغا چىققان كىملەردۇر بىلەن كېتىپ قالدى. بەلكىم ئاتا ـ ئانىسى بولسا كېرەك. ئۇلارنى كورۇشكىمۇ يۇزۇم چىدىمىدى.شۇڭلاشقا قاراشقا پېتىنالمىدىم.

5

يۇرتقا قايتىپ ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇققانلار بىلەن كورۇشكەن بولسامۇ كوڭلۇم پەقەت خوش ئەمەس.بىر نەرسىسنى يوقۇتۇپ قويغان ئادەمدەكلام يۇرۇيمەن.

سىرنىڭ يىشىلىشنى بەكمۇ ئومۇت قىلىمەن .ئايگۇل كېلىپ بولغىچە روشەنگۇلدىن گەپ ئېلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئويىگىلام باردىم،چۇنكى ئۇمۇ يېرىم يىل بورۇنقى ھېلىقى كۇنى كېلىشمدە ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن تېلىفۇننى ئېتىۋېتىپ خىزمەتكىمۇ بارمىغان ئىدى.

ئەپسۇس ئۇ ئويىدە يوق ئىدى.خىزمەتكار ئايال ئۇنىڭ قەيەردىكىلىگىنى دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى.مەيۇس ھالدا قايتىۋاتسام ئېسىل ماشىنىدىن بىرى قېشىمدا توختاپ باي ئاكام ماشىنا دەرىزىسىدىن مېنى چاقىرىدى.

ـ كەل شاكىر .سېنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ ئويۇڭگە باراي دەپ تۇرغان ئىدىم.ئوزۇڭنى

ئۇچۇرتۇپ قالغىنىمىمۇ ياخشى بولدى، ـ ماشىنىغا چىقىپ تىچ ـ ئامانلىق سورىشىپ كورۇشتۇم.

ـ سىلەر ئوقۇشقا كىتىپ روشەنگۇلنىڭ خىزمەتكە رايى بارماي، تىل ئوگۇنىمەن دەپ چەتئەلگە چىقىۋالدى، ـ دىمىسىمۇ باي ئاكىمىز رايۇنىمىزغا مۇھاجىر ھىساپلىناتتى.

ـ ئۇنداقتا قايتىپ كىرمەيدىكەنىدە، ـ سىرلارنىڭ سىر پىتى قىلىشى مىنى بىيئارام قىلىپ ئالدىراپ سوراپتىمەن.

ـ كىرىدۇ، كىرىدۇ، شۇ سەن بارغۇ ئوغلۇم كىر دەپلام چاقىرساڭ قايتىپ كىرەتتى. شۇنداق بولسا مىنىڭمۇ كوڭلۇم ئەمىن تاپاتتى، ـ باي ئاكىمىزنىڭ ھەقىقەتەن بىشى قاتقان بولسا كىرەك ماڭا يالۋۇرغاندەك، ئوتۇنگەندەك قاراپ تۇراتتى.

ـ قانداق ئالاقىلىشىمەن، ـ مەنمۇ ئوزۇمنىڭ ئۇنىڭغا ھاجەتمەن ئىكەنلىگىمنى بىلەتتىم. باي ئاكىمىز قانداق ئويلۇسۇن مەن ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلاشمىسام بولمايتتى.

ـ بار، بار ئوغلۇم مانا تىلىفۇن نومۇرى، ـ ئۇ بىر ئىسىم كارتوچكىسىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى، قولۇمنى قويىۋەتمەي، ـ

ـ شاكىر دۇنيالىقتا بىرلام قىزىم بار، ئۇ يۇرتقا قايتقىلى ئۇنىمىسا مىنىڭمۇ يۇرتنى، ئىگىلىگىمنى تاشلاپ ئۇنىڭ قىشىغا قايتماقتىن باشقا يولۇم يوق، ئوتۇنۇپ قالاي ئۇنى گەپكە كىرگۇزەلەيدىغان پەقەتلام سەن بار. ماڭا ياردەم قىل. كەلگۇسىدىكى بارلىغىم سىلەرگە تەئەللۇق، ـ ئۇنىڭ كوزىدىن ياش تامچىلىدى.

ـ مەنمۇ بىر ئامالىنى قىلاي.

ـ بولىدۇ ئەمىسە ھەممە ئىشلارنى ساڭا تاپشۇردۇم، يەنە بىر گەپ ئايگۇلدىن ئوزۇڭنى تارت، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ پوقىغا تىيىلىپ كەتمە، ـ باي ئاكىمىزنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ تىگىدە گەپ بار ئىدى. ئەمما سوراشنىڭ ئوزى بەك ئەپسىز. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن مىنىڭ نىمە ئىشىم بولاتتى. باي بىلەن خوشلاشتىم بىراق باي ماڭارىمدا، يىنىدىن بىر تىلىپۇن چىقىرىپ، ـ

ـ شاكىر خالىغان تىلىپۇندا چەتئەلگە تىلىفۇن ئۇرغىلى بولمايدۇ .مۇنۇ تېلىفۇننىڭ ئۇ كەسپلىرى تۇلۇق ئېچىلغان ،خالىغىنىڭچە ئىشلىتئۇەر،بىر يىللىق سوزلىشىش ھەققى ئالدىن تولۇۋېتىلگەن، ـ ياق دىيىشكە ئامال بارمۇ ؟قوبۇل قىلدىم.

ئويگە قايتىپ ھوجرامغا بىكىندىم.ئىسىم كارتوچكىدىكى نومۇرغا تىلىفۇن ئۇردۇم.

ـ ۋەي...

ـ خالالاۋ...، ـ بىر قىزنىڭ ئاۋازى گاڭگىرتىپ قويغان بولسىمۇ ئۇيغۇرچە سورۇدۇم.

ـ روشەنگۇل بارمىدۇ ؟

ـ ھى ھى ھى ...ۋاي سەنمىدىڭ شاكىر،روشەنگۇل بار ،سىنىڭ سەت ئاۋازىڭغا تەقەززا بولۇپ ئۇلتۇرۇپتىمەن ھازىر.

ـ ۋۇت ساراڭ مەن شۇ دىسەڭ بولمامدۇ،قايسى چەتئەللىك جىنكىن دەپ تىلىفۇننى قويىۋەتكىلى تاس قالدىم دىسە.

ـ مەن قايتۇرۇپ ئۇراتتىم .دادامنىڭ بۇ تىلىفۇنى سەندە نىمە ئىش قىلىدۇ.

ـ نىمە ئىش قىلاتتى،قىزىمنى ساڭا بەردىم،پۇتكۇل ئىگىلىگىمنىمۇ ساڭا بەردىم ،بۇگۇندىن باشلاپ مەن دەرۋىش بولۇپ تەركى دۇنيا بولماقچى دەپ ھەممە نەرسىسىنى تاشلاپ بەردى ، ـ چاخچاق قىلدىم.

ـ پوقۇڭنى يىگىنە،ئايگۇل بىلەن شەمسىيەدەك ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا سوقۇلۇپ پوقۇڭمۇ چىقىپ كەتكەندۇ ھەقاچان ،مىنى ئالغۇدەك ماغدۇرۇڭ بولاتتىمۇ سىنىڭ،ھى ھى ھى، ـ سەت ئەركىلەش.

ـ بولدى ئۇلارنىڭ گىپىنى قويە ،ھەقىقەتەن قىسىلىۋاتىمەن،ياخشىمۇ ئايگۇلنىڭ پىشنى كوتۇرىدىغان سەن يوق بولۇپ قاپسەن ،بولمىسا كونۇم تەس بولاتتىكەن.

ـ ھى ھى ھى يامانلىقتىن بولسىمۇ سىغىنىپسەندە.

ـ شۇنداق ماڭا قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭلارنى ئويلاپ سەسكىنىپ ئولتۇرۇپ سىغىندىم دىگىنە.

ـ ئادەمنى چېقىۋېلىشنى قاچاندىن بىرى ئوگۈنىۋالدىڭ ؟بۇرۇن قىز بالىدەكلام يۇرەتتىڭغۇ ؟

ـ ئىلان بىلەن ياشاپ ئىلاندەك بولسام كىرەك.

ـ ئايگۈل چېقىپلام تۇرغان ئوخشىمامدۇ ؟

ـ ياق دىيەلمەيمەن ،ئىراق سەندىن بىلمىسەم بولمايدىغان بەزەن ئىشلار باتتى.شۇڭا ئۇ دوستۇڭنىڭ گېپىنى قويۇپ شۇ ئىشلارغا بىر قاۋاپ بەرسەڭچۇ ؟

ـ ماڭىمۇ ھاجىتىڭ چۈشۈدىكەن ھە ،ھەقچان شەمسىيە بىلەن ئايگۈلنىڭ زىدىيىتى نىمە ؟شەمسىيە توختامنىڭ ئىشلىرىنى قانداق بىلدى دىگەندەك سۇئاللاردۇر.

ـ ئوزۇڭمۇ ئەقىللىق ،سوزلىرىڭمۇ تاتلىق جۇمۇ.

ـ شۇنداقمۇ غوجام،ھاجەتمەن بولغاندا گەپلىرى بەك تاتلىقتە.

ـ ياق راس دەۋاتىمەن.

ـ ئېغىزىمنى تاتلىق دىگىنە ئەمىسە.

ـ شۇنداق ئېغىزىڭ بەك تاتلىق.

ـ ھى ھى ھى شۇ قېتىم سويگۈنىڭدە سېنىڭمۇ ئېغىزىڭنىڭ تاتلىقلىغىنى بىلگەن ئىدىم.

ـ ئادەمنى چېلىۋاتقانمىدىڭ جىن.

ـ چالدىم ئەمەس ،چىن يۇرەكتىن چىقىرىپ سوزلەۋاتىمەن،بىلسەڭ سېنىڭ سويىشىڭ مېنى يات بىر جىنسنىڭ تۇنجى سويىشى شاكىر.تۇنجى قېتىملىغى دىگىنە.يۇرۇگۇمنى سۇغۇرىۋالدىڭ دىگىنە شۇندىن بىرى.

ـ ئەمدى سەن نىمە دەيسەن ،ئاغرىق بېشىمنى سەنمۇ ساراڭ ئىتەي دەمسەن.

ـ ياق شاكىر .مەن ھەرگىزمۇ ئايگۈلدەك ساراڭ ئەمەس.ئوزۇمنى سويمەيدىغان بىرى بىلەن ياشاشنى ئاززۇ قىلىپ يۇرمەيمەن.شەمسىيە ئىسىل قىز ،ئۇنىڭ پىشنى چىڭ تۇت.ئايگۈلدىن ھەزەر ئەيلە،ـ تىلىفۇندىن مىشىلداپ يىغلىغان يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.يۇرۇگۇم

پۈچۈلاندى،بىراق كوڭۈلنى ئىككىگە پارچىلىغىلى بولامتىمۇ ؟

ـ ساڭا رەخمەت روشەنگۈل،مېنى چۈشىنىدىغانمۇ ئادەم بار ئىكەن مانا.

ـ چۈشىنىمەن شاكىر.سېنى چۈشەنمەي كىمنىمۇ چۈشۈنىمەن.سېنىڭ بىلمەكچى بولغانلىرىڭنى بىلگەن بولساڭ مېنى ۋە باشقىلارنى هازىرقى چۈشەنگەنلىرىڭدىن باشقىچە تۈيغۇدا چۈشەنگەن بولاتتىڭ.

ـ ئەمىسە ئەيتىپ بەرسەڭچۇ ؟

ـ بۇ بەك ئۇزۇن هىكايە ،تېلىفۇندا دەپ بولغىلى بولمايدۇ.مېنى قېشىڭغا تەكلىپ قىل،يېنىڭغا بېرىپ ئەيتىپ بىرىمەن، ـ قانداق قىلىمەن كەل دىسەم ئۆزۈڭ كەل دىگەن دەپ مەندىن مۇهاببەت تەلەپ قىلىپ تۈرىۋالسا...ئايغىنى ئويلاشتىنىمۇ قورۇقتۇم.

ـ مەن كەل دىمىسەممۇ كەلسەڭ بولىدىغۇ،بۇ دىگەن ئۆزۈڭنىڭ يۇرتى.

ـ يۇرتتا نىمە بار،يۇرتۇم دەپ دەرت يۇتۇپ ئوتەمدىمەن.ياق شاكىر سەن كەل دىمىسەڭ مەڭگۇ قايتىپ بارمايمەن .دادامغىمۇ ئۇچۇق دىگەنمەن.

ـ خىجىل بولماي داداڭغا شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۇردۇڭمۇ ؟

ـ قانداق بولماپتىمۇ ؟ يۇرەكنى ئۆزۈڭ زىدە قىلغان بولغاندىكىن ئۆزۈڭ داۋاسىنى قىل.

ـ مېنىڭ شەمسيەنى سويىدىغىنىمنى بىلىسەنغۇ ؟ كوڭۈلنى ئىككىگە پارچىلىغىلى بولسا دەپ بەر ئەمىسە.

ـ مەن سەندىن مۇهاببەت تەلەپ قىلمايمەن،پەقەتلام قېشىڭدىن قوغلىماي بىرگە ئوتكىلى قويساڭلام بولغىنى.

ـ بۇرۇنمۇ ياخشى ئوتكەن .هازىرمۇ شۇنداق ئوتسەك بولىدىغۇ .

ـ شەمسيە بىلەن ئارلىشىشىڭغا قارشى تۇرمايمەن ،بەلكىم سىلەرگە ياردەم قىلىشىمۇ مۇمكىن،ئەمما بۇرۇن ئايگۇل بىلەن بىرگە قىلغان شۇ ئىشلاردا مېنى كەچۈرۈپ يېنىڭلارغا تارتساڭلىلام،مېنىڭ سويگۈمنى توغرا چۈشۈنۈپ سېنى دائىم كورۇپ تۇرىشىمغا يول قويساڭلام

بولىدۇ شاكىر.

ـ بولىدۇ .شۇنداقلام بولسا مەن قارشى ئالىمەن ،شەمسىيە مېنى توغرا چۈشەنمەيۋاتقاندا سېنى توغرا چۈشۈنۈك دەپ سوزلىسەم نىمە دەر ؟

ـ ئۇنى ماڭا قويۇپ بەر،سەن ئۇچۇن ھەممىدىن كىچىشكە رازىمەن.

ـ ئۇنداقتا قاچان قايتىسەن.

ـ ئۇنى سېنىڭ بىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.ئالدى بىلەن شەمسىيەنى تاپاي.ئۇنى كەلتۈرمىسەم بولمايدۇ ،كېيىنچە ساڭا كىچىك خوتۇن شەمسىيەگە كۇندەش بولۇپ قالامدىمەن تېخى ھى ھى ھى...

ـ ساراڭ،دولىتىمىزدە قانۇن بار .

ـ شەمسىيەمۇ دىنىي چۈشىنىدۇ،مەنمۇ ئىمان ئەيتتىم بۇ يۇرتتا...

ـ يامان خىيالىڭدىن ئورگىلەي ،چەتئەللەردىمۇ شۇ يامانلىغىڭنى تاشلىماي يۇردۇڭمۇ؟

ـ يامانلىق ئەمەس سېنى مۇشۇنداق چېلىپ يۇرسەم كوڭلۇم خوش يۇرىدىكەنمەن .ئاز كۇندىن كېيىن كورىشىشىمىزنى ئاللاھتىن تىلەيلى،سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم.خوش ئەمىسە.

ـ ئاللاھقا ئامانەت.

روشەنگۇلنىڭ گەپلىرى كوڭلۇمنى ئېچىپ قويدى ،بولۇپمۇ شەمسىيەنى" ئىسىل قىز قولۇڭدىن چىقارما" دىگەنلىرىنى ئويلۇسام كوڭلۇم يايراپلام تۇرىدىغان بولدى.ئايگۇلنىڭ ئايروپىلاندا قىلغان سوزلىرىنى پەسكەشلىك بىلەن قىلىنغان توھمەت دەپ چۈشەندىم.

روشەنگۇلنىڭ قايتىپ كېلىشىنى توت كوزلۇك بولۇپ كۇتمەكتىمەن.ئۇ كېلىپ ماڭا بۇدۇشقاقتەك چاپلاشىسمۇ ،ئۇنىڭدىن شەمسىيەنىڭ سىرلىرىنى بىلىۋالىدىغان ئىش بولسىلام باشقىسى كوزۇمگە كورۇنمەيدۇ.يەنە كۇتۇش باشلاندى.ئۇنىڭغا تىلىفۇن قىلسام ئالىدىغان ئادەم يوق.ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ چەتئەلدىن ئايرىلغان ئىدى...

**6**

**روشەنگۈلنى ساقلاپ تاقىتىم ـ تاق بولدى ،ئەپسۇس ئۇ كەلمەي ئايگۈل يىتىپ كەلدى.**

**ـ شاكىر كىيىملىرىم يارىشىپتىمۇ ، ـ دىدى ئۇ كورىشە ـ كورۈشمەستە تىچ ـ ئامانلىقنى سوراشنىمۇ ئۇنتۇپ.**

**ـ يارىشىپتۇ .خۇددى توزغىلام ئوخشاپ قىلىپسەن، ـ دىدىم مەن**

**ـ توز بەك چىرايلىق ھە...، ـ ئوزىدىن پەخىرلىنىپ مودىللاردەك ئايلاندى ئۇ.**

**ـ شۇنداق بەك چىرايلىق رەڭلىرىنىڭ سەرخىللىغىدا كوزلەر قامىشىدۇ ،ھازىرقى كىيىملىرىڭدىن كام دىگەندە ئون خىل رەڭ تېپىلغۇدەك.**

**ـ سەنغۇ مەتۇ بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدىڭ،كىيىملىرىمنىڭ رىڭى توت خىلدىن ئاشمايدۇ بولمىسا،ئىچ كىيىملىرىمنىڭ رەڭگىنىمۇ قوشساڭ بەش خىل رەڭ تاپالمايسەن،ئىشەنمىسەڭ كورۈپ باقامسەن يا، ـ ساراڭلىقى تۇتتى ئۇنىڭ .سىرىت كىيىملىرىنى سىلىشقا باشلىدى.**

**ـ پوق يىگەن ساراڭ نىمە قىلىۋاتىسەن،بۇ دىگەن ئوي،ھېلى بىكار ئانامالار كىرىپ قالسا نىمە قىلىسەن.**

**ـ نىمە قىلاتتىم ؟شاكىر سالدۇرىۋاتتى دەپ قاراپ ئولتۇرىمەن شۇ ھى ھىم ھى...**

**ـ نومۇس قىلە ،ھايا دىگەننى بىل ، ـ ئانامنى كىرىپ قالمسۇن دەپ چاينى ئوزۈم ئەكىرىش ئۇچۇن سىرتقا چىقتىم.ئاللاغا شۇكرى ئىشىك تۈۋىدە ئانام بىلەن دوقۇرۇشۇپ ئۇنى توسۇپ قالدىم،قولىدىكى چاينى ئېلىپ، ـ ئوزىمىزنىڭ شەخسى پارىڭى بار .بىزنى ئاۋارە قىلمىساڭ، ـ دەپ تاپىلاپ قويۇپ ئويگە كىردىم.**

**ـ شاكىر قارە ماڭا قانچە خىل رەڭدە ئىكەنمەن، ـ ئىشىك كەينىگە موكۇنگەن ئايگۈل مورەمدىن ئوزىگە تارتتى،جىددى بورۇلغىنىمدا قولۇمدىكى قىززىق چاي قولۇمدىن چۇشۇپ ئايگۈلنىڭ بەدىنىگە قۇيۇلدى.**

**ـ ۋايىجان ..ئانا...، ـ قاتتىق چىقىراشتا نىمە قىلارىمنى بىلەلمەي قېلىپتىمەن،ئانام**

چىقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ تاپ بېسىپ كىرىپ بولدى.

ـ نومۇس،نومۇس...، ـ ئانامنىڭ سالغان تەستىگى بىلەن ھوشۇمنى تېپىپ تىپىرلاۋاتقان ئايگۈلگە قاراپ ئۆزۈمنى تېخىمۇ يوقاتتىم،ھەقىقەتەن نومۇس قىلغۇدەك ھالەت ،ئايگۈل پۈتۈنلەي يالىڭاچ ئىدى.

* * * * *

نەسچىلىك ئەمدى باشلىنىدىغان ئوخشايدۇ،ئۇنىڭ خېلى كوپ يەرلىرى كويگەن ئىدى.بولۇپمۇ ئىككى لوتىسى بىلەن كۆكسىنىڭ سىرتقى قىسمى پۈتۈنلەي كويگەن بولۇپ ،دوختۇرلار بەلكىم تىرە كوچۈرىشىمىز مۇمكىن دەپ ئادەمنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىپ قويدى.ئۆزۈمنى ئاقلاشقىمۇ ئامال يوق .شەھەر باشلىغىنىڭ ئالىيشى،ئاتا ـ ئانامنىڭ تاپا تەنىلىرى ئىچىدە ئايگۈلگە قاراشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدىم.كىيىمنى ئۇ ئوزى سېلىۋەتكەن،مەخسىدى ماڭا باسقۇنچىلىق قىلىش ئىدى دەيمۇ ئەمدى.بىر تەڭرىمدىن بولەك كىممۇ سوزلىرىمگە ئىشىنەر.

ئۇ بولسا ئۇرۇشتا غەلبە قىلغان قوشۇن سەركەردىسىدەك مەغرۇر بولۇپ،چوڭ ـ كىچىك تەرتىنىمۇ ماڭا توشۇغۇزۇپ ھوزۇر ئالاتتى.بىر نەرسە دەي دىسەم قېشىدىن باشقىلار پەقەت ئۈزۈلمەيتتى.بۇ ئىشلارنى قىلماي دىسەم ئانامنىڭ قىلىشى تۇرغانلا گەپ،چىدىشىم كىرەك .بىر كۈنى شەھەر باشلىغى سوز ئاچتى.

ـ شاكىرجان ئوغلۇم ،بولار ئىش بولۇپتۇ .ئەمدى نىمە قىلساق بولا ، ـ ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن ماڭا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، ـ

ـ داداڭلار كەلگەندە دىيىشۋالساق بولارمىكى،ئايگۈلنى بۇ تارتۇقلار بىلەن يات بىرىگە بەرسەممۇ سەت بولغۇدەك ،مېنىڭچە ھەممە ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولغان ئوخشايسىلە،تويۇڭلارنى قىلىۋەتسەك قانداق ؟، ـ يۇشۇرۇن ئەيتىلغان سوزنىڭ تىغ ئۇچى قىزىمنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ بوپسەن دىگەن شەپىنى بىرەتتى،ئۆزۈمنى قانداق ئاقلايمەن،ئانامنى ئىككىمىزنىڭ

قىلىشىدىغان شەخسى پارىڭى بار دەپ ئۆيگە كىرگۈزمىگەن تۇرسام،ئايگۈل كىيىمنى ئۆزى سېلىۋېتىپتۇ دىسەم ئىشىنەرمۇ ؟

ـ بولدى ئۆيدىكىلەر بىلەن دىيىشسىلە ، ـ كوزۇمگە كەلگەن ياشنى يۇشۇرۇش ئۇچۇن سىرىتقا چىقتىم .

قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار دەپ كونىلارنىڭ ئەيتقىنى بەك توغرىكەن.ئۇنىڭ رەسۋالىغىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆيگە باشلىغان مەنمۇ ساراڭ.ئەمما ئۇ ئۆيگە ئۆزى ئىزلەپ كەلگەن،بوسۇغىدىنلام ھەيدەي دىسەممۇ ئانام ھوجرامغا باشلاپ ئەكىرىپ بولغان تۇرسا نىمە ئامال دەيسىلە ؟تەقدىر شۇنداق بولسا كىرەك.خۇداغا نالە قىلىشتىنمۇ خىجىل بولۇپ ئۆيگە قايتىپ ھوجۇرامغا بىكىندىم .يوتقانغا بېشىمنى چومكەپ ئاۋازىمنى بولىشىغىچە قويۇۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدىم...

قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن ،ئانام بىر چاغدا ئويغاتتى.

ـ تۇر شاكىر ،ناماز ۋاختى بولۇپ كەتتى،بۇنداق قاتتىق ئۇخلمايتتىڭ چارچاپ كەتكەن بولمىغىن يەنە، ـ ئۇ مورەمدىن نوقۇدى.ئېغىرلاشقان بېشىمنى كوتۇرۇپ ئانامغا قارىدىم.

ـ جېنىم بالام ساڭا نىمە بولدى،كىسەلگە قارايمەن دەپ چارچىغاچقا جودەپ كەتتى دىسەم ،ئەمدى يىغلىغىنىڭ نىمىسى ؟، ـ يۇزلۇرۇمگە ،كوزلۇرۇمگە جاھاندىكى ئەڭ مىھرى ئىسسىق قاللار تەگدى.ئوزۇمنى تۇتالماي ئانامنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ يىغلىدىم.

ـ ئانا مېنى كوچۇرۇڭلار !ئوزۇمنى ئاقلايمەن دەپمۇ ئاقلاپ بولالمايمان...، ـ ئۇنۇم ئىچىمگە چۇشۇپ كەتتى.

ـ نىمە خاپىلىغىڭ بار ئوغلۇم،داداڭ شەھەر باشلىغى بىلەن كورۇشۇپ ئىشىڭلارنى توغرۇلاپ قويۇپتۇ،ئايگۈل قىزىم بالىنىستىن چىققان ھامان تويۇڭلارنى قىلىۋېتىدىغان بولدۇق.سەن غەم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، ـ ئانامنىڭ باغرىغا ئوزۇمنى تېخىمۇ چىڭ باستىم ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقماقتا.

ـ ئاخماق بالام خىجىل بولما ،بولغۇلۇقنى ئۆزۈڭلار تېرىپ بولۇپسىلە،شەھەر باشلىغى بىلەن قۇدۇلىششىنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنلەردىن قانچىلىك بار دەيسەن.تەلىيىڭ باركەن.كەلگۈسۈڭدىن غەم قىلىش قالمىدى ئوغلۇم، ـ ئانام يېشىمنى سۈرتمەكتە ،ئۇ مەن بىچچارىنىڭ قەلبىنى قانداق چۈشەنسۇن.

ـ شۇنداق ،ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىنى بىر مەخلۇقتىن تاما قىلىپ ـ شۇنچە رەسۋالىققا چىداپ يۈرگەن،ئەمما تەقدىرىمىزنى بەلگۈلەيدىغان ئۇلۇغ تەڭرىمنى ياد ئەتمىگەن مەندەك ناكەسكە ـ ئاللاھنىڭ بىرىشى شۇ بولسا كىرەك ،تەقدىرىمگە تەن بەردىم.سىلەر قانداق ئورۇنلاشتۇرساڭلار پىكرىم يوق، ـ ناماز ئۇچۇن سىرتقا چۇنۇدۇم ،ئانام گەپلىرىمنىڭ مەنىسىنى بىلەلمەي ئويدە ئويلۇنۇپ قالدى.

* * * * *

مەن ئەخمەق تويغا ماقۇل بولدۇم.ياق دىسەم ئايگۈل نىمە دىسە ھەقلىق ئىدى.بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانامنى خىجالەت قىلاتتىم خالاس.ھوقۇق تەڭلەپ تۇرغان باشلىق ئاچچىغى كەلسە تورمىگە سولىتىۋېتىشتىن يانمايتتى.ئۇنىڭ كىيمىنىڭ سىلىنغانلىغى بەلكىم بۇ چاغدا مېنىڭ مەجبۇرلىشىم،ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ كويىشى ئۆزىنى قوغداش بولار بەلكىم،ئىچىمدە دەردىم تولا،ئولۇپلام توگۇشەي دىسەم ئىمانىم دوزىخى دىگەن قالپاققا يول قويمايدۇ.قەنى بىر مەزگىل ئادەم بىلەن ئەمەس ئالۋاستىغا ھەمراھ بولارمەن.

شەمسىيە خىيالىمدىن كەتمەيدۇ ،قانداق قىلىمەن ئۆزۈم سويگەن يارنىڭ ۋىسالىغا يىتەلمەسلىك پىشانەمگە پۈتۈلگەن بولسا كىرەك.ئۇنىڭغا بۇ شەرمەندىچىلىكنى چۈشەندۈرۈپمۇ بولالمايمەن.تۇيۇقسىز بىر كۈنى روشەنگۈلدىن تېلىفۇن كېلىپ قالدى.

ـ قانداراق تۇرىۋاتىسەن ئەركىكىم ،بىز قېشىڭدا يوق ھىسسىياتىڭ تۇغقان ئوخشىمامدۇ ؟بىز بارغۇچە باللىق بولىۋالما جانىم.

ـ چاخچىغىڭنى قوي روشەنگۈل،ھازىر چاخچاققا تاۋىم يوق ،كەلگەن ئوخشىمامسەن.

ـ ياق مەن ئۈرۈمچىدە،ھازىر شەمسىيە بىلەن بىرگە تېلىفۇن ئۈرۈپ تويۇڭنى تەبرىكلەيلى دىگەن، ـ شەمسىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يۈرۈگۈمنىڭ سىلىشىنى ئۆزۈم ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

ـ نىمنى تەبرىكلىمەكچى ؟نومۇستىن ئولەۋاتقىنىمنىمۇ ياكى سىلەرگە چىرايلىققىنام بىر ئويۇن ئويناپ بەرگىنىمنىمۇ ؟

ـ بولدى شەمسىيەگە دىگىن ئۇنداق شىرىن سوزلەرنى، ـ تىلىفۇننى شەمسىيە ئالدىمۇ ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇنۇمنى زوۋانىمغا تىقىپ قويدى.

ـ ئۇنىڭ يەنە سەنىمگە دەسسىگەن ئوخشىمامسەن ؟ئوزۇڭنى تارتالمىغاندىن كېيىن ئوزۇڭگىمۇ ئاز ، ـ تىلىفۇندىن مىشىلدىغان يىغا ئاۋازى قوشۇلۇپ ئاۋاز كىلىۋاتاتتى، ـ

ـ پەقەت ئامال يوقمۇ ؟توي قىلمايمۇ توگۇتەلمىگۇدەك نىمە گۇنەھ قىلىپ قويدۇڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ؟، ـ نىمىمۇ دىيەلەيمەن ،سۇكۇت بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماققا مەجبۇرمەن.

ـ تىلىڭنى شۇنداق تۇتقۇزۇپ قويدۇڭمۇ ؟ گەپ قىلمايسەنغۇ ؟، ـ يىغا ئاۋازى تېخىمۇ كۇچەيمەكتە،ئوزۇمنى پەقەت تۇتالمىدىم.

ـ شەمسىيە مېنى كوچۇرەلەمدىغانسەن ؟مەندە ھېچ بىر گۇناھ يوق،ئەمما تىلىم تۇتۇق،ئىسپاتتىم يوق، ـ مەن ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق يىغلىۋاتتىم.

ـ ئوزۇڭنى بېسىۋال،يىغلىما،ئاللاھنى ئۇنۇتما ،خۇدا ھېچ قاچان خۇدا دىگەن بەندىسىنى خارلىقتا قويمايدۇ، ـ ئۇنىڭ يىغىسى ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى.تېلىفۇننى روشەنگۇل ئالدى.

ـ ئوزۇڭنى تۇتىۋېلىپ گېپىمنى ئاڭلا ،سىلەرنىڭ قىلغان ئىشىڭلار قەيەردە يۈز بەرگەن؟

ـ بىرە ئىش يۈز بەرگىنى يوق،ئۇ دىگەن ماڭا قىلىنغان توھمەت، ـ ئوزۇمنى ئاقلىدىم.

ـ توھمەتلىگىنى بىلىمەن،بىراق شۇ توھمەت قىلىنغان ئىشلار قەيەردە يۈز بەرگەن شۇنى سوراۋاتىمەن.

ـ ئوز ھوجرامدا، ـ دىدىم.

ـ ئۇ ئىشتىن كېيىن شەمسىيە ھوجراڭغا كىردىمۇ ؟، ـ روشەنگۇل ئاخىرى چىقماس دىلونى

ئىنىقلاۋاتاتتى .

ـ كىرمىدى ،كىرسىمۇ نىمە بولاتتى ،بۇنىڭ ماڭا نىمە پايدىسى . . .

ـ تولا سۇئال سوراۋەرمەي گېپىمنى ئاڭلا ،بۇندىن كېيىن ھوجرا ئۆيۈڭگە ئۆزۈڭمۇ كىرگۈچى بولما ،ئۆيۈڭنى ياخشى قۇلۇپلاپ ،ئادەم يولۇقتۇرغۇچى بولما ئۇ ئۆيگە .

ـ نىمە قىلاي دەيسەن ،نىمىمۇ قىلالايتتىڭ ؟ ، ـ ئومۇد يوق ئىشلارغا ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمايتتىم .

ـ مەن قىلالمايمەن ،ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممە ئىشنىڭ ياخشىغا تارتىدىغان تەرىپىنى بىلىدۇ .ئۆزۈڭنى ئازاپلىماي تويغا تەييارلىق قىلغان بولۇپ يۈرىۋەر ،ئىشىڭنى مەن ئوڭشايمەن ،ئەتە توي ياكى توي كۈنى دىگىنىڭدە موجىزە يۈز بىرىدۇ شاكىر ، ـ بەرىبىر روشەنگۈل دىگەن ئايگۈلنىڭ دوستى ،مېنىڭ يەنە بىر چاتاق تېرىماسلىغىم ئۈچۈن ماڭا ئىمزگە سېلىۋاتقان بولىشى مۇمكىن .ئەمما شەمسىيەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىۋالدىم .ئۇنىڭ يىغىسى ئازاۋېمنى كوچەيتىسىمۇ مەن بىر نەرسىنى سەزدىم .مېنىڭ تويۇم ئۇنى يىغلاتقان ئىدى .ئۇمۇ مېنى ياخشى كورىدىكەن . . .

* * * * *

تويغىمۇ ئاز قېلىۋاتاتتى ،روشەنگۈلنىڭ ئومۇت بېغىشلاپ دىگەن سوزلىرىگە ئىشەنمىسەممۇ ،بىراق بىر موجىزە يۈز بىرىدىغاندەك ھوجرا ئۆيۈمگە بىرنى يولاتمىدىم ،تۇتماقچى بولغان ئوينىمۇ سىرتتىن ھازىرلاپ ،كەلگۈسىدىكى رەپىقەم بىلەن بولىدىغان جەڭنى ئاتا ـ ئانامغا بىلىندۇرمەي دىدىم .

روشەنگۈللەردىن خەۋەر يوق ،ئومۇدۇم ئۈچمەكتە .مانا ئەتىمۇ توي بولىدۇ .قېچىپ كىتەيمۇ ؟ئۇلارنىڭ تىلىفۇنى نىمىشقىمۇ ئېتىكلام تۇرىدىغاندۇ ؟قەلىپ تورىدىن يىرتىلماقتا .يۈرۈگۈم يىغلىماقتا ،كەچمۇ كىرىپ كەلدى ،ئەتىلام توي دىگەن گەپ قانداق قىلىمەن ،ئادەمگە مۇشۇنداق چاغدا تۇيۇقسىز ئولۇم كەلسىچۇ ؟

غەم بىلەن خىيال سۈرۈپ ياتاتتىم .ئىشىك چېكىلدى.خوش ياقماسلىق بىلەن ئىشىكنى ئاچتىم.ئالدىمدا شەمسىيە،كەينىدە روشەنگۈل تۇراتتى....

7

روشەنگۈل كۈلەتتى،شەمسىيە غەمكىن ،كۆزلىرىدە ياش لىغىرلايتتى.

ـ نىمىگە كۈلىسەن ئادەمنى جىلە قىلمىغىنە بولدى، ـ تىچ ئامانلىق سوراشنىڭ ئورنىدا تەنە قىلدىم.

ـ نىمىگە كۈلەتتى .ئەتە توي بولغاندىكىن توي خوشاللىغىدە، ـ روشەنگۈل قەستەن زىتىمغا تەگدى.

ـ شۇنداق ئەتە ھاما ئاچىللىرىنىڭ تويى ئەمەسمۇ ،بېرىپ تەبرىكلەپ خوشاللىقلىرىنى بىلدۈرۈپ قويۇپ كەلمەملا، ـ شەمسىيەنىڭ ئالدىدا ئوزۈمنىڭ قانچىلىك بىئارام بولغانلىغىمنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن تېخىمۇ جىلە بولدۇم.

ـ نىمانداق قىلىسەن شاكىر ،يىراق يەردىن سېنى دەپلام كەلسەك ئويۇڭگە باشلاشتا يوق،بوسۇغۇدىلام كەلگەنگە تويغۇزاي دەمسەن، ـ روشەنگۈل مورەمدىن ئىتتىرۋېتىپ ئويگە كىردى،شەمسىيە تېخىچە ئىشىك تېشىدا.

ـ كىرىڭ ، ـ ئاران شۇنچىلىك دىيەلىدىم.

ـ كىرە شەمسىيە نىمىگە قاراپ تۇرىسەن،ئەتىكى تويدا يىگىتكە ھەمرا بولغىلى بولمايدۇ،شۇڭلاشقا ئاشىغىمىزغا بوگۈن كىچە قانغۇچە قارىۋالايلى.كېيىنچە كورمەكمۇ تەس بولىدىغۇ دەيمەن، ـ ئۇمۇتلىرىم يوققا چىقىۋاتاتتى،ئۇلارنىڭ سوزىچە بولغاندا مەن تامامەن ئۇتتارغان ئىدىم.

ـ تاماشا كورەي دەپ كىلىپسىلىدە، ـ ئومۇتسىزلىك چۇلغۇۋالغان قەلبىمدىن بىزارلىق ئالامەتلىرى كورۈلۈشكە باشلىدى.

ـ شۇنداق .دۇنيادا تويدىن ئۆتە تاماشا بولماس،بىزدەك دوسلۇرۇڭنى تاماشادىن قۇرۇق قالدۇراي دەمسەن.

ـ تاماشا كورەي دىسەڭلار ئەتىمۇ كىچىكمەيسلەر،بۇنداق جىلە قىلغۇچە بىر ئاز يالغۇز قالدۇرغان بولساڭلار،چارچىغان باشلىرىمغا ئاز بولسىمۇ ئارام بولاتتى، ـ ئوزۇم كويگەن قىزنىڭ ئالدىدا يىغلىۋېتىشتىن نومۇس قىلىپ ئۈلارنى قوغلاشقا باشلىدىم.

ـ قايسى كۇنلىرى ئايگۇلنى ئويگە باشلىغاندا ئارام تېپىپ بولغان كوڭۇللىرى يەنە شۇ چاغلارنى ئويلاپ بۇزىلىۋاتامدۇ ئۆز يىگىت، ـ روشەنگۇل قەستەن چىشىمغا تىگەتتى.شەمسيە زۇۋان سۇرمەي مۇڭ كوزلىرى بىلەن مەندىن بىر نەرسە سورىغاندەك كوزلىرىمدىن كوزلىرىنى ئۈزمەيتتى.ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن كوزلۇرۇمنى قاچۇرۇپ بولالمايتتىم،شۇڭلاشقىمۇ گەپتە ئازماقتا ئىدىم.

ـ مەن باشلىمغان ئۈزى كەپتىكەن.

ـ شۇنداق سىزدەك گۈزەللەرنى ئىزلەپ بىزمۇ ئۈزىمىز كەلدۇقمۇ مانا، ـ روشەنگۇل مەخسۇس چىشىمغا تىگەتتى،ئىچىم زەرداپ ،تىلىم گاچا.بۇرۇنلاردا بولسا بۇنداق گەپلىرىنى ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا كەپلەپ قوياتتىم.

ـ مەن كەل دىگەنمۇ ئەمسە، ـ قاملاشمىغان گەپ چىكەتتى ئېغىزىمدىن.

ـ بۇنداق مەتۇغا ياردەم قىلمىز دىگەن ئۈزىمىز ئەخمەق شەمسيە ، بۇنىڭ ئايگۇلنى سېغىنىپ ساراڭ بولغىنى راس ئوخشايدۇ.شۇڭىمۇ كوزىگە جىن كورۇنۇپ ئويدىن قوغلاۋاتىدۇ بىزنى ،قوپە يالغۇز قېلىپ كەلگۇسىدىن هوزۇر ئېلىۋالسۇن بۇ چىرايلىق، ـ رۇشەنگۇل راس كېتىدىغاندەك ئورنىدىن تۇردى.

ـ بېشىم ساق ئەمەس.تاققۇ ـ تۇققۇ سوزلەپ قويۇۋاتىمەن.كەچۇرۇڭلار.

ـ راستىنلام توي قىلغۇڭ يوقمۇ شاكىر، ـ شەمسيە ئاخىر گەپ قىلدى.

ـ قانداقمۇ توي قىلغۇم بولسۇن شەمسيە،بوينۇمنى ئارغامچىدا باغلىۋالغان تۇرسا مەندە

نىمە ئامال دەيسەن، ـ كوزلۇرۇمدىن ئوزۇمنى تۇتىۋالالماي ياش قۇيۇلدى.

ـ ئۇنداقتا توي قىلمىساڭ بولمىدىمۇ ؟ ، ـ روشەنگۇل ياندۇرۇپ سورىدى.

ـ شۇنداق. توي قىلمىسامۇ بولىدۇ، بىراق كەلگۈسۇمدىن ئومۇت يوق، بەلكىم ئاتا ـ ئانامنى تاشلاپ كىسلىپ كىتىشىممۇ مۇمكىن.

ـ ئوزۇڭنى ئاقلاشنىڭ پەقەت پۇرستى يوقمۇ ؟ ، ـ شەمسىيە ئىككىنجى قېتىم گەپ قىلدى.

ـ شۇنداق .پەقەت پۇرسەت يوق، ـ شۇنى دەپ بولۇپ بېشىم چۈشۈپ كەتتى.

ـ زادى نىمە ئىش بولغانتى ،ئۇقساق ساڭا ياردىمى تىگىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، ـ شەمسىيە كوزلىرىمگە تىكىلدى،ئامالسىز بولغان ئىشلارنى سوزلەپ بەردىم.

ـ مىنىڭ دىگىنىمدەك چىقتىمۇ شەمسىيە، ـ روشەنگۇل شەمسىيەگە سوئال قويدى. شەمسىيە، ـ ـ سەن ئايگۇلنىڭ پىسخىكىسىنى بىلىسەن ئەمەسمۇ ،شاكىرنى تەقەززا قىلماي ئۇنىڭغا ئومۇت بېغىشلاپ قويمامسەن روشەنگۇل، ـ دىدى.

ـ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق.چوقۇم شاكىر بەزەن ئىشلاردا ۋەدە بىرەلىسە مەن ئۇنى قۇتقۇزىمەن.

ـ قانداق تەلىۋىڭ بولسا ئەيت،مەن ئاللاھقا شىرىك كەلتۇرۇشتىن باشقا ئىش بولسا،مۇشۇ تويدىن قۇتۇلىدىكەنمەن چوقۇم قىلىشقا تەييارمەن، ـ دىدىم.

ـ ئەمسە چوقۇم بىجا كەلتۇرەلەمسەن، ـ روشەنگۇل قەتئىلىك بىلەن سورىدى.

ـ چوقۇم، ـ ۋەدە بەردىم.

ـ ئۇنداقتا شەمسيەنى چوڭ خوتۇن قىلىسەن .مەن كىچىك خوتۇن بولىمەن، ـ ئېغىزىم تۇۋاقلاندى. بۇنىڭ تەلىۋىنىڭ ئايگۇل بىلەن توي قىلىشتىن نىمە پەرقى.

ـ ساراڭ بولمىغانسەن. ئادەمنىڭ ئەقلى يىتىدىغان گەپ قىلمامسەن، ـ ئاۋازىم بوش چىقتى.

ـ بولالمايمەن دىسەڭچۇ، باياتىن ئاللاھقا شىرىك بولمىسلا بىجا كەلتۇرىمەن دەيتتىڭغۇ ؟ ، ـ روشەنگۇل تىلىمدىن تۇتىۋىلىۋاتاتتى.

ـ بىر كوڭۈلگە قانداقمۇ ئىككى ئادەمنى سىغدۇرالايمەن، ـ شەمسىيەگە قارىدىم.

ـ ئۇنىڭغا قارىمىساڭمۇ بولىدۇ،سېنىڭ تۇمۇرۇڭنى تۇتۇپ كورۇۋاتىمىز،مەنمۇ قانداق ساڭا كىچىك خوتۇن بولالايمەن،ئەگەرچەندە ئايگۇلنىڭ ئويۇڭدە قىلغانلىرىنى ئىسپاتلىيالىساق تويىدىن ۋاز كىچەلەمسەن.

ـ ئەلۋەتتە كىچەلەيمەن .توي قىلغان بولسامۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوي ئايرىپ ياشىغان بولاتتىم، ـ ئۇلار ئۇ ئىشلارنى قانداق ئىسپاتلايدىغاندۇ دەپ ، ـ

ـ تىزراق ئەيتامسەن قىلماقچى بولغانلىرىڭنى، ـ روشەنگۇلدىن سورۇدۇم.

ـ ئالدىرما ،هازىر دەپ بىرىمەن.بىراق بىرلام شەرتىم بار.شەمسىيە بىلەن ئىككىڭلار چوقۇم ماقۇل بولىسلەر، ـ روشەنگۇل قانداق دىگەندەك شەمسىيە بىلەن ماڭا ئالدىرىماي قاراپ چىقتى.

ـ باياتىنقىدەك چەكتىن ئاشمىسلا بىجا كەلتۈرىمىز، ـ شەمسىيەگە ساقلىماي جاۋاپ بىرىۋاتتىم.

ـ ئاددىلام ئىش،چوقۇم ماڭا ئايگۇل ۋە شەمسىيە بار جايدا بىر ئىشنى قىلىپ بىرىسەن شاكىر.

ـ نىمە ئىش، ـ تەقەززا بولماقتا ئىدىم.

ـ ئاددىلام ئىش دىدىمغۇ،بەلكىم ئۇلارنىڭ ئالدىدا مېنى بىرنى سويۇپ قويارسەن،ياكى ماڭا بولغان كوڭلۇڭنى ئەيتىپ ئوتەرسەن ،يەنە بەلكىم هىچ ئىش قىلىپ بەرمەسلىكىڭ مۇمكىن.مۇشۇنچىلىكلام بىر ئىش، ـ ئۇ جاۋاپ كۇتىۋاتاتتى.

ـ شۇ چاغ كەلمىسۇنمۇ ،سېنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتماسلىقتا ۋەدە بىرەي،چوقۇم ۋەدەمنى ئورۇنلاشتا ئاللاهنى ۋە سىلەرنى گۇۋاهچى قىلىمەن.

ـ ۋەدەڭگە ئىشىنەي.ئەهۋال مۇنداق ئىدى،ئالدى بىلەن بىر چاي بەرمەمسەن .تولا سوزلەپ گېلىم قۇرۇپ كەتتى، ـ شۇندىلا ئۇلارغا چاي راسلىمىغىنىم يادىمغا يەتتى.چاي ئەكىرىش

ئۇچۇن سىرتقا ماڭدىم.

روشەنگۈل چاي ئوتلىغاچ گەپكە تۇتۇش قىلدى.

ـ گەپنى سەن بىلەن توختام تۈزۈشكەن چاغدىن باشلاشقا توغرا كىلىدۇ، ـ ئۇ قولىدىكى پىيالىنى قويۇپ سوزلەشكە باشلىدى.

ـ بىز سىنى قولغا چۈشۈرۈشنى پىلانلىغىلى ئۇزۇن بولغان.ئەمما پىلانىمىزنى شەمسىيەنىڭ شەھرىمىزگە يوتكۈلۈپ كەلگىنىدىن باشلاپ راۋاجلاندۇردۇق.چۈنكى شەمسىيە بىلەن ئايگۈلنىڭ ئوتتۇرىسدا ئوتكىلى بولمايدىغان زىدىيەت بولۇپ ئۇنىمۇ ئىشلىرىمىزغا سورەپ كىرسەك ئۇنىڭدىنمۇ ئوچىنى ئالالايدىكەنتۇق ئايگۈل، ـ روشەنگۈل كەچۈر دەپ شەمسىيەدىن كەچۈرۈم سورىۋېلىپ سوزىنى باشلىدى.

ـ ئۇ چاغلاردا راسلام ئويۇندەك بىلىنىپ ئۇنىڭ دىگەنلىرىگە كىرىپ كىتىپتىمەن.شەمسىيە بىلەن ئايگۈلنىڭ زىدىيىتىنى بىلىشكە بەكمۇ قىزىقۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن.بۇلارنى ئۇلارنىڭ ئوزى دەپ بەرسۇن.ھازىر ئوز گېپىمىزنى قىلىشايلى.ھەممە ئىش سىنىڭ مەس بولغانلىغىڭدىن بولدى.بۇنى بىلەمسەن، ـ ئۇ قولىدا كىچىكلام بىر نەرسىنى كورسەتتى.

ـ ياق ، ـ دەپ بىلمەيدىغانلىغىمنى بىلدۇردۇم.

ـ ئاللاھ ئىشلىرىڭنى ئاسانلاشتۇرغان ئوخشايدۇ.ئايگۈل دىگەن دوتنىڭ يادىدىنمۇ چىقىپ كىتىپتۇ بۇ نەرسە.بىلسەڭ بۇ ھازىرقى دۇنيادىكى ئاڭ ئىلغار تىل كامىرا.بىز سەن مەس بولغان كۈنى سىنى ئويۇڭگە ئەكىلىپ قويۇش بانىسىدا ئويۇڭگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان.سەن بايا چايغا چىكەتكەندە ئېلىۋالدىم.شۇ چاغدا سىنىڭ ئىشلىرىڭنى كوزۈتۈپ تۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۇچۇن شۇنداق قىلغانمىز.مانا ھازىر ئايگۈل دىگەن ساراڭ ئوزى كولىغان ئورىغا ئوزى چۈشتى.سىنىڭ دىگەنلىرىڭ راسلا بولسا بۇنىڭ ئوزى بىر ئىسپات.بۇ نەرسە ئوي تىنىچ تۇرسا ئىشلىمەيدۇ.ئەمما ئوي ئىچىدە بىرى ماڭسا ياكى گەپ قىلسا ئاپتوماتىك ھالدا سىن ئېلىشقا باشلايدۇ .ئىشىنىمەنكى سىلەرنىڭ قىلىشقان ئىشڭلار ۋە سوزلەشكەن سوزۈڭلار چوقۇم بۇنىڭدا

بار، ـ روشەنگۇل سوزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ماڭا رەسۋالىقلىرىڭمۇ چىقىپ قالامدىكى دىگەندەك شەمسىيەگە قاراپ كولۇپ قويدى.

ـ مېنى نىمە ئۇچۇن ئايگۇلگە تۇزكورلۇق قىلىسەن دەپ سورىشىڭ مۇمكىن. بۇنىمۇ مەن دەپ بىرەي. هېلىقى هوججەت ئېسىڭدىمۇ ؟زىندىيەت شۇ هوججەتتىن باشلانغان. ئايگۇلگە سېنىڭ قول قويغان هوججىتىڭدە يالغۇز ئۆزىنىڭلام نومىسىغا تەككەنلىكىڭنى يازايلى دىسەم ئۇ ـ بولمايدۇ .شاكىرنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر جىنايەت ئارتايلى دەپ تۇرىۋالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىپ قويىشىمدىن قورقۇپ شۇنداق قىلدى بولغاي مېنىمۇ قوشۇپ نومۇسىمىزغا تەگدە دەپ يازدى. مەن شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇنىڭ بەكمۇ شەخسىيەتچى ئىكەنلىگىنى بىلىپ يەتتىم .يەنە بىر ئىش سەن مېنى قايسى چاغدا سويمەسلىكىڭ كىرەك ئىدى شاكىر.سەن ئىشەن ـ ئىشەنمە ئومرۇمدە مېنى تۇنجى سويگەن ئادەم سەن بولىسەن. شۇندىن بىرى مېنىڭ مۇهاببىتىمنى سەن ئوغرىلاپ كەتتىڭ.مەن ئوزۇم تۇنجى ياخشى كورگەن ئادىمىمنىڭ ئايگۇلدەك بىر ناكەس قىزنىڭ قولىدا نابۇت بولىشىنى خالىمىدىم.شۇڭىمۇ توختامنىڭ ئىشىنى شەمسىيەگە ئوغۇرلۇقچە بىلدۇردۇم، ـ بىر تۇگۇن يىشىلدى. روشەنگۇل كوزۇمگە قۇتقازغۇچى پەرىشتە بولۇپ كورۇنمەكتە ئىدى.

ـ هوججەتنى ئايگۇل شۇنچە ئاسان تۇتقۇزۇپ قويۇپتىغۇ ئەمىسە، ـ سورىدىم مەن.

ـ شۇنداق تۇتقازماي ئامالى يوقتى. چۇنكى هوججەتتىكى سېنىڭ بارماق ئىزىڭ كونا .سەن مەسلىكىڭدە بىز باسۇرۇۋالغان بارماق ئىز. ئىمزايىڭ بولسا توختامغا قول قويغۇنىڭدا يازغان ئىمزايىڭنىڭ ئاستىغا يۇشۇرۇلۇپ كوپەيتىپ ئېلىنغان نۇسخىسى بولۇپ قانۇن ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئىنىقلىسىلا ئىسپاتلىغىلى بولاتتى. چۇنكى ئەسلى بارماق ئىز دىگەن ئىمزا قويۇپ بولۇپ بېسىلىدۇ. هوججەتتە بولسا بارماق بېسىلىپ بولۇپ ئىمزا نۇسخىلىنىپ يېزىلغان .مەن بۇلارنى شەمسىيەگە يەتكۈزگەن ئىدىم.شەمسىيە ئايگۇلگە بۇلارنى دەپ ئەدلىيەلىك باهالىتايلى دىگەندە ئۇ يەل قويىۋەتتى شۇ ، ـ ئوزۇممۇ تۇيماي روشەنگۇلنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ

ئالقانلىرىغا سويدۇم.

ـ بولدى قىلە ئۆزۈڭنى بۇنچە يوقۇتۇپ قويما،شەمسىيەنىڭ ئالدىدا بۇ نىمە قىلغىنىڭ، ـ ئاغزىدا بۇنداق دىگىنى بىلەن قانچىلىك خوش بولىۋاتقانلىغىننى سىزىپ تۇراتتىم.

ـ سەن بىر پەرىشتە روشەنگۈل،مىنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپسەن ئەمەسمۇ.

ـ مەنمۇ شۇ ئۆز شەخسيىتىمنى دەپلام شۇنداق قىلدىم.ئۇنچىلىك چوڭ كورۇشكە لايىق ئەمەسمەن.

ـ لايىقمۇ ـ لايىق ئەمەسمۇ ئاللاھ ئىگەم بىلىدۇ روشەنگۈل، ـ كوز يېشىم ئۇنىڭ بارماقلىرىغا توكۇلدى ،شۇندىلام قولۇلۇرۇمنى بوشاتتىم.

ـ بەلكىم شۇنداق قىلمىغان بولسام،سەن ئايگۇلنى ئەمرىڭگە ئالغان بولىشىڭ ياكى سەن ئۇنىماي ئايگۇل ھوججەتنى كوتۇرۇپ چىقىپ مىنىڭمۇ يۈزۈم توكۇلگەن، ئوزۈم پاك بولسامۇ ئۆزۈمنى ئاقلىيالماي توشۇك مونچاق بولۇپ قالغان بولاتتىم .بۇنداق قىلىشمنى بۇرۇن ئوزۈم ئۇچۇنلا قىلغان ئىدىم ،ئەمما شەمسىيەنىڭ سىنى سويۇپ تۇرۇپ توككەن ياشلىرى يۈرۈگۈمگە توكۇلدىمىكىن.كوز ئالدىمدىن پەقەتلام كەتمەي مەنمۇ ئىمان تېپىۋالدىم، ـ شۇندىلا روشەنگۈلنىڭ كېيىنىشىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنلىگىنى بىلدىم.ئۇ ئىسلامچە كىيگەن ئىكەن.

ـ بۇ نەرسەڭدە راسلام ئۇ كورۇنىشلەر بارمىدۇ، ـ ئەنسىرەپ سورىدىم.

ـ چوقۇم بار، ـ ئۇ ھېلىقى نەرسىدىن بىر نىملەرنى چىقىرىپ سومكىسىدىن باشقا بىر نىمە چىقاردى ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە ئۇ نەرسىنى ئېلىپ تېلىفۇنىغا چاتتى.توۋۋە خۇدايىم .بۇ ھەقىقەتەن كارامەت نەرسە ئىدى.راسلام ئۇنىڭ رەسۋالىغى كوز ئالدىمدا نامايەن بولدى.ئۇنىڭ سوزلىرىدىن تارتىپ قىلغان قىلىقلىرىغىچە ھەممىسى بار ئىدى.

ـ بۇنچە ئۇچۇق نەدىنمۇ ئالغانسەن سىنغا ؟، ـ سورىدىم.

ـ بىلمىسەڭمۇ بولىدۇ، ـ ئۇ يېنىۋەتقان چىراقنى قارىدى.ھەممىنى چۈشەندىم چىراق ئىچىگە

يۈشۈرلۈپتىكەندە .

ـ ئۇنىڭ رەسۋالىغى تولۇق باركەن ،ئەمدىكى ئىش بۇنىڭدىكىنى ئايگۈلگە ئۇختۇرۇشتا قالدى ، ـ شۇنداق دەپ روشەنگۈل چىرايىمغا قارىدى .

ـ ئايگۈلنىڭ بىلگىنىنىڭ كوپ پايدىسى يوق .چوڭلارغا  بىلدۈرەيلى ، ـ دىدىم مەن .

ـ مۇشۇ رەسۋا كورۇنۇشنى قانداقمۇ چوڭلارغا كورسەتكىلى بولسۇن .هايا ،پەدىشەپ بارغۇ ئوتتۇرىمىزدا ، ـ شەمسىيە قارشى چىقتى .

ـ مىنىڭ ئامالىم بار ،شەھەر باشلىغىنىڭ يۈزىنى قىلمىساق بولمايدۇ ،ئالدى بىلەن خەيرىنىسا ئاچاملار چوقۇم بىلىشى كىرەك .بۇنى ئوزۇمگە قويۇپ بىرىڭلار .ئايگۈلنىڭ مىجەزىنى بىلمەمەن .شاكىر سەن ئۇنىڭغا قورقاق سال .ئۇ ئوزى توينى بۇزالايدىغان بىردىن بىر ئادەم ، ـ روشەنگۈل ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ سىنغا ئېلىنغان كورۇنۇشتىن بىر نۇسقا كوپەيتىپ مىنىڭ تېلفۇنۇمغا چۈشەردى .مىنى ئايگۈلنى ئىزلە دەپ ئويدىن هەيدەپ چىقاردى .

*  *  *

ئايگۈلگە تېلفۇن قىلىۋىدىم هاياللاشماي قېشىمغا ئۇنۇپ بولدى .

ـ سېغىنىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن ،چىدىساڭ ئەتىلا قوينۇڭدا بولىمەن ئەمەسمۇ ، ـ نازلىنىپ سوركەلدى ئۇ .

ـ بولدى قىل توينىڭ ئىشىنى .بۇنى كورۇپ باق ، ـ جېق گەپ قىلىشنى خالىماي ئىشنىڭ نېخىنىلام كورسەتتىم .

ـ بۇ نىمە ،بىرە جايدا قۇراشتۇرۇپ ئەكەلمىگەنسەن ، ـ ئادەم ئوزىنىڭ قىلغىنىدىنمۇ شۇنداق تىز تانغىلى بولىدىكەن .

ـ نىملىكىنى بىلەرسەن ،ئويۇمنىڭ چىرىغى ئىچىگە يۇشۇرۇلغان نەرسىنىغۇ بىلەرسەن ، ـ ئۇ سەنتۈرلۈپ كەتتى ،قولۇمغا ئېسىلىۋالدى .ئۇنىڭمۇ قورقىدىغان چېغى بولىدىكەن .

ـ قانداق توينى چىرايلىقچە توختاتساڭ بولارمىكى ،رەسۋالىقىڭنى داداڭ بىلىپ يۇرسە

بولماس، ـ بىر بىلىكىمگە ئىسىلىپ تۇرغان ئايگۈل كېلىشتۈرۈپ تەستىگىمگە بىرنى سالدىكى كوزۇمدىن ئوت چاقنىدى. بوگۈنكىدەك كۈندە ئوزۇمنى بېسىۋالمىسام بولمايتتى.

ـ ماقۇل كورمىسەڭ بۇ نەرسىلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرۇپ بەرسەمۇ بولىدۇ، ـ تەھدىتىم كۈچەيدى.

ـ بىلگىنىڭنى قىل،ئەمما مەن تويدىن ۋاز كەچمەيمەن، ـ ئۇمۇ جاھىللىق قىلىۋاتاتتى.

ـ بولىدۇ .سەن تويۇڭنى قىلىۋەرگىن ،مەن بۇنى ئاتا ـ ئاناڭغا كورسەتسەم ئۇلارنى تويدىن ياندۇرۇشقا كوزۇم تولۇق يېتىدۇ.شەھەر باشلىغىنىڭ قىزىنىڭ تويىدا ئوغۇل تەرەپ قىز يوتكىگىلى كەلمەي يۇرسە رەسۋا بولىدىغىنى كىم بولىدۇ ،ئوزۇڭنى بىلەرسەن، ـ يانىماقچى بولۇپ كەينىمگە بورۇلدۇم.

ـ شاكىر مېنى ئولسۇن دەمسەن. بولىدۇ مەن ئولەي.ئەتە تويۇم ئەمەس ماتەم مۇراسىمىغا كىلەرسەن. ـ ئۇنىڭ ساراڭلىق قىلىشىغا ئىشىنەتتىم.

ـ ئايگۈل مېنى نىمانچە زورلايسەن،ھەممە ئىشنىڭ يولى بولىدۇ .بىز ئوقۇۋاتىمىز.ئوتتۇرىمىزدا مۇھاببەتتىن سوز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.بىر مەزگىل كۈتۈپ باقساق نىمە بولىدۇ.ھازىر سەن مېنىڭ توي قىلغۇم يوق دەپ ئەتە بىر كۈن قېچىپ كەتسەڭ.مەن بۇ رەسۋالىقلارنىڭ سىرتقا يېيىلىپ كېتىشىنىڭ ئ.الدىنى ئېلىپ بۇنى يوق قىلسام بولمىدىمۇ ؟ بۇندىن كېيىن يەنىلام سەن ـ مەن دەپ يۇرۇشكە ئازراق بولسىمۇ يول قويۇپ قوي، ـ دىدىم.ئۇ ئويلۇنۇپ تۇرۇپ قېلىپ.

ـ سەن شەمسىيەنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىسەن،بولىدۇ مەنمۇ سېنىڭ شەمسىيەدەك بىر ساقايماس كىسەل ئىگىسى بىلەن توي قىلىشىڭنى كورۇش ئۇچۇن بولسىمۇ ساقلاي.بەربىر توشۇڭ مونچاق ئالسەن شۇ، ـ ئولۇم ئالدىدىمۇ ئوز رەقىبىنى چىشلىۋېلىپ ئولۇش ئۇنىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولسا كىرەك.

ـ نىمىنى ئالسام ئوزۇم ئالىمەن،سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن،بۇندىن كېيىن يامانلىقتىن نېرى

بولارسەن،شۇندىلام ئارمىزدا مۇناسىۋەت بولىدۇ، ـ قايتىش ئۈچۈن ماڭدىم.

ـ ئاشىغىك بىلەن تىزراق توي قىلىپ،ئولۇشىدىن بۇرۇن ۋىسالىغا يەتكۈزۈپ قويارسەن. بىراق دىققەت قىلمىساڭ يامان كىسەل يۇقتۇرۇۋالىسەن. بولىسا تويىدىن بۇرۇن سالامەتلىك تەكشۈرتۈشنى ئۇنۇتما ها ها ها...، ـ زەھەرخەندە كولۇش ئاڭلانماقتا،مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كەتمەكتە ئىدىم. تىلفۇنۇم سايراپ كەتتى،ئالسام ئانامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ شاكىر بالام بولدى بۇنداق توينى بىكار قىلدۇق. ھەممە ئىشلاردىن خەۋەر تاپتىم .ئەتىكى توينى نەزىر قىلىۋىتەيلى.

ـ رەخمەت ئانا. مىنى چۈشەنگەنلىكىڭلاردىن بەك خوشمەن.

ـ رەخمەتنى مەن ئەيتاي ساڭا، بۇ توينى قىلغان بولساق ئالتۇندەك بىر كېلىنىمدىن ئايرىلىپ قالىدىكەنمەن ئەمەسمۇ ، ـ ئانامنىڭ دىگىنى شەمسىيە بولغۇيدى ئىلاھىم. يەنە خاتا چۈشۈنۈپ روشەنگۈلنى كىلىنىم دەپ يۈرمىسە بولاتتى. مىڭەمنى سەگىتىپ ئەتىكى تويىدىن ئوزۇمنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئويگە قايتماسلىق قارارىغا كەلدىم.

ـ ئانا مېھمانلىرىمنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ قوي. مەن بىرە جاينى تېپىپ مېڭەمنى سەگىتەي، ـ دىدىم.

ـ مىمانلىرىڭ ئاللا بۇرۇن كەتتى. سەن بىلەن مەكتەپتە كورىشىمىز دەپ قويىسلا دەپلام كىتىپ قالدى،نەلەردە تەمتىرەپ يۈرىسەن .ئويگە قايتىپ كەلسەڭ بولمامدۇ، ـ ئانام ئوتۈنگەندەك قىلىۋاتاتتى.

ـ خاتىرجەم بول ئانا ،سىلەر توينى بۇزىمىز دەپ يۈرمىسەڭلەرمۇ ئايگۈل ئوزى بۇزىدۇ. ئەتە كەلگەن مېھمانلارنى ئوبدان كۈتەرسىلەر،مەن بىرە مېھمانخانىغا ئۇرۇنلۇشۇپ ئەتنى خاتىرجەم ئوتكۈزەي. سىلەرنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم. خوش ئەمىسە، ـ .ئانامنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا تېلفۇننى قويدۇم ۋە روشەنگۈلگە تېلفۇن قىلدىم. ئۇنىڭ تىلفۇنى ئىتىك ئىكەن ،شەمسىيەمۇ ئېتىۋاپتۇ .مەنمۇ تېلفۇنۇمنى ئېتىۋېتىپ ئەتىكى ماجرالارنى كورمەي دەپ قوشنا

ناھىيەلەردىكى بىرە مېھمانخانىغا چوكۇش ئۈچۈن تاكسى توسۇدۇم...

**8**

ياتاق ئاچقۇزۇپ ياتاققا چۈشكەن بولساممۇ ئەتىكى ئىشلارنى ئويلاپ پەقەت ئۇيقۇم كەلمىدى.بەزىدە يالغۇزلۇقنى خالايسەنكەنۇ ئەمما يالغۇزلۇق سېنى قىيناپ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ خىيالى ساڭا ھەمرا ئىكەن.

شەمسىيەنى خىيال قىلاتتىم.ئۇنىڭ مېنىڭ تويى ئىشىمنى دەپ بۇ شەھەرگە كېلىشى ھەرگىزمۇ مېنى ئايگۈلدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلام بولمىسا كېرەك.بەلكىم ئۇنىڭ كوڭلىدىمۇ شەخشى غەرەز بولىشى مۇمكىن.ئۇمۇ مېنى چوقۇم ياخشى كورىدىكەن...

خىياللىرىم قاناتلىنىپ ئۈچماقتا شەمسىيە دېگەن شۇ ئىسمىنىلا ئىزلىمەكتە.ھەي بىز نىمە دېگەن شەخسىيەتچى .ئەتە مېنىڭ تويۇم ئەمەسمىدى.ئۇ ئىشلار نىمە بولۇپ كەتتى.ئاتا ـ ئانام نىمە تەڭلىكتە ،ئايگۈلنىڭ ئويىدىكىلەرچۇ ؟،ئۇلار كەلگەن مېھمانلارغا نىمە دەپ جاۋاپ بىرىدۇ ؟بۇلار خىيالىمغىمۇ كىرمەي شەمسىيەلام خىيالىمنى ئىگىلىگەن.

تاك..تاك...تاك...،ئىشىكنىڭ ئاستا چېكىلىشى خىيالدىن ئويغاتتى.بۇ يېرىم كېچىدە كەلگىنى كىمدۇر دەپ بېرىپ ئىشكنى ئاچتىم.ئاچتىمىۇ ئىشىك چەككۈچىنى كورۈپ قورقۇپ كېتىپ ئىشكنى تاقىۋالدىم.

تاك...تاك...تاك...،ئىشىك قايتا چېكىلدى.سىرتتىكىلەر ئىشكنى بۇزۇپ كىرىدىغاندەكدەك ئىشكنى ئىچىدىن تىرەپ تۇرىۋالدىم.ئىشىك چېكىلمەكتە،مەن قورقۇپ بەدىنىمدىن تەر قۇيۇلماقتا...،قورقۇشتىن باشقا نەرسە يوق ئىشكىنىڭ چېكىلىشىنىڭ قاچانلاردا توختاپ قالغىنىنى بىلمەپتىمەن.ياتاق تېلىفۇنىنىڭ جىرىڭلىشىدىن ھۇشۇمنى تاپتىم.

تىرت...تىرت...تىرت...،تېلىفۇن جىرىڭلىماقتا،قەلبىمنى بىر قورقۇنۇچ چۇلغىماقتا

،جىرىڭلاش توختايدىغاندەك ئەمەس.قورقۇش ئىچىدە تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم.

ـ دوت ساراڭ ،نىماندىلاق قىلىسەن.ئۆيدىن قېچىپ چىققان مەن ئۆز كىملىكىمدە ياتاق ئالچۇزايمۇ ؟تۇتۇلۇپ قېلىپ ئىككىلىمىزنى رەسۋا بولسۇن دەمسەن ؟ئىشىكىڭنى ئاچ ياكى كىملىكىڭنى چىقارتىپ ماڭا ياتاق ئاچقۇزۇپ بەر...،ـ ئايگۈلنىڭ ئاۋازى ئىدى.ئۇ قانداقىسىگە بىلگەندۇ مىنىڭ بۇ مېھمانخانىغا چۈشكىنىمنى.قارىغاندا بۈگۈن ئۈنىڭدىن قۇتۇلالمىغۇدەكمەن.ياتاقتىن سىرتقا چىقتىم.ئۇنىڭ ياتىغىمغا كىرىۋالماسلىغى ئۈچۈن ئۆز كىملىكىمدە يەنە بىر ياتاق ئاچقۇزدۇم.ئۇ ياتىغىغا كىرىپ كىتتىش ئالدىدا، ـ

ـ شاكىر بۈگۈن كىچىنى ئۆتكۈزۈشنى شۇنچە ئاسان دەپ ئويلامىسەن .ماڭا مۇشۇ بىر قېتىم ئىشەن،ساڭا ھەمرا بولۇپ بۇ بىر ئۇزۇن كىچىنى ئۆتكۈزىۋالاي،ھەرگىزمۇ يامان غەرەز ئارلاشمىغانلىقىغا كاپالەت بىرەي.

ـ ئىشەكمۇ پۇتى بىر قېتىم سېپىلغان كورۇكتىن ئۆتمەس ئىكەن، ـ ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تەپتىم.

ـ بۈگۈن كىچىنىڭ ھەر ئىككىلىمىز ئۈچۈن قانچىلىك ئازاپلىق ئىكەنلىگىنى بىلەمسەن.مەن ئويگە خەت قالدۇرۇپ قېچىپ چىقتىم.ئۇلار مىنى چوقۇم ئىزلەيدۇ.يالغۇزلۇقتا ئىچىم پۇشۇپ ئىچىپ مەس بولۇپ قالسام نىمە بولۇشىنى بىلمەيمەن،ھەر ئىككىلىمىزنىڭ بىخەتەرلىگىنى دەپ بولسىمۇ بىر ئاز ھەمراھ بولۇپ پاراڭلىششىمىزغا يول قوي ...، ـ تەھدىد سىلىۋاتاتتى.

ـ بولدى قىل ئايگۈل بەك چارچاپ كەتتىم .ئارام ئالايلى.

ـ شەمسىيە بىلەن نىمە زىددىيىتىمىز بارلىغىنىمۇ بىلگۈڭ يوقمۇ ؟، ـ مىنىڭ ئاجىزلىغىمدىن تۇتىۋالدى.مەن بۇ زىددىيەتنى بىلىشكە بەكمۇ تەقەززا ئىدىم.

ـ بولىدۇ.بىراق چەكتىن ئاشىدىكەنسەن ،ھەيدەپ چىقىرىمەن، ـ توي بولغۇچىلار خىيالى يۇرۇيمىز،چوڭلار نىممۇ بولۇپ كەتكەندۇ...

ئايگۈل خېلىلام بىسىقىپ كەتكەن ئىدى.ماڭا سۇركىلەيمۇ دىمەيتتى.ياتاقتىكى سوغۇق

ئىچىملىكتىن ئازراق ئىچىۋېلىپ سورىدى.

ـ كامىرانى قانداق بايقىدىڭ ؟روشەنگۈل ئەيتىپ بەرمىگەندۇ ؟، ـ ئۇمۇ ئۇزى قىزىقىدىغان ئىشلارنى بىلىشكە ئالدىرسا كىرەك.

ـ مەنمۇ سىلەر ئىككىڭلارنى قىلغان بولىشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان.توي تەييارلىغىنى دەپ چىراق ئالماشتۇرغاندا تاسادىپى بايقالدى شۇ، ـ روشەنگۈلنى قوغداش ئۈچۈن يالغان سوزلىدىم.

ـ مەن تېخى روشەنگۈلدىن كورۈپ يۈرۈپتىمەن،بولدىلا تەقدىر شۇنداق بولسا كىرەك.يېڭىلگىنىمگە تەن بەرسەممۇ ،ئەمما سېنىڭدىن ئولگۈچە ۋاز كەچمەيمەن.

ـ بولدى قىل ئايگۈل ،ئوزۈڭنى ياخشى كورمەيدىغان بىرىنى قوغلۇشۇپ نىمە پايدىغا ئىرىشىدىغانسەن.

ـ پايدىدىن سوز ئېچىۋاتامسەن شاكىر،مەن سېنى ھەرگىزمۇ پايدا قوغلىشىپ قوغلاشمايمەن،كوڭۈل دىگىنە كوڭۈل...، ـ ئۇنىڭ كوزىدىن تۈنجى قېتىم ياش چىققىنىنى كورۈشۈم ئىدى.

ـ مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلدىڭ ؟، ـ سورىدىم.

ـ بۇ دىگەن ئاسانغۇ،سېنىڭ تاكسى توسۇپ مۇشۇ ناھيەگە ئاپىرىپ قوي دىگىنىڭنى ئاڭلىغان تۇرسام،بۇ كىچىك ناھيەدە بۇنىڭدىن باشقا ياخشىراق ياتاق بولمىسا ،بۇ يەردىن باشقا نەگىمۇ باراتتىڭ،مۇلازىمەتچىلەرگە ئازراق يالغان سوزلىدىم شۇ،دوستۇم ياتاق نومۇرىنى دەپ بەرگەنتى ،ئۇنتۇپ قاپتىمەن .ئىسمى شاكىر قايسى ياتاقتىكىلىگىنى ئىزلەپ بىرىڭلار دىدىم.سېنى ئىزلىمەي ئوز كىملىگىمدە ياتاق ئاچقۇزسام ئىزلەپ چىققانلار ئاسانلا تېپىۋالىدۇ .بۇ ساڭىمۇ ئايان،ساڭا تەگمەيمەن دەپ قېچىپ چىققان بولدۇم.ئۇلار مەن تەگمەيمەن دىگەن ئادەمنىڭ كىملىگىدە ياتاق ئاچقۇزۇشۇمنى خىيالىغىمۇ ئەكىرمەيدۇ دىگىنە، ـ ئۇنىڭ چىرايىدىن مەيۈسلىگى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.ئازراق ئىچ ئاغرىتىپمۇ

قالدىم.شۈنچە مەغرۇر ،مۇشۇ يۇرتتا ھارقانداق بىر يىگىتنى ئۆزىگە كويدۇرۇپ يۈرەلىگۇدەك قىز ئىدى.ئەپسۇس كوڭۇل دىگەن ساراڭغا ئامال يوقكەن.

ـ شەمسىيە بىلەن بولغان زىددىيەتىڭلارنى دەپ بەرمەمسەن، ـ ئۇدۇللۇق سورىدىم.

ـ ئالدىراپ كىتىۋاتقانلىغىڭنى بىلمەن.بولىدۇ دەپ بىرەي.ئەمما ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىك ئۆزۈڭدىن، ـ ئۇ بىر يۇتۇم سوغۇق ئىچىملىك ئوتلىۋېلىپ سوزلەشكە باشلىدى.

ـ سوزلىسەم گەپ جىق.قىسقىلام دەي ـ سەن بىلىسەن مىنىڭ ئاكامنى .ئۇنى چەتئەلدە ئوقۇۋاتىدۇ دەپ بىلىسەنغۇ،ئەپسۇس ئۇ چەتئەلدە ئەمەس بەلكىم ئىچكىردىكى مەلۇم دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.نىمە كىسەل دەپ سورىما .ھازىرلا بىلىسەن.شەمسىيە بىلەن ئاكامنىڭ ئىلگىركى ئاشىق ـ مەشۇقلىغىنى بىلمىسەڭ كىرەك.ئۇلار ئالى مەكتەپتە ئارلاشقان ئىكەن.كىم بىلسۇن ئۇلار بالدۇرلا بىر ئويدە بولىۋاپتۇ.بىراق شەمسىيە چوڭ شەھەرلەردە يۇرۇپ ئۆزىگە نىجاسەت كىسەل يۇقتۇرىۋالغان بولۇپ،كىسەل ئاكامغىمۇ يۇقۇپتۇ.كىيىن ئۇلار بۇ كىسەلنى بايقاپ نومۇسقا چىدىمىغان شەمسىيە ئولىۋالماقچى بولۇپ بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ مەخسىدىگە يىتەلمەي پۇتى سۇندى.دوختۇرغا ئېلىپ بېرىلغاندا ئۆزىنىڭ شەرمەندىلىكىنى يۇشۇرۇش ئۇچۇن ئاكامنى باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغىنىدا ئۆزىنى قوغداش ئۇچۇن بىنادىن سەكرىدىم دەپ تۇرىۋېلىپ،ئاكامنى سولىتىۋەتتى.كىيىن ئاكامنىڭ كىسىلى ئېغىرلاپ تۇرمىدىن داۋالىنىش ئۇچۇن كېپىللىك قويۇپ بەردى .ئاكام ئىچكىرىدە داۋالىنىۋاتىدۇ.شەمسىيە بولسا .رەسۋالىقلىرى ئاشكارىلىنىپ كەتكەن ئۇ شەھەردە ياشيالماي،ئۆزىنى دىنى تونىغا ئورىۋېلىپ بۇ شەھەرگە كېلىۋالدى،ئاكامنى قانچە ياخشى كورىدىغىنىمنى بىلمىسەڭ كىرەك.ئاكامنىڭ قىساسىنى ئالمۇغۇچە بولدى قىلمايمەن.زىددىيەت ئەنە شۇ، ـ ئايگۇلنىڭ دىگەنلىرىگە ئىشەنمەيتتىم.بىراق ئۇنىڭ يامان كىسەل دىگىنىنى بىلمەكچى بولدۇم.

ـ قانداق كىسەلنى دىمەكچى سەن، ـ سورۇدۇم.

ـ قانداق كىسەل بولاتتى.ئەيدىس............، ـ قولاق تۈۋۈمدە بىر بومبا

پارتلىغاندەك چوچۇدۇم.شەمسىيەنىڭ ئۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلىشىغا ئىشەنمەيتتىم .بىراق شامسىيەنىڭ ئاكىسىنىڭ تۇرمىگە سولىنىشى ھەرگىزمۇ ئاددى ئىش ئەمەس ئىدى.شەمسىيە باسقۇنچۇلۇقتا ئۇچرىغانمىدۇ ؟ئايگۇلنىڭ ئاكىسى بۇنداق نىجاسەت كىسەل تۇرسا،باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغان قىز ساق قالارمۇ....ئويلاشقا پېتىنالمىدىم.ئايگۈلنى سورەشتۇرۇپ ياتاقتىن قوغلاپ چىقاردىم.يوتقانغا يۇزۇمنى پۇركەپ يىغلاپ كەتتىم....

*　　*　　*

بېشىم قاتتىق ئاغرىپ تۇراتتى .سائەتنىڭ قانچە بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەي تېلفۇنۇمنى ئېچىپ ئانامغا تېلفۇن ئۇردۇم.

ـ شاكىرمۇ سەن بالام .نەلەردە يۈرۈيدىغانسەن ؟بىز تەرەپلەردىكى ئىشلاردىن خاتىرجەم بول.قىز تەرەپتىن باياتىن ئۇچۇر كەلدى.شەھەر باشلىغىنىڭ تۇيۇقسىز يۈرەك كىسلى قوزغۇلۇپ قىلىپ جىددى قۇتقۇزۇشتا قۇتقۇزۇۋېتىلىپتۇ،بىزمۇ مېھمانلىرىمىزغا سىنى باشلىقتا ھەمرا بولۇپ دوختۇردا ساقلاۋاتىدۇ دەپ قويدۇق.ئوزۇڭنى ئاسرا ،كەچتە چوقۇم قايتىپ كەل.مېھمانلارنى ياخشى كوتۇپ يولغا سېلىۋاتىمىز... ـ تېلفۇننى يەنە ئېتىۋەتتىم.يوتقانغا يەنە يۇزۇمنى چومكىدىم.كوزلۇرۇمدە ياش ،يۈرۈگۈم لەختە قان...تۈنجى سويگەن ئادىمىمنىڭ بۇنداق يامان ئۇچۇرى مېنى ئەزمەكتە........

بىرلا ئۈمۈت بار ئىدى.ئايگۇل بىر يالغانچى.ئۇنىڭ دىگەنلىرىنىڭ يالغان چىقىشى ئۇمۇتنىڭ ئوزى ئىدى،بىراق بۇ ئىشلارنى كىمدىن سورايمەن.روشەنگۇل بىلەمدىغاندۇ ؟بىلسىمۇ ئۇ قەيەردە ؟شەمسيەنىڭ ئوزىدىن سوراشقا بولامدۇ ؟........

ـ قوپە ـ قوپ شاكىر.ئولمىگەنسەن، ـ ئايگۇلنىڭ سىلكىشلىرىدىن ئويغۇنۇپ ئەتىراپقا باقتىم.ئوز ياتىغىم.قانداق كىردىڭ دىگەنەدەك ئىشككە قارىدىم.

ـ قارىمىساڭمۇ بولىدۇ .ئىشكنى قاقسام ئاچمىدىڭ. ئولگەن چېغى دەپ،ماۋۇلارغا دەپ ئىشكنى ئاچقۇزدۇم، ـ ئىشىك توۋىدە كۇتكۇچى قىز قاراپ تۇراتتى،مېنىڭ بېشىمنى

كوتۈرگۈنۈمنى كورۈپ ئۇ كىتىپ قالدى.

ـ قورساق ئېچىپ ئولسۇن دەمسەن.يۇر تاماق يەپ كىرىمىز، ـ شۇنداقمۇ قاشاڭ قىز بولىدىكەن.توي كۈنى يىگىتى تەرىپىدىن تاشلانسۇن.نومۇستا ئويىدىن قېچىپ چىقتى ،دىسەم.بۇ يەردە يەنە قوساقنىڭ غېمىنى قىلىپ يۈرۈيدا.

ـ سىرتقا چىقىشتىن ئويىلامىسەن،بۇ ناھىيەدىمۇ سېنى ،مېنى تونۇيدىغانلا تولا ،خەق كورسە نىمە دەيدۇ، ـ ئاغرىق بېشىمنى يولەپ تۇرۇپ دىدىم.

ـ نىمە دەيتتى ،بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقكەن دەيدۇ.ھى ھى ھى...، ـ خىجىل بوماي كولىۋاتاتتى.

ـ ئويالساڭچۇ،چوڭلار نومۇستا نىمە قىلىۋاتىدۇ،كەلگەن مېھمانلارغا چۈشەنچە بىرىپ بولالماي ئاۋارە.سەن بولساڭ يەنە كولەلەيسەنكەنغۇ.

ـ كولمەن شاكىر .سەن يېنىمدا بولسەڭ ،ئولىدىغان ئىش بولسىمۇ كولۈپ بارىمەن دىگىنە.ھى ھى ھى...، ـ بىزەڭلىك دىگەنگىمۇ گەپ كار قىلمايدىكەن.

ـ داداڭنى يۈرەك كىسىلى بىلەن دوختۇرغا كىرىپ قاپتۇ دەۋاتىدۇ،شۇنى بولسىمۇ ئويلا.

ـ ھى ھى ھى....، ـ تېخىمۇ قاتتىق كۈلگەن شەمسىيە ئالدىمغا كېلىپ كوزۈمگە  تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ ـ

ـ سەن ئىشەندىڭمۇ شۇ گەپلەرگە،دادامنىڭ ئەزەلدىن يۈرەك كىسىلى يوق.ئۇ دىگەن بىر سىياسئون،قانداق چاغدا قانداق بولۇشنى ئوبدان بىلىدۇ.يوزنىى توكىۋالماسلىق ئۈچۈن ياتقاندۇ ھەقىچان، ـ ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمىگەن ئىدى.

ـ شۇنداق بولسىمۇ بىر تىلىفۇن قىلىپ قويمامسەن، ـ دىدىم.

ـ قىلمىدى دەمسەن.ئۇلارنىڭ نىمە قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ تورىۋاتىمەن.مېنىڭ ئويىدە قالغان خەۋەرچىم بار.ئۇلاردىن خاتىرجەم بول شاكىر.دادامنىڭ چۈشتە نىمە يىگىنىنىمۇ بىلىپ تۇرىۋاتىمەن، ـ ئۇنىڭ بۇنچە يامان ئىكەنلىكىنى بۇرۇن بىلمىگەنتىم بولارمۇ ؟.

ـ قوپە دەيمەن.توي كۈنىمىزدە ئاچ يۈرسەك قاملاشماس.بۇ ناھىيەدىكىلەرنىڭ بىزنى تونۇيدىغانلىرى سېنىڭ ۋە بىزنىڭ ئۆيدە توي ئوينايدۇ ، ـ ئايغىمنى مەجبۇرى كېيگۈزدى ۋە

ـ تاماق يىمەي توي كىچىسىنى لاتا بولۇپ ئۆتكۈزەي دەمسەن ، ـ دىدى.بۇ گەپكە ئەرۋاھىم ئۇچتى.

ـ نىمە قىلاي دەيسەن .توي كىچىسىنى چۈشەۋاتامسەن.

ـ ھامىنى كېلىدىغان كۈن بولغاندىكىن،خىيال قىلىپ قويسا نىمە بوپتۇ، ـ گېپىدىن يېنىۋېلىۋاتاتتى.

ـ شۈملۈق قىلمەن دىگۈچى بولما .كەچ كىرسىلا قايتىپ كېتىمەن.

ـ كىم سېنى كەتمە دەپتۇ،ھازىرقى ۋەزىپە قوساق تويغۇزۇش، ـ سورەشتۈرۈپ دىگۈدەك ئاشخانىغا ئەچىقتى.تونۇشلارنى ئۇچراپ قالمىسۇن دىگەنىدەك يوزۈمنى چومكەپلام يۈردۈم.

كەچ كىرمىكى شۈنچە تەس كەلدى.ئايگۈل بىر مىنۇت مەندىن نېرى بولماي كەيپىياتىمنى ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى.

ـ سىنىڭ جېنىڭغىمۇ ۋاي ئايگۈل،ئوزۈڭنى ياخشى كورمەيدىغان بىرىگە شۈنچە يېپيشىۋالغان بارمۇ ؟ھەر نىمە قىل مېنىڭ سېنى ياخشى كورۈشۈم مۈمكىن ئەمەس.

ـ ياخشى كورۈشۈم ئوزۈمنىڭ ئىشى،سېنىڭمۇ كىمنى ياخشى كورۈشۈڭ ئوزۈڭنىڭ ئىشى.مەن سېنى مېنى ياخشى كور دەپ ئېلىشتۈرۈپ يۈرمىگەندىن كېيىن سەنمۇ ئىشىڭنى قىلىۋەرسەڭ بولمامدۇ ؟قوينۇڭغا كىرىۋېلىپ مېنى ئال دىمىگەندىن كېيىن ،قېشىڭدا ئۈلتۈرسام نىمە بولۇپتۇ، ـ بىزارلىقىنىڭمۇ چېكى بولىدىكەن.

ـ سېنى كورۈپ ئولتۈرغاندىن كورە چۈشۈن يەۋالسامۇ كوڭلۈم بۈنچە ئېلىشماس،ئادەمنى ئازراق بىزار قىلىپ يالغۇز قويساڭ بولمامدۇ، ـ بۈنچە قوپال گەپ قىلىپ باقماپتىكەنمەن.

ـ بىزار بولدۇم دەۋاتامسەن.بىزار بولىدىغان كۈن ، ئالدىڭدا تېخى،چىرايلىق خېنىمىڭنىڭ كىسلى قوزغالسۇنچۇ قەنى شۇ چاغدا بىلسەن بىزار بولۇشنى، ـ قولۇمغا نىمە چىققانلىغى

بىلەن كارىم يوق ئاتتىم ئۇنىڭ يۈزىگە.

ـ يوقال ،نومۇس قىلساڭچۇ ،سېنىڭ دىگەن قايىسى بىر گېپىڭ راس چىققان ،باشقىلارغا تۆھمەت قىلىشقا خۇمارغۇ سەن ، ـ شۇنداق دىگىنىم بىلەن شەمسىيەنىڭ شۇ نىجىس كىسەلگە گىرىپتار بولىشىدىن بەكمۇ قورقاتتىم ،بولسا تۆھمەت بولغاي ئىلاھىم . . .

ـ تۆھمەت ،كىمگە تۆھمەت قىلىپتىمەن .دىدىمىغۇ تەكشۈرتۈپ باق دەپ ،ئۆزىدىن سورىساڭمۇ بولۇدۇ ياكى ، ـ ئايغىمنى ئاتتىم .ياماڭ جىننەتككەن بىر سەكرەپلام ئوتكۈزىۋەتتى .

ـ مەن دىدىمىغۇ شاكىر سەن مېنىڭ ،ئۆمرۈمدە ساڭا تەگمەي قويمايمەن ،كىمكى ساڭا تىگمەن دەيدىكەن ياخشىلىق كورۈش دىگەندىن خىيال قىلمىسۇن ، ـ چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم .ئەپسۇس مەن تۇرۇپ بولغىچە ئۇ قېچىپ ئۈلگۈردى .

ئىشكنى ئىچىدىن تاقاپ روشەنگۈلگە تېلىفۇن ئۇردۇم ئەپسۇس تىلىفۇنى ئىتىك ئىكەن .شەمسىيەگە تىلىفۇن قىلىشتىن ئويۇلدۇم .ئىلاھىم روشەنگۈلنىڭ شەمسىيە بىلەن ئايگۈل ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلاردىن خەۋىرى بولغۇيدى ،بولمىسا بۇ تۇگۈننى كىممۇ يىشىپ بىرە .ئايگۈل دىگەن جىننىڭ يەنە ئاۋارە قىلىشىدىن قورقۇپ كەچ كىرىشنى كۈتمەيلام ئويگە قايتتىم .

* * * * *

ئويدىكىلەر مەندىن ئەنسىرەپلا ئولتۇرۇشقان ئىكەن .ئۇلارنىڭ دىيىشىچە مېھمانلارنى قۇدىمىز ئېغىر كىسەل بولغىنى ئۈچۈن قىزنى يوتكەپ ئەكىلەلمەيدىغان بولدۇق دەپ ئەپلەپ يولغا سېلىپتۇ ،بىراق مېنى كورگەن ئانام يىغلاپلام كەتتى .

ـ ۋاي جېنىم بالام ،قايسى كۈنكى يىغاڭدىن ھېچنىمنى چۈشەنمىگىنىم نىمىسى ،ئايگۈل بىلەن توينى قىلىشقا ئالدىراپ شۇنداق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپتىمەنغۇ . .ئۇ ئەسلى بىر ناكەسكەن ئەمەسمۇ .سېنى قولغا چۈشۈرىمەن دەپ بىز چوڭلارنىڭ ئالدىدا قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىچۇ . . . . ، ـ يىغىغا قوشاق قاتقىلى نىمانداق ئۇستا خەق بىز ،ھېچ قاپىيەسى يوق

گەپلەرنىمۇ ئاھاڭغا سېلىپ دەۋېرىدىكەن.

ـ بولدى قىلە ئەمدى،ئوغلۇڭنى خىجالەت قىلىپ نىمە قىلىسەن، ـ دادام ئانامنى توسىدى ۋە ـ

ـ ئادىل ۋالىنىڭ قىزى بىلەن قاچان تېپىشىۋالغانتىڭ، ـ ئانامنىڭ دىگەنلىرىدىنمۇ خىجالەت قىلىدىغان ئىشنى سورىدى. بۇ دادامنىڭ شەخسى سىرىم ئۈستىدە تۇنجى سورىشى ئىدى.نىمۇمۇ دىيەلەيمەن،ئۇنى قىز دوستۇم دەي دىسەم ئۇنىڭدا ئايگۈل دىگەندەك كىسەل بولسىچۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە شەمسىيە ماڭا ھازىرغىچە بۇ توغرۇلۇق بىرە جاۋاپ بەرمىگەن تۇرسا.سوكۈتنىڭ ئوزى ئەڭ ياخشى جاۋاپ.ياخشىمۇ ئۇلار روشەنگۈلنى خاتا چۈشۈنۈپ يۈرمەپتۇ.شۇنىڭدىن قارىغاندا شەمسىيەمۇ ئاتا ـ ئانام بىلەن كورۈشۈپتۇ .بۇ چوقۇم روشەنگۈلنىڭ توھپىسى ئىدى.ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن كوپ قەرىز بولۇپ قېلىۋاتاتتىم.

ـ قاچان بولاتتى ،قايسى كۈنى شاكىرنى كۈتۈپخانىسىغا بىر قىز باشلاپ كەلدى.مېھرى ئەجەپ ئىسسىقكەن دىمىدىمۇ .شۇ قىز دەل ئادىل ۋالىنىڭ قىزىكەن ئەمەسمۇ،ئاتا ـ ئانىسىمۇ شۇنداق ئىسىل ئادەملەردى، ـ ئانامنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى.ئۇلار نىمە دىمىسۇن گەپ قىلماي ئولتۇرىۋالدىم...

* * * * *

توي بۇزۇلۇپ ئەتىسى سەھەردىلا روشەنگۈلنى ئىزلەپ ئۇنىڭ ئويىگە باردىم.لېكىن روشەنگۈلنى ئويىدىكى خىزمەتكارلار قايتىپ كەلمىدى دىدى.قارىغاندا ئۇ ئويىگە قايتمايلا ئۈرۈمچىگە كەتكەن ئوخشايدۇ.تۇيۇقسىز تېلىفۇنىمغا قىسقا ئۇچۇر كەلدى.

"شاكىر بىز ئۈرۈمچىگە قايتتۇق،بىزنى ئىزلەپ ئاۋارە بولما .مەكتەپتە كورىشەيلى،شەمسىيە ،روشەنگۈل" دىيىلگەن ئىدى.يەنە كۈتۈش باشلاندى.تەتىلمۇ توشاي دەپ قالغان ئىدى....

ئۇلارنىڭ سوزىچە بولغاندا روشەنگۈلمۇ بىز بىلەن ئوقۇشقا بارامدۇ نىمە...روشەنگۈلنىڭ تىلىدىن خوش پۇراق چېچىلغاي ئىلاھىم...

**9**

تەتىلمۇ ئاخىرلىشىپ مەكتەپكە كىلشۋالدىم.توي ئىشىدىن كىيىن دەپ ئوتكۈدەك چوڭ ئىشلارمۇ يۈز بەرمىدى.شەھەر بەشلىغى قىزىنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى بىزدىن يۇشۇرۇپ،ئوزىنىڭ كىسەل سەۋەپلىك قىزىنىڭ تويىغا توسالغۇ بولغىنى ئۈچۈن قىزى يۈزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي باشقا يۇرتتىكى توققانلىرىنىڭ قېشىغا بىرىۋالغانلىغىنى ئەيتىپ ئويدىكىلەرگە چاي بەردى.توي ئىشىنى قىزىنىڭ ئاچچىغى يانغاندا دىيىشىدىغان بولۇپ تويلۇقمۇ قايتۇرۇلمىدى.بىزنىڭ ئويدىكىلەر باشلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ باشقا گەپ قىلمىدى.شۇنىڭ بىلەن بىر قېتىملىق بوھران ئاخىرلاشتى.

ئايگۇلنىڭ پاراكەندىچىلىك قىلىشىدىن يۇرتتا قۇتۇلغان بولسامۇ مەكتەپكە كېلىپلام تۇتۇلدۇم.

ـ شاكىر تويۇمنى بۇزۇپ ياخشى ئىش قىلمىدىڭ،بىر كۈن بولسىمۇ خوتۇن قىلىپ قويىۋەتكەن بولساڭ بۇنچە ئىزادا ئولمىگەن بولاتتىم.خەير بوپتىلا دەي،ئەمما ئىسىڭدە تۇتقىنكى كېيىنكى تويۇڭدا تارىخ تەكرارلىنىپ قالمىسۇن ئىلاھىم. . . ، ـ بۇ سوزلىرىنى تەھدىد ياكى تىلەك دەپ چۈشۈنەلمەي گاڭگىراپلام قالدىم.

ـ ياخشىلىق قىلغۇچىمۇ ،ئەمىلىمىزگە لايىق جازا بەرگۈچىمۇ شۇ خۇدا ئايگۇل.بۇرۇن قىلغانلىرىمنىڭ جازاسىنى تارتىپ بولغان بولغۇيدىم ئىلاھىم، ـ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم.ئۇ مېنىڭچە مەكتەپكە بۇرۇنلا كىلىۋالغان بولسا كىرەك.مەنمۇ شەمسىيەلەر بىلەن بالدۇرراق كورۇشۇش ئۈچۈن بىر كۈن بورۇن كىلىۋالغان ئىدىم.كەلسەم ئايگۇل كېلىپ بولغان ئىكەن.

شەمسىيە كەلمەي قالسا ئايگۇلنىڭ بۇگۈن كىچىنى ماڭا ئۇيقا هارام قىلىپ بىرىشىگە كوزۇم يىتىپ سىرتتا ياتاق ئاچقۇزدۇم.

سەھەر مەكتەپكە يىتىپ كەلدىم .مەكتەپ دەرۋازىسىدا ماڭا ساقلاپ تۇرغاندەكلا ئايگۇلگە يولۇقتۇم.

ـ تېپىپ باق شاكىر ،جاجاڭنى بىرىدىغان چاغلار يېتىپ كەلدى،قانداق بىرىدىغاندىمەن ؟ ، ـ چىرايىدا بىر غىلجىڭ كۈلكە ،نىمە شۇملۇقتا بۇنچە خۇشال بولغاندۇ دەپ ـ

ـ سېنىڭ ھېلەڭنى مەن نەدىن بىلەي.شەيتانغىمۇ دەرىس بىرىسەنغۇ سەن زادى ، ـ بىلمگەننى دوراپ ئىككى مورەمنى چىقىرىپ قويدۇم.

ـ ھى ھى ھى شەمسىيە بىلەن ئىككىڭنى بىرلىشىپ ماڭا قارشى تۇرمسۇن دەپ روشەنگۈلنى ماڭا ھەمرا قىلىپ ئەۋەتىپتۇ.

ـ كىم ئەۋەتىپتۇ ، ـ جىننىڭ ئېغىزىدىن بولسىمۇ ئاللاھ سوزىنى ئاڭلاي دەپ بىلمەسكە سېلىپ سورىدىم.

ـ سېنىڭ جاجاڭنى بىرىشنى ماڭا سالغان شۇ ئىگىمىز، ـ خۇداغا مىڭ شۈكرە ،مۇنۇ شەيتاننىڭ قەلبىدە بولسىمۇ يامانلىق ئويلىغاندا ئىگىمىز بار ئىكەن ئەمەسمۇ.ئەپسۇس ئۇ ئوزىنىڭ بارلىق پىلانلىرىنى شۇ ئومۇت باغلىغان دوستىنىڭ نابۇت قىلغانلىغىنى بىلسە ئىدى نىمۇمۇ بولۇپ كىتەر.ئەي كەرەملىك ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەم سىرلارنىڭ سىر پېتى ئۇنىڭغا بىلىنمەسلىگىنى سېنىڭدىن تىلەيمەن.ئىچىمدە ئاللاھتىن تىلىدىم.روشەنگۈلنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەن باشقا بىرى بولسا ئىدى خوشلۇقتا چوقۇم كوتۇرۇپ ئايلاندۇرغان بولار ئىدىم.

ـ شەيتاندىن يەنە بىرى ئاۋۇپتۇ ئۇنداقتا ، ـ چاندۇرماي دەپ قويدۇم.قەلبىمدە روشەنگۇل شەيتان ئەمەس پەرىشتە ئىدى.

ـ ئاللاھ جاجاڭنى بىرىشنى خالاپ قالغان چېغى، ـ كىمنىڭ جاجىسىنى بىرىدۇ كورمەمدۇق .ئۇنىڭ دىگەن گەپلىرىگە مېيىغىمدا كولۇپ قويدۇم.

شەمسىيەلەر بىلەن ياتاق ئالدىدا كورۇشتۇق.دىگەندەك روشەنگۇل ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى.روشەنگۈلنىڭ كىيىنىشى شەمسىيەنىڭ كىيىملىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ئايگۈل شۇنىڭغا قاراپ بولسىمۇ بىر نىمىنى سەزمىگەن ئىدى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكوم، ـ ئاۋۋال تىچلىق سورىدىم مەن.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ـ ئىككىلىسى تەڭلام جاۋاپ قايتۇردى.

ـ ئىككىڭلار شىرىن ئاي ئوتكۈزەيلى دەپ بۇرۇن كىلىۋالمىغانسىلە، ـ روشەنگۇل مىنى چېقىۋېلىشقا ئامراق ئىدى.

ـ بۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسام شىرىن ئاي ئەمەس كۈلپەي ئاي بولۇپ قالامدۇ، ـ چاخچاق دەپ چۈشۈنەر دىسەم گېپىمنى ئايگۇل ئىلىۋالدى.

ـ بولدى قىلە روشەنگۇل ،بۇ مەتۇغا شىرىن ئاي نىمە قىپتۇ،توي قىلسىمۇ شىرىن ئاي ئەمەس ئىتىكاپتىن قالدىم دەپ ئوتكەن شىرىن چاغلىرى ئۇچۇن خوتۇنىغا تاپا ـ تەنە قىلمىسىلام بولاتتىغۇ ، ـ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېغىزىنى ئۇشلاپ دىگۇدەك دىدى ئۇ.

ـ بۇنداق گەپلەرنى قويۇپ ئوز گېپىڭنى قىلە روشەنگۇل ،نىمە بولۇپ بۇ شەھەرگە كېلىپ قالدىڭ، ـ مېزىسى يوق پاراڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ شۇنداق دىدىم.

ـ چەتئەلدە يۇرسەممۇ تىل ئوگۇنىدىكەنمەن،ئۇندىن كورە ئوز ئىلمدە ئوگىنەي دەپ كەلدىم.

ـ مەۋسۇم ئوتتۇرىسىدىمۇ ئوقۇغۇچى ئالامدىكەن، ـ ئايگۇل سورىدى.

ـ چەتئەلدە ئوقۇغان ۋاقتىمنى ئىتراپ قىلىدىكەن ،بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلىنى كوپ تولىدىم شۇ، ـ شەمسىيە پاراڭغا ئارلاشماي چەتتە قاراپ تۇراتتى.

ـ ياتاقنى قانداق قىلىدىغان بولدۇڭلار، ـ سورىدىم.

ـ قانداق بولاتتى،ئۇچىمىز بىر ياتاقتا، ـ ئايگۇل ئالدىراپلا جاۋاپ بەردى.

ـ ياق ئايگۇل ،مەن مەكتەپتە ياتمايمەن .مەكتەپكە يېقىنلام يەردە دادامنىڭ ئېلىپ قويغان ئويى بار ،شەمسىيە بىلەن شۇ يەردە يېتىشنى قارار قىلدۇق،سەنمۇ قولاي بولسا بىز بىلەن بىرگە تۇرساڭ بولىدۇ، ـ ئايگۇل ھەيران قالدى بولغاي شەمسىيە بىلەن روشەنگۇلگە بىر قارىۋېتىپ.

ـ ئىككىڭلار،ئىككىڭلار بىرگە تۇرىمىز دەۋاتامسىلەر، ـ ئۇ تېخىمۇ ھەيران قېلىۋاتاتتى.

ـ شۇنداق .سەن خالىساڭ ئۇچ بولىمىز،قىلىدىغان ئىبادىتىمىزگىمۇ قولاي

بولىدۇ ، ـ روشەنگۈل قىلچە تەمترىمەي جاۋاپ بەردى.

ـ ئىبادىتىمىز دەۋاتامسەن روشەنگۈل ،ساڭا نىمە بولاۋاتىدۇ ،قىززىپ قالمىغانسەن ، ـ ئايگۈلنىڭ روشەنگۈلنىڭ پىشانىسىنى سىلاش ئۈچۈن ئاپارغان قۇلى بوشلۇقتا لەيلەپ قالدى.روشانگۈل ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

ـ شۇنداق ئىبادىتىم دەۋاتىمەن.بۇرۇن بىلمىگەن بولسام ئەمدى بىلدىم ئايگۈل.سەنمۇ خالىساڭ بۇ ھالىتىڭنى ئۆزگەرت.بىز ساڭا ياردەم بىرىمىز، ـ دىدى.

ـ نىماندىاق كىيىنىۋالغانكى دىسەم سەنمۇ ئۇنىڭ كىسىلىنى يۇقتۇرىۋىلىپسكەندە ،بولدى مىنى ئۆزگەر دىگۈچە ئۇل دىگىن ، ـ ئايگۈل تاراقشىپ ياتىغىغا كىرىپ كەتتى.شەمسىيە ماڭا بىر قارىۋىتىپ.

ـ ئۇنى بۇنداق تاشلاپ قويساق بولمايدۇ ،شۇڭا سىز ياتىغىڭىزغا كەتكەچ تۇرۇڭ. بىز ئايگۈل بىلەن ئوبدان بىر پاراڭلىشىپ كورەيلى ،بىز بىلەن تۇرسا ئازراق بولسىمۇ بىر نىمە يۇقسا ئەجەپ ئەمەس ، ـ بوي سۇنماقتىن باشقا ئامال يوقتە ،ئەپسۇس سىلەر ئۇنىڭغا بىر نىمە يۇقا دەپ بورىنى قوتانغا باشلىمىساڭلارلا بولاتتىغۇ ،ماقۇل دىگەندەك بىشىمنى ئىگىپ، ـ

ـ ئاللاھقا ئامانەت،چۈشلۈك تاماقتا بىرگە بولايلى ، ـ دىدىم

ـ سىزمۇ ئاللاھقا ئامانەت،ئاللاھ خالىسا بىرگە بولارمىز.

خوشلۇشۇپ ياندىم.شۇنداق ئىسىل ،ئەخلاقلىق بىر قىزنىڭ شۇ نىجاسەت كىسەل ئىكەنلىگىگە قەتئى ئىشەنمەيتتىم .روشەنگۈلدىن بۇگۇنلام سورىمايدىغان بولسام. . . .

* * *

چۈشلۈك تاماقنى تونىمىز بىرگە يىدۇق.ئايگۈلمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە تۇرىدىغان بوپتۇ.بۇمۇ ياخشى بولغىنى.ئۇ مەكتەپتە يالغۇز تۇرىدىغان بولسا مىنىڭ كۇنۇمگە ۋاي،كۇندە ئاۋارە قىلىپ بىشىمنى ساراڭ ئىتەتتى بولغاي.شۇنچە كاللىسى ئىشلەيدىغان ئايگۈلنىڭ بۇلارنى ئويلىمىغىنىغا ھەيران قالدىم.تاماقتىن يانغىنىمىزدا روشەنگۈلنى تارتىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا

قالدىم .

ـ سەندىن بىر ئىشنى سوراپ دىگەنتىم .

ـ نىمىنى سورايسەن شاكىر ، ـ روشەنگۈل دە دىگىنىدەك قاراپ تۇراتتى .

ـ ئايگۈلنىڭ ئاكىسى بىلەن شەمسىيەنىڭ ئىشىنى ، ـ شۇنچىلىك دىيەلىدىم .

ـ ئۇلارنىڭ نىمە ئىشىنى بىلمەكچى ئىدىڭ .

ـ قانچىلىك ئارلاشقانلىغىنى ،نىمە سەۋەپتىن ئايرىلىپ كەتكەنلىگىنى بىلەي دىگەن ، ـ تەلمۈرۈدۈم جاۋابىغا .

ـ نىمە دەيسەن هوي شاكىر ،شەمسىيە قەيەردە يۈرۈپ ئايگۈلنىڭ ئاكىسى دىگەن شۇ ناكەس بىلەن ئارلىشىپتىكەن ، ـ ياندۇرۇپ سورىدى هەيرانلىقتا روشەنگۈل .

ـ شۇنداراق ئاڭلىدىمغۇ ،شەمسىيەنىڭ سەۋەبى بىلەن كىسىلىپ كەتكەن دەيدىغۇ .

ـ ماڭا قارا شاكىر .هەقاچان بۇ گەپلەرنى ئايگۈلدىن ئاڭلىغان بولىشىڭ مۇمكىن .شەمسىيە بىلەن ئايگۈلنىڭ ئاكىسىنى ئارلاشتى دىگىنى قىپ ـ قىزىل يالغان .ئەمما ئۇ ناكەسنىڭ تۇرمىگە كىرگىنىنى ئاڭلىغانمەن ،شەمسىيەنىڭ سەۋەبىكەن دىيىشكەنتى ،بىراق بۇ ئاۋۇيخو خەق ئىس ـ بۇسنى چىقارماي يوق قىلىۋېتىشتى .شەمسىيەدىن نىمە دەپ سورايمەن ،شۇڭلاشقا سورىيالماي بىلەلمىدىم سەۋەبىنى ، ـ روشەنگۈلنىڭ جاۋابى كۆتكەن يىرىمدىن چىقمىدى .

ـ ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ زىدىيىتىنى بىلىدىكەنسەن ،زادى ئۇلار نىمە زىدىيەتكە بۇنچە قىلىشىپ كىتىدۇ ، ـ يەنە سورىدىم .

ـ هازىرغىچە بىلەلمەي ئىچىم زىدە دىسەڭچۇ ئاشىغىم ، ـ ئۇ مەنىلىك قاراپ قويۇپ سوزلىدى .

ـ ئۇنۇۋىرسىتتا ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ئىشلاردىن سىنىڭ پەقەتلام خەۋىرىڭ يوقكەندە ،نىمە زىدىيەت بولاتتى .ئوغۇل تالىشىدۇ شۇ ، ـ  كاللام ئىلىشىپلام كەتتى .

ـ كىمنى تالىشىدۇ ،مىنىمۇ ؟ ، ـ هەيرانلىقتا كوزۇم چەكچىيىپلام قالغان ئىدى .

ـ ئاغزىڭغا پوق .ئۇ چاغلاردا سەن قىز بالىنىڭ ئوزى تۇرساڭ ،قىز دىگەننى خىيال

قىلالىتتىڭمۇ،قىز لارمۇ قارا ـ مۇنداق ئەركەك تۈكى بارلارنى تاللىشىدۇ، ـ دەپ ئەمدىلە خەت تارتقان بۇرۇتۇمدىن تارتىپ قويدى.

ـ ئەمىسە كىمو ، ـ جاۋابىغا تەقەززا بولماقتا ئىدىم.

ـ ئىشقىلىپ سەن تونۇيدىغان بىرى.سوزلىسەم گەپ تولا،ئايرىم بىر كۈنى دەپ بىرەي.چوقۇم مېنى يالغۇز مېھمان قىلىسەن،ـ ئۇنى دىمىسمۇ مەكتەپكە كىلىپ قالغان ئىدۇق.ئايگۈل بىلەن شەمسىيە بىزگە ساقلاپ قاراپ تۇراتتى.ئەڭ ئاخىرقى سوئالىمنى سورىۋالدىم.

ـ شەمسىيەمۇ مۇھابەتلىشىپتىكەندە ئۇنداقتا ؟ ، ـ

ـ ئۆزىدىن سورا بايقۇش،سەن ھازىر شەمسىيە بىلەن يۈرمىگەن بولساڭمۇ ئايگۈل شەمسىيەنى مۇھاببەت دۈشمۈنۈم دەپ بىلىدىغۇ ؟، ـ سوئالغا سوئال بويىچە جاۋاپ بولدىدە،نىمە دەپ چۈشۈنىشنى بىلەلمىدىم.

**10**

روشەنگۈلنىڭ سىپىمىزگە قوشىلىشى بىلەن تۈرمۈشىمىزدا بۇرۇلۇش بولدى.ئىلگىرىكىدەك كەچتە ياتاقتا قايتىپ ياستۇق قۇچاقلاشتىن كەچلىك تاماق ئۇچۇن ئۇنىڭ ئويىگە يىغىلىپ تاماق يىيىشكە ئالماشتۇق.مەن ياتاققا بەك كەچ قايتاتتىم.ئۇلار بولسا ـ قونۇپ قال بايقۇش. بىز ئۇچ تۇرساق نىمۇمۇ قىلالايتتىڭ،بىزنىڭ ساڭا چىقىلىپ قويىشىمىزدىن قورقىۋاتامسەن، ـ دەپ زاڭلىق قىلىش،ھەزىل قىلىشلىرى ئىچىدە يولغا سالاتتى.يولدا قايتقۇچە ،ياتاقتا خىيال مېنى چىرمايتتى.شەمسىيە خىيالى تۇرمۇشۇمنىڭ ھەمراسى ئىدى.روشەنگۈلمۇ شەمسىيەگە ئايگۈلنىڭ ئاكىسىنىڭ نىمە قىلغانلىغىنى ئىنىق بىلمەيدىكەن.لېكىن ئايگۈلنىڭ ئاكىسىنى "تۈرمىگە كىرگەنتى ،شەمسىيەنىڭ سەۋەبىدىنكەن دەپ ئاڭلىغانتىم" دەيدۇ.بىر ئەركىشى قىزلار تەرىپىدىن باسقۇنچىلىق بولمىسا تۇرمىگە كىرىپ يۈرەمدۇ.بولۇپمۇ جەمىيەتتە ئورنى ،پۇلى بارلارغا قانۇندا يوچۇق تولا تۇرسا...،بۇلارنى شەمسىيەدىن سوراش راستىنلاپ

بىئەپ ئىدى.ئايگۈلمۇ راس گەپ قىلمايتتى.ئايگۈلنىڭ ئاكام ئەيدىس دىگەن سوزنگە تامامەن ئىشىنىشكە بولاتتى،ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ ئۆز ئاكىسىنىڭ جەمىيەتتىكى يۈز-ئابروينى سېتىپ يۈرمەس.بۇ نىجاسەت كىسەلنىڭ يۇقۇش يوللىرىنى ئويلىسام.....غەشلىك،ئىچى تىتىلداش...

غەمكىن بولاپ قېلىۋاتاتتىم،قىزلارنىڭ كۈلكە چاخچاقلىرىمۇ قولۇغۇمغا بەزىدە مۇش ئۇرغاندەك بىلىنەتتى،ئايگۈلنىڭ غىلجىڭلاشلىرىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلسام شەمسىيەنىڭ مەنىلىك قاراشلىرىغا بەرداشلىق بىرىشىم بەكمۇ تەس كىلەتتى.ئۇنىڭ ھەر بىر قاراشلىرىدىن "شاكىر نىمە بولدۇڭ،يېقىندىن بۇيان ئوزگۇرىۋالدىڭغۇ،مەندىن بىرە سەۋەنلىك ئوتمۇگەندۇ ؟..."دىگەندەك مەنالار چىقىۋاتقاندەك بىلىنىپ يۈرۈگۈمنى غاجىلايتتى.بىر كۈنى روشەنگۈل يانغا تارتىپ، -

-يۈر شاكىر ،سەن بىلەن پاراڭلاشمىسام بولمىدى،قايسى كۈنى يالغۇز مېھمان قىل،دەپ بىرىمەن دىگەن ئىشلاردىن سېنى خەۋەردار قىلمىسام بولمىدى، -دەپ مېنى "ئەپەندى"رىستۇرانىغا باشلاپ ئەكەلدى.

-نىمە بولىۋاتىسەن بايقۇشۇم،ئۇچىمىزنىڭ ئارىسىدا قىسىلىپ قېلىۋاتامسەن ياكى باشقا بىر سەۋەپ بارمۇ بولەكچە بىر ئادەم بولۇپ قېلىۋاتىسىنا، -ئوزىنىڭ ئامراق تاماقلىرىنى بۇيرۇتۇپ بولۇپ سورىدى ئۇ.

-كاللامدا خىيال تولا روشەنگۇل، -بېشىمنى قامالالاپ تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتىم.

-نىمە خىيال شاكىر،بىز ئۇچىمىز سېنى ياخشى كورىمىز،بىراق سەن بىرىمىزنىلام سويەتتىڭ،نىمە ئۇ كاللاڭغا كىرىۋېلىپ سېنى بۇنچە بىئارام قىلغان، - دىدى ئۇ.

-ئوزۇممۇ بىلمەيمەن،بولدى سورىما روشەنگۇل، -بەزىدە ئەركەكلىگىمنى دىمىسەم راسا ئۇن سېلىپ يىغلۇغۇم كەپ - كىتەتتى.بۇگۇنمۇ سەل دىققەت قىلمىسام يىغلاپ سالىدىغاندەكلا قىلاتتىم.

ـ شەمسىيەگىمۇ بۇرۇنقىدەك مۇئامىلە قىلمايۋاتىسەن،قايسى كۈنى ئۇمۇ مۇھابىبەتلەشكەنمۇ دەپ سورۇغىنىڭدىن قارىغاندا ئۇنى كۈنلەپ يۇرمەيدىغانسەن ؟،ـ بىلشنى شۇنچە خالىغانلىرىم شۇ بولسىمۇ ئېغىز ئاچالمىغىنىم شۇ ئىدى.

ـ بەلكىم شۇنداقتۇ ،قەنى دەپ بەرمەمسەن ؟،ـ سورۇدۇم.

ـ بولىدۇ دەپ بىرەي،ئەمما شەرتىم ئوبدان غىزالىنىسەن،قارىسام ئىشتىھايىڭمۇ تۇتۇلۇپ قېلىۋاتىدۇ،ـ ئۇ غىزالانغاچ سوزگە تۇتۇش قىلدى.

ـ سوزلەپ كەلسەم گەپ تولا ،بۇلارنى ھىكايە شەكلىدە ساڭا سوزلىسەم توگەتمىكىم بەك قىيىن.شۇڭا بايان شەكلىدە مۇنداقلام دەپ بىرەي ئوزۇڭ چۈشىنىۋال،ـ ئۇ كوزۇمگە ئوبدان بىر قارىۋېتىپ.

ـ يەنە بىر گەپنى ئەسكەرتىپ قويايكى،مەن بۇلارنى بىلگىنىمچە دەپ بىرىمەن،شەمسىيە بىلەن ئايگۈلنىڭ ئىچىدىكىنى ئوزلىرىدىن باشقا ئاللاھ بىلىدۇ...،ـ دەپ قويۇپ ھىكايىسىنى باشلىدى.

ـ بىز شەمسىيە بىلەن مۇرات ئارقىلىق تېپىشتۇق،ئالى مەكتەپكە كەلگىنىزدە مۇرات بىلەن شەمسىيە بىر سىنىپقا كېلىپ قاپتۇ،ئۇلارمۇ تولۇقسىزدىكى ساۋاقداشلار بولغىنى ئۇچۇن ئاسانلا تونۇشۇپتۇ،سەن بىلسەن ئايگۈل بىلەن مەن جاھاندىكى نوچى يىگىتلەرنىڭ بەرى بىزگە ۋاي دىسە،نوچىلارنىڭ نوچىسى بىزنىڭ بولسا دەپ يۇرگەن چاغلىرىمىز ئىدى.شۇڭلاشقىمۇ مۇراتنى پات ـ پات ئىزلەپ يۇرەتتۇق.شۇ جەرياندا شەمسىيە بىلەن تېپىشۋالدۇق ۋە تىزلام ياخشى دوسلاردىن بولۇپ كەتتۇق.ئۇنى سەن بىلەن كورۇشتۇرۇشتىن قاچۇردۇق. چۈنكى سەنمۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى بىر مەبۇدىمىز بولۇپ،تولۇقسىزدا شەمسىيە بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرغىنىڭلاردا بىر ـ بىرىڭلار بىلەن چىقىشىپ يۇرسەڭلىمۇ بىر ـ بىرىڭلارغا بەكمۇ ئامراق ئىدىڭلار،شۇڭا كورۇشۇپلام قالساڭلار شۇ چاغلاردىكى ئامراقلىغىڭلار قوزغۇلۇپ قېلىپ تېپىشۋالارمىكى دەپ قورۇقتۇق.بىز دىمىسەك مۇراتمۇ ساڭا دىمەيتتى.چۈنكى بايقىشىمىزچە

مۇراتمۇ شۇ چاغلاردا شەمسىيەگە بىلەكچە ئامراق بولۇپ بىز ئۆيلىغاننى ئۇمۇ ئويلايتتى.سەن بىلسەن مۇرات ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلاپ ئايگۈلنى قوغلىشىپ يۈرگەنتى.ئالىي مەكتەپكە كىرىپمۇ بىر مەزگىل قوغلاشتى.ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ،شەمسىيەنىڭ پەيدا بولىشىغا ئەگىشىپ بىزگە جۈملىدىن ئايگۈلگە ۋاي دىمەس بولىۋالدى.ئايگۈلنىڭ قانداق قىزلىغى ساڭا ئايان.ئۇ ئۆزى مۇراتنى ياخشى كورمىسىمۇ ئۆزىنى قوغلىشىپ يۈرۈپ باشقا بىرىگە بۇرۇلۇپ كىتىشىگە چىدايتتى دەمسەن.شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاكىسىنى كوتۇرۇپ چىقتى.ئۇنىڭ ئاكىسى ئوتتۇپ كەتكەن بىر ئالا قانات بولۇپ دادىسىنىڭ هوقۇقى،پۇللىرىغا تايىنىپ قىزلارنى بۇزەك قىلىپ كەلگەن بىر نىمە ئىدى.ئۇ پەيدا بولغاندىن كىيىن بىزنى ئۇرۇمچىنىڭ پۈتۈن ئويۇن تاماشالىرىدىن بەھرىمەن قىلدى. شەنبە ـ يەكشەنبە بولدىمۇ دىبا،كەچلىك بەزمىخانا،داڭلىق ئاشخانا  قاتارلىق يۇقۇرى ئىستىماللىق ئورۇنلارغا ئاپىراتتى.ئۇ چاغلاردا شەمسىيە ئويۇن ـ تاماشاغا ئۇنچە ئامراق قىز بولمىسىمۇ بىزنىڭ بىرگە بارايلى دەپ زورلىشىمىزغا چىدىماي بىرگە بىرىشقا مەجبۇر ئىدى،شۇڭلاشقىمۇ دائىم مۇراتنى بىرگە ئىلىۋالاتتى.مۇرات بولسا بىز بىلەن بىرگە بارسىمۇ ئايگۈلنىڭ ئاكىسىدىن قورقۇپمىكىن شەمسىيەگە بەك يېقىنلىشالمايتتى.ئايگۈل بۇنىڭدىن خوش ،شەمسىيە ئازراق بىئارام بولاتتى.مەن بولسام ئويۇن كورگۈچى تاماششابىن ئىدىم.بىراق ئايگۈلنىڭ ئاكىسى مەس بولدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلايتتى.ئۇ بىردە شەمسىيەنى تانسىغا تارتسا،بىردە مىنى تارتىپ لاۋزا گەپلەرنى قىلىپ ئىچىمىزنى ئىلىشتۇراتتى.شەمسىيە قوپقىلى ئۇنىمسا ئايگۈلنىڭ زورلىشى بىلەن مەجبۇرى قوپاتتى ۋە تانسىدىن چۈشۈپلام ماڭا  ئۇنىڭ قىلغان پاراڭلىرىنى دەپ بىرەتتى،مەنمۇ ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى يۈشۈرمەي دەيتتىم شۇڭلاشقا ئۇنىڭ سۇيۇق ،تۇتامى يوق نەرسە ئىكەنلىگىنى بىلىپ ۋاي دىمەيتتۇق.ئۇ ھەر ئىككىلىمىزگە مۇھاببەت ئىزھار قىلاتتى.ئۇنىڭدىن بىزار بولساقمۇ يەنىلام ئۇنىڭغا موهتاج بولاتتۇق،چۈنكى بىزدەك ئەركىلەرنىڭ بۇ جايلارغا كەلگىنىمىزدە بىزنى قوغدايدىغان ئادىمى بولمىسا بولمايتتى.بولۇپمۇ

ئايگۈل ئاكىسىنى شەمسىيەگە تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق مۇراتنىڭ ئۆزىگە قىلغانلىرىنى ياندۇرمىسا بولمايتتى.مۇرات بۇلارنى بىلىپ تۇرسىمۇ نىمە ئامال.بۇ جايلاردىكىلەرنى سەن بىلىسەن .ھەر-خىل،ھەر -ياڭزا كىشىلەر. مۇرات دىگەن بىر ئوقۇغۇچى. بىزنى ئەمەس ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايتتى.ئايگۈلنىڭ ئاكىسى بۇ يەردە خېلى تونۇشلۇق بولۇپ باشقىلار ئۇنىڭدىن تەپ-تارتىدىكەن.بىز ئۆيۈڭدىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمەي ئۇنىڭ قوغدىشىدىن.پۇل خەجلىشىدىن قېچىپ يۈرمۇدۇق.بىراق بىلگىنىكى بىز ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەن چاغلىرىمىزدا ئۇنىڭ تانسا ئوينىغاندىن باشقا چاغلاردا قولىمىزنىڭ ئۇچىنى تۇتقازمىدۇق،شەمسىيەمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇھابىبەتلەشكىنى يوق.، -روشەنگۈل شۇنچىلىك سوزلەپ بولۇپ قانداق دىگەندەك ماڭا قارىدى.مەن سوزلەۋەر، قولۇغۇم سەندە دىگەندەك گەپ-سوز قىلماي قاراپ ئولتۇردۇم.ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

-بۇنداق كۈنلىرىمىزمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى.بىر مەزگىلدىن كېيىن ئايگۈل شەمسىيەنىڭ گېپى چىقسىلا ئاچچىقلايدىغان،تىببى ئۇنۋىرستىتقا مۇراتنى ياكى شەمسىيەنى دەپ بارغىلى ئۇنىمايدىغان بولىۋالغانلىغىنى بايقاپ- نىمە بولدى دەپ سورىسام،بولدى سورىما ،دەپلام زەردە قىلدى.مەن ئارتۇقچە گەپ سورىمىدىم.ئۇنىڭ ئاكىسىمۇ يوقالدى.كېيىن باشقىلاردىن ئۇقسام تۈرمىگە كىرىپ كىتۇپتىدەك.شەمسىيەنىڭ سەۋەبىكەن دەپ ئاڭلىدىم.لېكىن زادى نىمە بولغانلىغىنى بىلمىدىم.ئايگۈلدىن سوراپ باققان ئىدىم.ئۇ دەككەمنى بىرىپ قويدى خالاس.شەمسىيە بىلەن شۇندىن بىرى كورىشەلمىگەن ئىدىم.يۇرتىمىزغا بارغىنىدا باشقىچە ئۆزگۈرۈپ بېرىپتۇ.كېيىنكى ئىشلاردىن سەن خەۋەردارسەن، -ئۇ سوزدىن توختىدى .بىراق مەن ئىنتىزارلىقتا بىلمەكچى بولغان ئىشلار يوق ئىدى.

-ئايگۈلنىڭ ئاكىسىنىڭ زادى نىمە سەۋەپتىن كىسىلىپ كەتكىنىنى بىلمەمسەن، -قايتا سورىدىم.

-تۈلۈق بىلمەيمەن،لېكىن باسقۇنچىلىق قىلىپتىكەن دىگەن گەپ بولغان، -يۈرىگۈم

پارتلاپ كەتكىلى تاس قالدى.راسلام باسقۇنچىلىق قىلغان بولسا ئۇ كىسەل يۇقماي قالارمۇ ؟ .بولدى باشقىلارنىڭ ناكەسلىك قىلىشى بىلەن ئىپپىتىنى يوقاتقاننى يۈرەكتىن چىقىرىۋاتقىلى بولسىمۇ،بۇ نىجاسەت كىسەل بولسا قانداق قىلغۇلۇق...

ـ بەكلام شۈكلاپ كەتتىڭغۇ،شەمسىيە باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ يەنىلا ياخشى قىز.مەن ئۇچراتقان قىزلارنىڭ ئىچىدە ئۇنچىلىك بىر ئىسىل قىزنى ئۇچراتمىغانمەن.ئۆزۈڭنى توختات.هازىرقى قىزلارنىڭ ئىچىدە قانچىسىنىڭ ئىپپىتى بار دەيسەن، ـ روشەنگۈل مېنىڭ قەلبىمنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن.هېلىغۇ ئۇنىڭ ئىپپىتىكەن ،بۇرۇن پاھشە قىز بولغان بولسىمۇ كوزۇمگە كورۇنمەي ئېلىۋەرگەن بولاتتىم.ئەپسۇس بۇ كىسەلنى ئويلاشمىسام بولمايتتى...

ـ ئايگۇلنىڭ ئاكىسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن ؟، ـ سورىدىم.

ـ ياق بىلمەيدىكەنمەن.چەتئەلدە دىگەندەك قىلغانتى ئايگۈل، ـ روشەنگۈل راسلام بىلمەيدىكەن.

ـ ئۇ چەتئەلدە ئەمەسكەن.كىسەلدىن ئۇلەر هالەتتىكەن، ـ ئازاپ مەخپىيەتلىكنى يۇشۇرۇشقا يول قويماي دىگۈزدى.

ـ نىمە كىسەلكەن ،بۇنچە تىز توگۇشۇپ كەتكۈدەك، ـ روشەنگۈل هەيران بولۇپ سورىدى.

ـ ئەيدىس، ـ روشەنگۈلمۇ گەپ قىلالماي ئولتۇرۇپ كەتتى.قانچىلىك ئولتۇرۇشقىنىمىزنى بىلمەيمەن.بىر چاغدا جىمجىتلىقنى بۇزدۇم.

ـ قانداق روشەنگۈل .مېنىڭ دەردىمنى چۈشەنگەنسەن، ـ دىدىم.روشەنگۈلنىڭ كوزلىرىدە ياش تامچىلايتتى.

ـ بولدى قىل شاكىر،مېنى خىياللىرىم بىلەن بىردەم مۇڭداشقىلى قوي، ـ ئۇ ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى،يىغىسىغا مەنمۇ جۆر بولدۇم.ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ قاراشلىرى،سەۋر قىلىڭلار دەپ تەسەللى بىرىشلىرىنى قولىغىمىزغا كىرەتتىمۇ ،تاماق پۇلىنى قانداق تولىگىنىمىزمۇ

ئىسمىدە يوق يولغا چىققان ئىدۇق.

ـ سەۋىر قىل شاكىر،شەمسىيەدەك بىر قىزنى ئاللاھ ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ ، ـ روشەنگۈل تەسەللى بەرسىمۇ دەردىمىز ئىچىمىزدە ئىدى.

ـ مەنمۇ شۇنداق بولىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن ، ـ ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.بوغۇزۇمغا بىر نىمە كەپلىشىپ كوزلىرىمدىن ياشلىرىم مارجاندەك توكۇلۇشكە باشلىدى.چوڭ كوچىدا روشەنگۈل بىلەن قۇچاقلىشىپ راسا يىغلاشتۇق....

*　　　　*　　　　*

روشەنگۈل بىلەن مىنىڭ كەيىپياتىمىدىكى ئوزگۇرۇش توتىلىمىزگە تەسىرىنى كورسەتتى.ئىلگىركى شەمسىيەگە مۇھاببەت بىلەن بېقىش ئۇنىڭغا كويۇنىشكە ئوزگۇرۇپ ئۇنى بىئارام قىلىپ قويدى.بىر كۇنى كەچ ، ـ

ـ ئىككىڭلارغا نىمە بولدى،خۇددى مىنى كىسەلخانىدا كۇتىۋاتقاندەك قىلىپ كىتىسلەرغۇ ؟، ـ ھەيرانلىق ئىچىدە باققان كوزگە نىمە دەپ جاۋاپ بىرەلەيتتۇق.سىنىڭ كىسىلىڭدىن خەۋەر تاپتۇق.سەن دىمىگەن بىلەن بىقىندىلا ئولىسەن دەيلىمۇ ؟ھەي مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتە.روشەنگۈل بىلەن بىر قارىشىپ قويۇپ.

ـ كويۇنسەم نىمە بوپتۇ .ياخشى كورىدىغان ئاشنىمغا قىلغاننىڭ ھەيران قالغۇدەك نىمىسى بار، ـ شۇنداق دىگىنىم بىلەن يۈرۈگۈم يىغلايتتى.

ـ بولدى قىلە شەمسىيە ،بىزمۇ سىنى ھورمەتلىگىنىزدىن قىلىۋاتىمىز، ـ روشەنگۈل قۇشۇق قاتتى.دىمىسىمۇ ئۇنى پەقەت ئىش قىلغىلى قويمايتتۇق.تاماق يىسەك ئوزىمىزنىڭ قاچىسىدىكى ياخشىلىرىنى ئېلىپ بەرسەك، بىكار بولساقلا ئۇنى دەم ئالدۇرىمىز دەپ باغچىلارغا،مەنزىرىلىك جايلارغا بىرىشقا زورلايتتۇق.ھەر كىم بولسا گۇمانلانماي قالمايتتى.

ـ شۇنداق دىگىنىڭلار بىلەن ماڭا دىيەلمەيۋاتقان بىرە ئىشڭلار بولمىسلام بولاتتىغۇ ، ـ شەمسىيە كۇلۇپ تۇرۇپ سورىدى.

ـ ئۇلارنىڭ نىمە ئىشى بولاتتى.مىنى يولغا سالغاندەك سىنىمۇ يولغا سالايلى دەۋاتقان بولمىسۇن يەنە، ـ شۇم ئىغىز ئاۋاز قاتتى.

ـ ئوزۇڭنىڭ سۆيۈق،پەس كوڭلىڭنى بىزدە بارمىكى دەپ قالغانمۇ سەن ئايگۇل، ـ دەككىسىنى بەردىم.

ـ دەيمىنا ،قۇچقاچ پاراڭلار ئاۋۇپ قىلىۋاتىدۇ، ـ ئايگۇل گىپىمنى قىتىغىمۇ ئىلىپ قويماي جاۋاپ قايتۇردى.دىمىسىمۇ پۇرسەت بولسىلا روشەنگۇل بىلەن پاراڭلىشىپ ئىچ ـ باغرىمىزنى بوشىتىدىغان بولىۋالغان ئىدۇق.

ـ سەن بىلەن پاراڭلىشاي دىسەم پوق يىگەندەك قىلىپ قويساڭ. كويىدۇم ،پىشتىم دىگەندىن باشقا گەپ يوق .شەمسىيەگە بىر نىمە دىسە گۇناھ بولىدۇ دەپ ئاغزىمنى توۋاقلىسا، روشەنگۇلگە دەردىمنى توكمەكتىن باشقا ئامال بارمۇ ؟، ـ دىدىم ئايگۇلگە قاراپ .ئوزىمىزنى ئاقلىمىساق بولمايتتى.

ـ دەردىڭنى ئوبدان توكىۋال،روشەنگۇل دەرتمەنلەرنىڭ دەردىگە يىتىشكە بەك ئۇستا، ـ ئايگۇل روشەنگۇلگە چىش تەككۇزمەيتتى.بۇگۇن دارتىملاپ بولسىمۇ دەيدىغىننى دەۋالدى.

ـ شۇنداق .بۇرۇن سىنىڭ دەردىڭگىمۇ كوپ داۋا بولغان ئىدىم، ـ روشەنگۇل شۇنچىلىك دىدى .كوپ گەپ قىلىشنى خالىمىدى بولغاي ئوگۇنىش قىلىمەن دەپ ماتىرىيالىنى يىغۇشتۇردى.مەن ياتاققا قايتتىم .

* * *

تۇيۇقسىز ئايگۇلدە ئوزگۇرۇش بولۇشقا باشلىدى.تۇرۇپلام ئۇ جىمىپ كەتتى.بەزىدە شۇنچە يامان قىزنىڭمۇ يۇشۇرۇن يىغلاۋاتقانلىغىنى بايقاپ قالاتتۇق.بىزدىن ئوزىنى قاچۇرىدىغان،ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتسە قولىدىكى كىتاۋىنى تارتىۋالساقمۇ تۇيمايدىغان

بولۇپ كەتكەن ئىدى.

11

مۇھاببەت ھىسداشلىققا ئالماشىسمۇ ئاجايىپ بولىدىكەن.بۇرۇنقى تەلمۈرۈپ بېقىشلار،سېغىنىش ئىچىدىكى خىياللار بۈگۈنگە كەلگەندە يۇشۇرۇن كوز يېشى،ئايرىلىشنى ئويلىغاندىكى ھىجرانغا ئايلىنىپ ـ شەمسىيەنى كوپراق كورىۋالايدىن،كوپراق بېقىۋالايغا ئوزگەردى.بىراق شەمسىيەدە بىرە ئوزگۈرۈش، غەم،تارتىنىش،كىسەل ئىكەنلىگىدىن قىلچە بىشارەت يوق.مەن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم.شەمسىيەدە راسلام كىسەل يوق بولۇپ . ئايگۈلنىڭ دىگەنلىرى پۈتۈنلەي توھمەت بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە.

ئايگۈل بولسا كۈندىن ـ كۈنگە جىمىپ بىزنىڭ ئىشلىرىمىز بىلەن كارى بولماي قويدى.ئۇنىڭغا نىمە بولغانلىغىنى بىر ئوزى ۋە بىر خۇدا بىلمىسە بىلگىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. ئەھۋال سورىساق، ـ ھېچ ئىش بولغىنى يوق،سىلەرنىڭ تۇرمىشىڭلارغا توسالغۇ بولماي ئىچىڭلار سىقىلىپ قالمىغاندۇ ؟ ، ـ دىگەندەك تەنىلەر بىلەن ئوز ئىشىمىزنى قىلىشقا زورلاپ قوياتتى.ئويىدىكىلىرىگە بىرە ئىش بولمىغاندۇ دەپ يۈرتتىكىلەردىن سورۇشتۇرسەكمۇ ئۇلار بىلمەيدىكەن.دادىسىنى ئوز خىزمىتىدە ئىشلىرى جايىدا دىگەندەك جاۋاپلار...شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كوپ كارىمىز بولماي شەمسىيەگە غەمخورلۇق قىلىشىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

كۈنلەر ئوتمەكتە،ئىچىم تىت ـ تىت،بىرى كوكسۇمنى تاتىلاۋاتقاندەك.ئاخىرى چىدىمىدىم.بىر كۈنى روشەنگۈلنى يانغا تارتىپ ـ

ـ ئوزىنىڭ ئولىدىغان كىسىلى بارلىغىنى بىلگەن ئادەم شەمسىيەدەك بولامدۇ، ـ دەپ سورۇدۇم.

ـ نىمە دىمەكچى سەن شاكىر، ـ روشەنگۈل چۈشەنمىدىم دىگەندەك كوزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ

سۇئال قايتۇردى.مەن ـ

ـ دىققەت قىلمىدىڭمۇ،شەمسىيەدە قىلچە غەم دىگەندىن بىشارەت بولمىسا،ئۇزۇنغا قالماي ئۆلىدىغان كىسىلى بارلىغىنى بىلگەن ئادەمگە ئوخشامدۇ ؟،يەنە كىلىپ چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇيمەن دەپ نىمە قىلىدۇ ؟ ، ـ دىدىم.

ـ مەنمۇ ھەيران.ئۆزىدىن سورىغىلى تېخى بولمىسا.مەخپىيەتلىكنى ساقلايمىز دەپ ـ شەمسىيەگە ئۇختۇرمىغانمىدۇ يا ؟ ، ـ روشەنگۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم ۋە ـ مەخپىيەتلىك دىگەننى باشقىلاردىن يۇشۇرىدۇ.بىمارنىڭ ئۆزى بىلمىسە بولمايدىغان كىسەل بۇ ، ـ دىدىم.

ـ ئۇنداقتا كىسەل يۇقمىغانتى بولارمۇ يا ، ـ روشەنگۇلنىڭ بۇ گېپى يۈرۈگۈمدىكى گەپلەر ئىدى.مەنمۇ ئۇنىڭ شۇنداق بولىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

ـ بولسىغۇ شۇنداق بولسا بولاتتى،ئۇنىڭ ئىپپىتىنى ئۆزىنىڭ ناپاقلىغى يوقاتقان بولمىغاندىن كىيىن،مەنمۇ . . . ، ـ سوزۇمنىڭ داۋامىنى قىلىشتىن خىجىل بولدۇم.

ـ كەيىننى دىمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىچىگگە چۈشۈپ كەتتىڭغۇ ؟مەن دەپ بىرەيمۇ يا ھى ھى ھى . . . ، ـ روشەنگۇلنىڭ چىرايىدىكى شىتىلىلگىنى كورۇپ مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم.

ـ روشەنگۇل سەن شەمسىيە بىلەن شۇنچە يىقىن بولغاندىن كىيىن ـ مۇشۇنداراق پاراڭلارنى ئاڭلىغاندەك قىلغانتىم، دەپ تەپسىلاتىنى سوراپ باقساڭ بولامدۇ ، ـ دىدىم

ـ ماقۇل چوڭام.شاكىر ـ سىنىڭدە ئەيدىس بارمۇ ـ يوق ئىكەنلىگىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ مىنى ئەۋەتتى.ساق بولساڭ ئالىدىكەن.كىسەل بولساڭ تاشلاپ قاچىدىكەن دەپ سوراپلا باقمايمەنمۇ ؟ ، ـ روشەنگۇل تەنە ئارلاش دىدى.مەن

ـ ۋاي بولدى قىلە .بىر ئوبدان مەسلىھەت سوراۋاتسام چاخچاخقا ئايلاندۇرۇپ يۈرگىننى .گەپلىرىمدىن زىرىككەن بولساڭ بولە بىرىپ شەمسىيەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى ، ـ دەپ قايتماقچى بولدۇم.

ـ نىمانداق تاۋۇك نازۇك هوي.ئۇزۇم ياخشى كورگەن بىرىنىڭ باشقا بىرىگە ۋاي دەۋاتقانلىقىنى كورۇپ تۇرۇپمۇ ،ئاشىقىمنىڭ ئاشىقىغا خىزمەتكار بولغۇنۇممۇ يەتمەمدا ؟گېپىمدىن زىرىككەن بولساڭ دەۋاتىسەنغۇ.زىرىككەن بولسام قاشلىرىدا كورىۋالالىدىكەنمەن،پاراڭلىشىپ گەپلىرىنى ئاڭلىيالايدىكەنمەن،تاماق يىگەچ هىدلىرىنى هىدلىيالايدىكەنمەن دەپ يۈرمەي- كەتكەن يەرلىرىمدىكى ئويۇنلىرىمنى ئويناپ يۈرمەسمىدىم، -روشەنگۈل راستىنلا قېيدىغان ئىدى.مەنمۇ قېيدىغان بولۇپ، -ئاغرىنىپ نىمە قىلىسەن.ئۇز ۋاختىدا ماڭا قىز تونۇشتۇرۇپ كاللامنى ئېلەشتۈرۈپ يۈرمىگەن بولساڭ ماڭمۇ نەدە قىلاتتى بۇ باش ئاغرىقى، -دىدىم.

-شۇنداق. چىرايلىق غۇجام،ئۇ چاغلاردائۇزلىرىگە قىز تاپىمىز دەپ يۈرگۈچە -ئۇزلىرىنى ئوغۇل بالىدەك كورگەن بولساق ئوزىمىزلام تىگىۋالماسمىدۇق، -ئىككى بىسلىق گېپىگە هەيران قېلىپ سورۇدۇم.

-مېنى ئوغۇل بالا كورمىسەڭ نىمشقا كويدۇم ،پىشتىم دەپ يۈرۈيسەن.

-ئۇ چاغلاردا سەن شۇ قىزلار بىلەن تاماقخانىدىلا هەمرا بولالايتتىڭغۇ دەيمەن. قولۇڭنىڭ ئۇچىنى ئەركەكزاتىدىن بىرەسى تۇتۇپ باقمىغان قىزنى سويەلىشىڭنى كىم بىلدى شاكىر،شۇندىن كېيىنلا مەن سېنى ياخشى كورۇپ قالدىم،ئۇ دىگەن تۇنجى سويۇش جۇمۇ،ئەسلى سەن دىگەن قىز بولۇپ قېلىشقا ئارۇنلا قالغاندەك كورۈنەتتىڭ هى هى هى...، -ئۇنىڭ هازىرقى كولكىسىنى ياقتۇرۇپ قالدىم.

-چاخچاقنى قويۇپ دىگىنە - مەن دىگەن ئىشلارنى سوراپ بىرەمسەن -يوق ؟، -دەپ سورۇدۇم.

-قانداقمۇ سورىغىلى بولىدىغان ئىشلار ئۇ شاكىر.مېنى سورا دىگۈچە شەمسىيەدىن ئوزۇڭ توي ئىشلىرىنى سوراپ تۇرىۋالساڭ،ئۇ سەممى،ئىماننى ئۇستۇن قويىدىغان قىز بولغۇنى ئۇچۇن يالغان سوزلىمەي بولغان ئىشلارنى ئەيتىپ بىرىدۇ دەپ قارايمەن، -روشەنگۈلنىڭ بەزىدە

كاللىسى ئاجايىپ ئىشلەپ قويىدۇ.ئۇنىڭ هازىر دىگەنلىرىنىڭمۇ ئاساسى يوق ئەمەس ئىدى.

ـ بۇ دىگەنلىرىڭمۇ توغرىدەك قىلىدۇ،ئۇ هازىر ئوقۇۋاتىمىز كېيىن بىر نىمە دەيلى دەپ تۇرىۋالسا قانداق قىلىمەن.مىنىڭ سىز بىلمەيدىغان شەخسى سىرلىرىم بار.مەن سىزگە تىگىشكە لايىق ئەمەس دەپ تۇرىۋالسچۇ ؟،ـكىچىك بالىنىڭ سۇئالىنى سورىغىنىم ئۆزۈمگە ئايان ئىدى.

ـ كېيىن دەپ تۇرىۋالسا،ئۆيدىكىلەر زورلاپ تۇرىۋالدى،بولمىسا ئۆيىڭىزگە قىز سوراپ بارىمىز دەيدۇ دىمەمسە،شەخسى سىرىنىڭ گېپىنى چىقارسا بۇمۇ ياخشى بولغىنى.ئۇ چاغدا سەن ـ مەن ئۇ ئىشلاردىن تۇلۇق خەۋەردار ،مىنىڭ مۇهاببىتىمنى هىچ نەرسە توسالمايدۇ دەپ مۇنداق قىلمامسەن هى هى هى...،ـ ئۇنىڭ كۇلكە ئىچىدە بىر قولىنى كوكرىكىگە قويۇپ بىر قولىنى ئىگىز كوتۇرۈپ هەزىل قىلىشى مىنىمۇ كۇلدۇرىۋەتتى.روشەنگۇل ئايگۇلنى گول قىلىپ تۇرىدىغان ،مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەمسىيەدىن گەپ ئالىدىغانغا كىلىشىپ روشەنگۇلنىڭ ئويىگە قايتتۇق.

*　　*　　*

كۇتكەن پۇرسەتمۇ يىتىپ كەلدى.شەنبە كۇندىكى دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ روشەنگۇل ئايگۇلنى بازار ئارىلىشىپ بەر دەپ ئېلىپ كەتتى.ئۇلارنىڭ يوقىدىن پايدىلىنىپ شەمسىيەنىڭ قېشىغا كەلدىم.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شەمسىيە،يالغۇز قېلىپسىزغۇ ؟،ـ بىلمەسكە سېلىپ سورىدىم.شەمسىيە ـ

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،ئۇلار بازار ئارىلايمىز دەپ چىقىپ كىتىشتى،ـ دىدىيۇ ئۆزىنىڭ مەن بىلەن يالغۇز ئۇچراشقانلىغىدىن قۇرۇنغاندەك قىلىپ كىيىملىرىنى تۇزەشتۇرۇشكە باشلىدى.تۇزەشتۇرمىسىمۇ ئۇنىڭ كىيىملىرى تولۇق،قول ۋە يۇزىدىن باشقا يەرلىرى يوگەلگەن ئىدى.مەن ـ

ـ قورۇنۇپ كەتتىۋاتىسىز ھە، ـ دىدىمىۇ ئۆزۈمنىڭ باشقىلار بار چاغدا سەنلەيدىغان شەمسىيەنى يالغۇز ئۇچراتقىنىمدا ئۆزۈمىۇ قورۇنۇپ سىزلەۋاتقىنىمنى سەزدىم.

ـ ياقەي،مۇشۇنچە چوڭ ئۆيلەردە ئىككىمىزنىڭ يالغۇز تۇرىشى نامەھرەم بولامدىكى دەپ شۇ، ـ ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن مىنى قايتىپ كىتىڭ دىگەن مەنا چىقاتتى.

ـ نامەھرەممۇ بولماس شەمسىيە،ئىمان،ھايا،ئەخلاقنى ئۇنۇتمىساقلا بولىدىغۇ ؟، ـ دەپ ئۆي ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردۇم.

ـ ئىككى يات جىنىس بار يەردە شەيتان بىللە شاكىر، ـ شەمسىيەنىڭ سۆزلىگەندە خىجىللىقتىن ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتتى.

ـ شۇ شەيتاننى قوغلاش ئۈچۈن ماڭا بىر جاۋاپنى بىرىۋاتساڭ بولاپتىكەن، ـ ئازراق غەيرەتكە كەلدىم بولغاي سىزلەشتىن سەنلەشكە ئۆتتۇم.ئۇ تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى.سۇئالىمغا جاۋاپ قايتۇرىدىغان تەلەتى يوق.يەنە سورۇدۇم ـ

ـ ئانام بەكلا بېشىمنى ئاغرىتىپ كەتتى،شەمسىيە قىزىم ئۆزى جاۋاپ بەرمىسە ئۆيگە قىز سوراپ ئۆزىمىز بېرىۋىرىمىز دەيدۇ، ـ شەمسىيەنى ئەمدىغۇ بىر نەرسە دەيدىغۇ دەپ قاراپ ئولتۇردۇم،ئۇنىڭدىن يەنە جاۋاپ يوق.

ـ مىنى بۇنچە قىينىمساڭ بولاتتى شەمسىيە،ئالدىڭدا يۈز كېلەلمەيدىغىنىم راس.ئەمما تۈزەتتىمغۇ،ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغىنىمنى بىلىپ ئاللاھ ئالدىدا تەۋۋە قىلدىم.بەندە ئالدىدا بۇنچە يۈزۈمنى سارغايتما،ئالدىڭدا قەسەم قىلايكى بۇندىن كېيىن ئاللاھ ۋە سىنىڭ ئالدىڭدا يالغان سۆزلىمەيمەن.ئاسىلىق قىلغۇچى بولمايمەن...، ـ قەسەملىرىم ئۇنى تەسىرلەندۈردىمۇ بىلمىدىم ئۇ ـ

ـ راس شۇنداق قىلالامسەن شاكىر،لېكىن ئالدىراپ قەسەم قىلغۇچى بولما،قەسەم ئادەمنى ياخشى يولغا باشلىمايدۇ،كېيىنچە بىلىپ بىلمەي قىلغان گۇنالىرىمىز قەسەمنى سورەپ چىقمىسۇن، ـ ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى پەس ئىدى.

ـ ئۇنداق بولمايدۇ شەمسىيە.مەن قەسىمىنى مەڭگۇ ئىسىمدىن چىقارمايمەن،ئىشەنمىسەڭ يۈرۈگۈمنى يېرىپ كورسۇتۇشكىمۇ رازىمەن، ـ قەسەم دىگەننى ئاشۇرۇپ قىلدىم.كىممۇ يۈرىگىنى يېرىپ كورستەلەيدۇ .يۈرەكنى يېرىپ بولغۇچە ئولۇپ بولمامدۇ ئادەم.

ـ شەيتان ۋەسۋەسە قىلىۋاتىدۇ شاكىر.گەپ سوزدە دىققەت قىلارسىز !...، ـ شەمسىيەنىڭ نارازى بولغانلىقىنى سەزدىم ۋە ـ

ـ بولدى باشقا گەپنى قويۇپ جاۋاپ بەر ئەمسە ـ ماڭا تىگىشنى خالامسەن، ـ گەپنىڭ پوس كاللىسىنىلا ئەيتتىم.ئۇ تېخىمۇ قىزىرىپ شۈنچىلىك ئۇماقلىشىپ كەتكەن ئىدىكى شەرمى ـ هايا،ئىمان ـ ئىتىقات بولمىغان بولسا ـ چوقۇم قۇچاقلاپلا سويىۋالغان بولاتتىم.ئۇنىڭ كوز چاناقلىرىدىن ياش قۇيۇلدى،بىر نەرسىدىن قۇرىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.شۇم خىيال قەلبىمنى ئىزىپ ئوتتى.ئۇ ئاشۇ ئىشلارغا تارتىنىشىۋاتقانمىدۇ ؟...

ـ نىمگە يىغلايسەن شەمسىيە.مېنىمۇ يىغلىسۇن دەۋاتمىغان بولساڭ سۇئالىمغا جاۋاپ بەر ، ـ مېنىمۇ مۇڭ بېسىپ ئاۋازىم بىر خىل بىچچارە چىقتى.

ـ شاكىر بۇ دىگەن خوششاللىق يېشى.مېنىڭ ساڭا ياق دىيىشكە تىلىم بارمايدۇ.ئەمما ـ مېنىڭ ئويلايدىغىنىم،تارتىنىشىدىغىنىم ئايگۇل ،كورىۋاتقانسەن ئۇ بەكلا شۇكلاپ كەتتى.ئۇنىڭ مۇهاببىتىمۇ مۇهاببەت،هازىرقىدەك ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تەسەللى بەرگۇدەك ئادەم كىرەك، ـ شەمسىيەنىڭ دىگىنى نىمە ؟ئۇ ئايگۇلنىڭ شۇكلاپ كەتكەنلىك سەۋەبىنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى.مېنى ئايگۇل بىلەن مۇهاببەتلەش دىمەكچىمۇ يە ؟

ـ ئىچ ئاغرىتقىلى ئادەم تېپىلمىغاندەك شۇنىڭغىمۇ ئىچ ئاغرىتىش كىتەمدۇ.شۇكلاپ كەتسە كەتمەمدۇ.چېقىپ قېنىڭنى شوراي دىسە چاققىلى كۇچى يەتمەي ئىچىگە ئېلىپ شۇكلاپ كەتكەندۇ تايىنلىق،مېنى ئىشت بىلەن بىرگە بول دىمەيدىغانسەن ؟، ـ ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى يادىمغا ئەكىلىشتىنمۇ سەسكىنەتتىم.دادىسىنىڭ يۈزىنى دىمەيدىغان بولسا،يۈزىگە قاراشنىمۇ نومۇسسىزلىق بىلگەن بولاتتىم.شۇڭىمۇ مەيدانىمنى ئۇچۇقلا ئەيتتىم.

ـ ياق شاكىر،سەن بىلمەيسەن.ئۇنىڭمۇ باشقىلارغا ئەيتىپ بولالمايدىغان دەردى بار.يامانكەن دەپ بىزمۇ ئۇنى تاشلىۋەتسەك ئاللاھنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزىمىز بىلەن بارىمىز.قۇتقازغىلى بولغۇدەكلا بولسا تىرىشىپ كورمەمدۇق،يۈرمىسەڭمۇ دىل ئازارى بەرمەيلى دەيمەنغۇ، ـ شەمسىيە ئۇنىڭغا ئۇمۇتنى بەك چوڭ باغلىۋالغاندەك قىلاتتى.

ـ بورنى قوتانغا باشلىغاندەك ئىش قىلما شەمسىيە.مەن بۇ يەردە سىنىڭدىن جاۋاپ كۇتىۋاتىمەن.باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلىشنى كېيىنگە قويۇپ ماڭا ئۇچۇق جاۋابىڭنى بەر، ـ گەپنى ئەسلى تىمغا بۇرۇدۇم.شەمسىيە بىر هازا ئويلانغاندىن كېيىن ـ

ـ توي دىسەڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بارغاندا بولىدىغان ئىش، ئىككىلىمىز ئىمان ئىزلەپ يۈرگەنلەر بولغىنى ئۈچۈن هازىر ماقۇل دەپ قويسام كېيىنچە هەددىدىن ئاشىدىغان تەلەپلەرنىڭ چىقىشى مۇقەررەر.شۇڭلاشقا مەن هاياتلام بولىدىكەنمەن باشقىلارغا كوڭۇل بەرمەسلىككە قەسەم بىرەي.ئەمما تەلىۋىم ئايگۈل ،روشەنگۇللەرنىڭ ئالدىدا بولسۇن ياكى ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا بولسۇن مۇهاببەت توغرىلىق سوز قىلىشىڭغا بولمايدۇ.مۇهاببەت لازىم بولسا تويدىن كېيىن ئىزلە، ـ ئۇنىڭ جاۋابى يۈرۈگۈمنى توختۇتۇپ قويدى دىسەممۇ بولىدۇ.خۇشاللىقتىن سەكرەپلا كىتىپتىمەن.

ـ نىمە قىلىۋاتىسەن شاكىر.كىچىك بالا بولمىساڭ سەن، ـ شەمسىيە مىنىڭ قىلغىمغا سويۈنگەندەك قىلاتتى.بۇ سوزلىرى مىنى ئەيىپلەش ئەمەس ئەركىلىتىش ئىدى.ئۇنىڭ يۈزلىرى ،كوزلىرى شۇنچىلىك نۇرلۇنۇپ كەتكەن ئىدىكى ـ ماڭا خۇددى ئايدىڭ كىچىدىكى تولغان ئاينى ئەسلەتتى.بىراق ئويلۇنۇپ قالدىم .ئۇ ئايگۇل توغرىلىق نىملەرنى بىلىدىغاندۇ ؟نىمە ئۈچۈن ماڭا ئاسانلام ماقۇللۇق بىرىدۇ ؟مىنىڭچە ئۇنىڭدا هەرگىزمۇ ئۇ كىسەل يوق ئىدى.مەن چىكىپ بېقىش ئۈچۈن ـ

ـ شەمسىيە بايا سەن ئايگۇلنىڭ هازىر ئىچى پۇشۇق دەۋاتاتتىڭ،مەن سورىسام دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى.بىلسەڭ دەپ بىرە ؟ئۇنىڭغا ياردىمىم تىگىپ قالسا هەجەپ ئەمەس، ـ دەپ

سورىدىم.

ـ بۇ ئۇلارنىڭ ئائىلە ئىشى،مەن دەپ يۈرسەم غەيۋەت بولىدۇ.ئەڭ ياخشىسى بىلمەيلا قالغىن، ـ شەمسىيە بۇ تەلۋىمنى رەت قىلدى.

ـ ئائىلە ئىشى دەيسەن .يۈرتتىكىلەردىن ئىنقلاپ كورسەم ئۇنىڭ ئائىلىسىدە بىرە چوڭ ئىش بولماپتىغۇ ؟، ـ مەنمۇ ئىشنىڭ تەكتىنى بىلمىگۈچە بولدى قىلمايدىغانلاردىن ئىدىم.

ـ يۈرتتىكىلەردىن سورىساڭ ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ،ئۇلار بۇ سەتچىلىكلەرنى يوشۇرۇش ئۇچۇن بىرەسىنى قۇربانلىق قىلىشقا توغرا كەلسە ھەرگىز ياق دىمىگۈدەك ھالەتتە شاكىر، ـ شەمسىيەنىڭ بۇ چۇشەندۇرۇشلىرى كاللامنى قوچۇپ بۇ سىرلارنى بىلىشكە مېنى تېخىمۇ قىزۇقتۇرىۋاتاتتى.

ـ ئادەمنى ئىنتىزار قىلىپ بۇنچە قىينىما .باياتىنقى چۈشەندۇرۇشلەرنى قىلمىساڭ بولمامدۇ ،مانا ئەمدىلىكتە بۇلارنى بىلمىسەم كوزۇمگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كىلىدۇ دەيسەن ؟، ـ سوراپ تۇرىۋالدىم.

ـ بەك بىلگۇڭ بولسا ئاز قىسمىنى دەپ بىرەي ـ بىر ئاي ئىلگىرى ئايگۇلنىڭ ئاكىسى ئەيدىس كىسلى بىلەن ئولۇپ كەتتى.ئۇنىڭ نامزىتغا دادىسىدىن بىلەك ھىچ بىر تۇققان ،دوس ـ بۇرادەرلىرى قاتناشماي مەلۇم ئولكىدىكى خۇيزۇلار قەۋرىستانلىغىغا كومۇلدى.ئويلاپ باق بۇ خەق قۇرۇق ئاۋۇينى دىمىسە ئۇنى يۇرتىغا دەپنە قىلسا بولمامدۇ ؟مۇشۇنچىلىكلام بىلىپ قال.ئۇلارنىڭ سەتچىلىكلىرى يۈرتتا ئاشكارىلىنىپ كەتسە ئۇلار يۈرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتسە بولىدۇ.شۇڭا سەن ئارتۇقچە سۇئال سورىماي بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمىگىنىڭ ياخشى، ـ شەمسىيە گەپنى بوغىۋەتتى.سورىشمىنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى.مەنمۇ بىلمەكچى بولغۇنمنى بىلىپ بولغان ئىدىم.ئۇنىڭدا ئەيدىس يوق.ھەتتاكى باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغان ئىشمۇ يوق ،چوقۇم بۇلار ئۇنىڭغا چاپلانغان بوھتان خالاس.ئەمما يۈرۈگۈمنى يەنە بىر نەرسە قوچىلاشقا باشلىدى.

ئايگۈلنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر نىمنى يۇشۇرىدىغاندۇ ؟بىر ئادەمنىڭ ئۆلىمنىمۇ شۇنچە يۇشۇرۇپ يۈرەمدۇ.ئەيدىس بولسا باشقىلارغا بىلىندۈرمەي باشقا بىر كىسەل بىلەن توگەپ كەتتى دەپ يۈرتتا نامىزىنى چۈشۈرسە بولىدىغۇ...

توگىمەس خىياللار ئىچىدە بۇ سۇئاللارنىڭ جاۋابىنى تىزراق ئۇقۇشنى ئۇمۇت قىلاتتىم...يەنە بىر تەرەپتىن شەمسىيەنىڭ بۇ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىنى بۇنچە تەپسىلى بىلىشى مىنى ھەيران قالدۇراتتى...شەمسىيەنىڭ چىرايىغا باقتىم ئۇنىڭ چىرايىدىكى نۇر ئىچىمۇ جۇلالانغاندەك قىلاتتى....

2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ23 ـ كۈنى خوتەن ئوز ئويۇم

(4)

روشەنگۈل قايتىپ كىلىپ چىرايىمدىكى خۇشاللىقتىن بىر نىمنى سەزدى بولغاي غەلىتىلا بىر خىل كولۇپ قويدى.ئايگۈل شەمسىيە بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىر ئويدە يالغۇز تۇرغىنىزنى كورۇپ چىدىمايلام قالدى.بىز ئارلىقتا ئۇلارغا تاماق قىلىپ قويغان ئىدۇق.تاماقنى كورۇپ ئۇلارنىڭ زۇۋانى ئىچىلىپلام كەتتى.

ـ ئاشىق ـ مەشۇقلار تامغى يەيدىكەنمىزدە بۇگۇن،ـ روشەنگۈل چىرايىدىن غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ شۇنداق دىدىدە ـ قولىنى چايقاش ئۇچۇن سۇخانىغا ماڭدى.ئايگۈل ـ

ـ ھازىرقىدەك تەييار تاماق بولىدىغان بولسا روشەنگۈل بىلەن مەن ياتاققا كوچۇپ كىتىپ تاماق ۋاختىدا كىلەيلىك بولمىسا، سىلەرگە دەخلى قىلىپ يۈرگۈچە...،ـ دىدى.ئۇنىڭ سوزلىرىدىن شەمسىيە توگۈل مەنمۇ قىزىرىپ كەتتىم.شەمسىيە شۇنچىلىك ئۇيالغان ئىدىكى ـ مەن بايا سىزنى قايتىپ كىتىڭ ،ئۇلار گەپ تاپىدۇ دىمىگەنمىدىم،دىگەندەك مەنادا

يەر تىگىدىن ئاستاغىنا ماڭا قاراپ قويۇپ ئايگۈل تەرەپكە بۇرۇلۇپ ـ

ـ بوگۈنلام ئەمەس باشقا چاغلاردىمۇ تاماقتا ياردەم قىلىپ باققاندەك گەپ قىلىسەنغۇ ئايگۈل ،ساڭا كۈندە تەييار تاماق تۇرمامدۇ مانا ، ـ دىدى .

ـ مىننەت قىلىۋاتامسەن شەمسىيە ،مەن مۇشۇنداق ئەزەلدىن تەييارغا كونۇپ قالغان .چىدىمىساڭ بىر قاچا تامىغىڭغا موهتاج بولغۇم يوق .سىرتتىن يىسەممۇ بولىدۇ ، ـ ئۇ ئىككىمىزنىڭ يالغۇز تۇرغانلىغىمىزغا ھەققەتەن چىدىمىغان ئىدى .تىزلام مىزنى چىقاردى .مەن ـ

ـ نىمە بولىۋاتىسەن ئايگۈل ،سىنىڭ نايىناقشىپ ناز قىلىدىغان يۇرتۇڭ يىراقتا قالدى .بۇ يۇرتقا ھەممىمىز مۇساپىر ،تەڭ كۈچ چىقىرىپ يىسەك نىمىشقا بولمۇغۇدەك ،باشقىلار سىنىڭ سىتىۋالغان دىدىكىڭ بولمىسا يا ، ـ دىدىم .بۇ گىپىم ئۇنىڭغا تىخىمۇ بولاپ بەردى .

ـ يىقىندىن بۇيان جىم يۇرسەم مەندىن قورققان چىغى دەپ قىلىشتىڭمۇ ،شەمسىيە سەن ئۆزۈڭچە شاكىرغا ئىرىشتىم دەپ خىيال قىلىپ يۇرمە ،مىنى يىغلىتىۋاتقىلى قانچىلىك بولدى .سەن بۇنى ئۇبدان ئويلاپ قوي ،سىنىڭمۇ يىغلايدىغان كۈنلىرىڭ ئالدىڭدا ، ـ ئايگۈل سوزلىگەچ ئۇرىشىدىغاندەك قىلىپ شەمسىيەنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى .شەمسىيەنىڭ جىم تورغىنىنى كورۇپ ماڭا بۇرۇلدى ۋە ـ

ـ سەنمۇ شاكىر ئۈچ قىزنىڭ ئارىسىدا غىلجىڭشىپ يۈرۈيدىغان غىتمەك بولمىغاندىن كىيىن ، بىرىمىزنى تۇتۇپ پوكلا سويۇپ ئوتسەڭ بولمامدۇ ؟ ، ـ دىدىدە ـ ئەسەبىلىكى تۇتتىمۇ ئەيتاۋۇر بوينۇمغا گىرە سالىدىغاندەك قىلىپ ماڭا ئىتىلدى .ياخشىمۇ بۇرۇنقى قىلغانلىرى ئىسىمدىن چىقمىغان چىغى .توسۇپ ئۇلگۇردۇم .

ـ نومۇس ـ نومۇس قىل .ئادەم قىلىپىدىن چىقىپ يۇرمە ، ـ دىدىم .سەللا ئىشىپ كەتسە ئۇنى ئۇرىۋاتىدىغاندەك قىلاتتىم .

ـ نومۇس .نومۇس دىگەندىن ھىلىقى كىچىسى خوشلۇشۇپ بولغانمەن .شۇنداققۇ شەمسىيە

؟ ، ـ ئايگۈل شۇنداق دەپ بولۇپ تەستىق تەلەپ قىلغاندەك شەمسىيەگە بىرنى قارىۋېتىپ ـ ـ بولدىلا ،سەنلەرگە قېيداپ يۈرگۈچە تامىغىمنى يەي ، ـ بىشەك خوتۇنلاردا ئار ـ نومۇس قارىشى بولمامدۇ ؟ ،ئايگۈل بايا بىز بىلەن ھېچ بىر قىزىرىشىپ باقمىغاندەك قولنى يۇيۇشتىنمۇ ئىرىنىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى.ئۇنىڭ گېپىنىڭ تىگىدە بىر گەپ بار ئىدى.بۇ چاغدا روشەنگۈل سۇخانىدىن چىقىپ خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى.

ئايگۈلنىڭ تاماق يەۋاتقىنىنى كورگەن رۇشەنگۈل ـ

ـ ئاچ بورىدەك تاماققا دۈم چۈشمەي قولۇڭنى چايقاپ يىسەڭمۇ كىچىكمەستىڭ ، ـ دىدى .ئايگۈل

ـ بىز يۇيۇپ يىگەن بىلەن .بۇلار يۇماي ئەتكەن بولىسچۇ ؟ ،ئۆزۈمنىڭ قولى بولغاندىن كېيىن . . . ، ـ دىدى .ئۇنىڭدا باياتىنقى ئەسەبىلىكىدىن ئەسەرمۇ يوق.يەنە نومۇسسىزلىق قىلىۋاتاتتى.گەپ قىلاي دەپ ئېغىزىمنى ئومەللىشىمگە،باياتىنقى سېسىق گەپلەردىن نومۇس قىلىپ خىجالەت بولىۋاتقان شەمسىيەنىڭ ـ بولدى جېق گەپ قىلمەڭ، دىگەندەك چىراي ئىپادىسىگە كوزۈم چۈشتى.سۈكۈت قىلدىم.

قايتاشىمدا روشەنگۈل ئۈزۈتۈپ چىقتى ۋە ـ

ـ ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىشىڭ غەلبە قىلغان ئوخشايدۇ ھە ، ـ دەپ سورىدى.مەن شەمسىيە بىلەن بولغان پارىڭىمىزنى قىسقىچە سوزلەپ بەرگەندىن كېيىن ـ

ـ گۇمانلىق نوختىلار شۇنچە كوپ بولىسمۇ،شەمسىيەدە ئۇنداق كىسەل يوقلىغىغا ئىشەندىم ، ـ دىدىم .

ـ قانداق دەيسەن ، ـ دەپ سورىدى روشەنگۈل،ئۇنىڭ سوزلىرى ئازراق پەسلەپ قالغان بولۇپ چارچاپ كەتكەن چېغى دەپ ئويلۇدۇم.

ـ شەمسىيە ئەيدىس دىگەن گەپنى قىلغاندا شۇنچە تەمكىن بولۇپ قىلچە ھودۇقۇش يوق،ئايگۈلنىڭ ئاكىسىنىڭ ئولگەنلىگىدىن قايغۇرغاندەك بىر خىل ئىپادىدە بولدى.ھەر قانچە

يامان ئادەم بولسىمۇ ئۆزىنى نابۇت قىلغان ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنى سوزلىگەندە ھاياجانلانماسلىقى مۇمكىنمۇ،يۈزى شۇنچە تۈۋەن قىزنىڭ ئۆزىدە ناكەس كىسەل بارلىغىنى بىلىپ تۇرۇپ باشقىلاردىكى ئۇ كىسەلنى سوزلەپ يۈرىشى مۇمكىنمۇ ؟، ـ دىدىم مەن.

ـ دىگىنىڭدەك بولا ئىلاھىم، ـ روشەنگۈل شۇنچىلىك دىدىدە ـ خوشلىشىپ كىرىپ كەتمەكچى بولدى.مەن ئۇنى توسۇپ ـ

ـ بۇ بىر خۇشاللىقۇ روشەنگۈل،ساڭا نىمە بولدى ،قېيداپ قالغاندەك قىلسەن، ـ دەپ سورىدىم.

ـ شۇنداق شاكىر.بۇ بىر خۇشاللىق،ئەمما بىلگىنىكى ئادەم دىگەن بەك شەخسىيەتچى بولىدىكەن،يېقىن دوستۇڭنىڭ خوش ـخەۋىرى سىنى خوشال قىلسىمۇ ـ بۇ خوش ـخەۋەر ئوزۇڭنىڭ ئومۇرلۇك بەختىگە چېتىلغىنىدا چىدىماي قالىدىكەنسەن، ـ ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ياش تامچىلاۋاتاتتى، ـ بولدى خاتا چۈشەنمە ،مەن ئىككىڭلارغا مەڭگۈ بەخت تىلىگۈچى،ئازراق ھاياجانلاندىم خالاس، ـ ئۇ قايتىپ كىرىپ ـ كېتىۋاتقىنىدا كوزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتكەنلىگىنى كورۈپ تۇردۇم....

**12**

ئوقۇشىمىزنى تاماملاپ يۇرتقىمۇ قايتىۋالدۇق.چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشىمىز ئۈچۈن چەتئەللەردىكى ئالى مەكتەپلەرنىڭ چاقىرىقىغا موھتاج ئىدۇق.بۇلارنى روشەنگۈل بىجىرىدىغان بولدى.ئويۇمىدىكىلەرنىڭ ئالدىرتىشى،ئوزۇمنىڭ تەقەززا بولىشى بىلەن تويغا تۇتۇش قىلدۇق.شەمسىيەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىزنىڭ ئويدىكىلەرنىڭ بۇرۇندىن مۇناسىۋىتى ياخشى بولغاچقا ئۇلارمۇ تويىمىزغا تىزلا قوشۇلدى(شەمسىيەنىڭ ئويدىكىلىرى ئىككىمىزنىڭ چىقىشالىغىنىمىزدىن خوش بولسا كىرەك،چۈنكى شەمسىيە نۇرغۇن ئەلچىلەرنى قۇرۇق يولغا سېلىپ ئۇلارنىڭ ئىچىنى پۇشارغان ئىدى).ئالدى بىلەن قىز تەرەپنىڭ ھازىرقى ئولتۇرىقى بولغان ئۇرۇمچىدە توي قىلىدىغان.كېيىن يۇرتتا توي بىرىدىغانغا كىلىشىپ

ئۆرۈمچىگە چىقتىم.

روشەنگۈل شەمسىيەدىن ئايرىلماي ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم بەرمەكتە .ئايگۈل بولسا ئوقۇش پۈتتۈرگىنىمىزدىن باشلاپ يوقاپ كەتكەن ،نەدىلىگىنى ھېچقايسىمىز بىلمەيتتۇق.بولسا مۇشۇ يوقالغانچە توي توگۈگىچە كوزۈمگە كورۈنمەسلىگىنى تىلەيتتىم.ئۇنىڭ شۇم تەلەتىنى كورسەتمىگەيسەن ئىلاھىم...

بۈگۈن توي خېتى ئېلىش ئۈچۈن نىكا تىزىملىتىش ئورنىغا ماڭغىنىمىزدا ـ روشەنگۈل ،

ـ بولدى ئۇ يەرگىمۇ بېرىپ يۈرمەي،ئوزۈڭلار بېرىڭلار، ـ دەپ تۇرىۋالدى.شەمسىيە بىلەن يالغۇز باردۇق.توي خېتى كەسكۈچى خادىم بىزنىڭ توي خېتى ئېلىشتىن بۇرۇن بەلگۈلەنگەن تەكشۈرۈش ئورنىدىن سالامەتلىك تەكشۈرتكەنلىك ئىسپاتىنى ئېلىش لازىملىغىنى دەپ دوختۇرغا يول سالدى.بىزنىڭ قېنىمىزنى تەكشۈرىدىكەن ،تەكشۈرۈش ئورنىدا قان ئەۋرىشكىمىزنى ئېلىپ قېلىپ ئۈچ كۈن توختاپ كىلىشىمىزنى ئۇختاردى.

ئۈچ كۈنمۇ ئوتۇپ كەتتى.تەكشۈرۈش ئىسپاتىمىزنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئورۇنغا كەلدىم،كەلسەم ـ يەنە ئىككى كۈن ساقلىشىمىزنى ،لابۇلاتورىيىلىك تەكشۈرۈشنىڭ چىقمىغانلىغىنى ئەيتتى .بۇ قېتىم ئوزۈم يالغۇز كەلگەن ئىدىم.قايتاشىمدا مۇناسىۋەتلىك خادىم، ـ كىلەر كىلىشىڭىزدە قىزچاقىنىمۇ ئېلىپ كېلىشنى ئۇنتۇماڭ،قائىدە بويىچە ئوزۈڭلارنىڭكىنىلام ئېلىش ھوقۇقىڭلار بار، ـ دەپ يولغا سالدى.

يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن شەمسىيە بىلەن ئىسپاتىمىزنى ئېلىش ئۈچۈن تەكشۈرۈش ئورنىغا بىرگە كەلدۇق.قايسى كۈنكى مېنى يولغا سالغان خادىم بىزنى كۈتىۋالدى ۋە ئايرىم بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ مېنىڭ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىمنى تاپىلاپ شەمسىيەنى باشقا بىر ئىشخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.بۇلارنىڭ بۇ قىلغىدىن ئازراق غەيرىلىك ھىس قىلىپ قالدىم.بىر تال تەكشۈرۈش ئىسپاتىغىمۇ شۇنچىلىك قىلىش كىتەمدۇ ؟،يۈرۈكۈم بىر شۇملۇقنى سىزىۋاتاتتى.تويىمىزغا ھەپتىلام قالغان ئىدى.يەنە بىر سەتچىلىك چىقمىغۇيدى دەپ خىيال

قىلىپ ئولتۇرسام.بىرى كىرىپ كەلدى ۋە مەندىن

ـ سىلەر ئارلىشۋاتقىلى قانچىلىك بولدى، ـ دەپ سورىدى.

ـ بىر يىلدىن ئاشتىغۇ دەيمەن، ـ دىدىم مەن ھەيرانلىق ئىچىدە.

ـ سىلەر بۇ جەرياندا مۇناسىۋەت ئوتكۇزمىگەنسىلەر، ـ ئۇنىڭ بۇ سورىشى يۇرۇگۇمگە پىچاق تىققاندەك ئاڭلاندى.

ـ ياق ،ئوتكۇزمىدۇق،بىرە ئىش بولدىمۇ، ـ دەپ سورىدىم.

ـ چوڭ ئىشقۇ يوق،لايىغىڭىزنىڭ قىنىدا ئازراق مەسىلە بايقالدى.شۇڭلاشقا ئەھۋال ئىگىلەيلى دىگەن.بولىسا سىلەر توي قىلماي تۇرساڭلار، ـ كوز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. ـ

ـ خاتا دىئاگۇنوز قويۇلۇپ قالمىغان بولمىسۇن يەنە ، ـ يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقۇپ ئۇستەلگە تايىنىپ تۇرۇپ ئارانلا سورىيالىدىم.

ـ خاتا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.قايسى كۈنى قايتا باھالىتىش ئۇچۇن يۇقۇرى دەرىجىلىك ئورۇنلارغا ئەۋەتىپ باھالاتتۇق.يەنە ئوخشاش ئىكەن، ـ ئۇنىڭ گىپىنىڭ ئايغى چىقىپ بولغۇچە سىرتتا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ چىقىپ كەتتى.شەمسىيەگە بىر نىمە بولمىغان بولغۇيتتى دەپ سىرتقا ئوزۇمنى ئاتتىم.ياندىكى ئىشخانىدا شەمسىيە ھۇشسىز ياتاتتى،مەن ئۇنى كورۇپ يىنىغلام يىقىلدىم. . .

(بۇ ئەسىرىمنى نازىركوم توربىدا "پۇلدار"نامىدىكى بىرى ئوزىنىڭ ئەسىرى نامىدا يوللاپتۇ.ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى ھورمەت قىلىشنى ئەيتىپ قويساق.بولىسا بىزنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىمىز ئالاقىلىشىپ بەرسەڭلار .مەن ئۇ تورغا پەقەتلام ئەزا بولالمىدىم.شۇڭلاشقا چىرايلىقچە ئوچۇرىۋەتكەن بولسا.باشقا بىلوگلاردا باركەن ئۇ لار مىنىڭ ئىسمىمنى ئەسكەرتىپتۇ.ھازىرچە ئەسىرىم مىسرانىم توربىلا تەۋە.باشقىلار كوچۇرۇپ باسمىساڭلار."غەيرەت")

تىزلا ھۇشۇمغا كىلىپتىمەن.شەمسىيە تىخىچە ھوشىغا كەلمەپتۇ.بۇ ھەلەتتىن ئەنسىرىگەن

تەكشۈرۈش ئورنىدىكىلەر بىزنى خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددى قۇتقۇزۇش مەركىزىگە ئەكىلىپ قويۇشتى.شەمسىيە ئارلىقتا بىر ھۇشىغا كەلگەندەك قىلىپ يەنىلا ھۇشسىزلاندى.ئويىدىكىلەرگە ئۇختۇرۇشتىن قورىقتىم.ئۇلاغا نىمە دەپ چۈشەندۈرىمەن.ئۆزۈم بىر ئامالللارنى قىلمىسام بولمايتتى.

تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ بىلمەيمەن .بۇ يەردە ساۋاقدىشىم مۇراتنى ئۇچرۇتۇپ قالدىم.ئۇ ئوگۇنىش ئۇچۇن بۇ دوختۇرخانىغا كەلگەن ئىكەن.

ـ نىمە بولدۇڭلار شاكىر ،تويۇڭنى ئۈرۈمچىدە ئوينايدىغان بولدۇم دەپ يۈرسەم بۇ زادى نىمە ئىش ؟ ، ـ ئۇ شەمسىيەنىڭ ھۇشسىز ،مىنىڭمۇ ھۇش ـ كاللامنىڭ جايىدا ئەمەسلىگىنى كورۈپ شۇنداق دىدى.نىمە دىگىلى بولىدۇ ،يالغاندىن بىرنى توقۇدۇم.

ـ تويىنىڭ تەييارلىقىدا چارچاپ كەتكەن بولساق كىرەك،شەمسىيە رەستىدە تۇيۇقسىز ھوشىدىن كەتتى، ـ ئالااھ ئىگەم قىلغان يالغانچىلىقىمنى كەچۈرەر.قاراپ تۇرۇپ توي خېتى ئۇچۇن تەكشۈرۈتسەك شەمسىيە كىسەل چىقىپ قالدى دەيمۇ ئەمىسە.

ـ ئۇنداقتا قان تەكشۈرۈپ كورەيلى، ـ مۇراتنىڭ قاننى تەكشۈرتۈپ كورەيلى دىگەن گېپىنى ئاڭلاپ بىرى ئۇستۇمدىن بىر چىلەك سوغۇق سۇ قۇيىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

ـ قاندا نىمە مەسىلە بولاتتى،چارچاپ كەتكەن چېغى،تىزلام ئوڭشۇلۇپ كىتىدۇ، ـ ھودۇقۇپ تۇرۇپ شۇنچىلىك دىيەلىدىم.

ـ قان تەكشۈرتۈش دىگىنى بىر رەسمىيەت .بالنىستا ياتقان بىمارلا بولىدىكەت تەكشۈرۈتمىسە بولمايدۇ.ئۇنىڭ ئۇستىگە قاندا بۇزۇلۇش كورۈلسە ئاسانلا ھۇشىدىن كىتىدىغان ئىشلار يۈز بىرىدۇ.تەكشۈرگەننىڭ زىيىنى يوق، ـ مۇراتنىڭ چۈشەندۈرىشنى ئاڭلىغاندىن كورە باشقىلاردىن تاياق يىسەممۇ بۇنچە بىئارام بولماسمەن.ئامالسىز قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.ئەتىلىككە چوقۇم چاۋىمىز چىتقا يېيىلىدىغان بولدى.

بەزى زۇرۇل تەكشۈرۈشلەر توگىگىچە كىچىمۇ كىرىپ تاڭ ئاتاي دەپ قالدى.تاڭ يۈرۈشقا

يېقىن شەمسىيە ھۇشىغا كەلدى.ئۇ كوزىنى ئېچىپ ئوزىگە تەلمۇرۇپ قاراپ تۇرغان مېنى كورۇپ كوزىنى يۇمىۋالدى،كوز جىيەكلىرىدىن ياش تامچىلىرى ئېقىشقا باشلىدى.

ـ ئوزۇڭنى بۇنچە ئازاپلىما شەمسىيە،مېنىڭچە تەكشۇرۇشتە بىر خاتالىق بار،باشقا ئۇرۇندا تەكشۇرتۇپ باقساق بولىدىغۇ،ـ تەسەللى سوزلىرىم ئۇنىڭ ياشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاۋۇشىغا سەۋەپ بولماقتا،يۇرۇگۇمنى چوڭ قىلىپ ئۇنىڭ مەڭزىدىكى ياشلارنى ئىككى ئالقىنىم بىلەن سۇرتۇشكە باشلىدىم.قوللۇرۇم ياش ئەمەس ئۇتنى سۇرتىۋاتقاندەك كويۇشمەكتە...يۇرۇگۇم تاتلىق سىزىم ئىچىدىن ئاچچىقنى ھىس قىلماقتا...ئۇ ئىسسەدەپ يىغلايتتى،ئىمان ،ھايا ،نومۇسنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان غۇبارسىز بۇ جان ئازاپتىن ئوزىنى يوقۇتۇپ قويىدىمۇ بىلمەيمەن.بىر چاغدا تۇيۇقسىز ئۇ قوللۇرۇمنى تۇتىۋالدى.ئەگەرچەندە ھۇش ـ كاللىسى جايىدا بولىدىغان بولسا قوللۇرۇمنى تۇتۇش ئەمەس قارىشىپ ئولتۇرۇشتىنمۇ ئۇيالغان بولاتتى.ئۇ سوزلىدى ـ

ـ ماڭا ئىشەن شاكىر ،مەن ئۇنداق قىزلاردىن ئەمەس.قىزلىق ئىپپىتىمنى جېنىم بىلەن قوغداپ كەلگەنمەن،مەن پاك،مەن...،ـ ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ زەئىپ بولۇپ خىجالەتتىن سوزلىيەلمەيلا قالدى.

ـ ئىشىنىمەن شەمسىيە ،ئۇلارنىڭ تەكشۇرىشىدە مەسىلە بار،ـ كوزلۇرۇمدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ مەڭزىگە ئېقىپ چۇشتى.ئىككىمىزنىڭ يېشى بىرلىشىپ قەلبىمىزنى لەرزىگە سالدى.ئۇ مېنىڭ قولۇمنى قويىۋېتىدىغاندەك ئەمەس.قولۇمنى قويىۋەتسە مەن قېچىپ كېتىدىغاندەك.قوللۇرۇمنى تېخىمۇ چىڭ سىقاتتى.

ـ ماڭىمۇ ئىشەن شەمسىيە ،ئولىدىغان ئىش بولسىمۇ سەن بىلەن بىرگە ئولۇمەن، ـ ئاۋازىمنى يىغام بېسىپ كەتتى.دىگىنىمدەك شەمسىيە ئۇچۇن ئولۇشكىمۇ تەييار ئىدىم.

ـ شۇم ئېغىزلىق قىلما شاكىر.مەن بىلىمەن، چوقۇم بىر ئۇقۇشماسلىق بار.مەن ئۇلارنىڭ سىز كىسەلكەن دىگىنىدىن ئەمەس.قىزلىق ئىپپىتىمگە تاجاۋۇز قىلىپ سورىغان سۇئاللىرىدىن

ھوشۇمنى يوقاتقانمەن، ـ غۇرور دىگەن مۇشۇ ئىدى.ئۇلۇم خەۋىرنى ئاڭلىغاندا پىسەنتىگە ئالماي،ئۆزىنىڭ ئىپپەت ئار ـ نومۇسىنىڭ بوھتان تاجاۋۇزغا ئۇچرىغىنىنى ئاڭلىغىنىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانلىغى بىزنىڭ ئۇيغۇر قىز ـ جۇۋانلىرىنىڭ ئاساسلىق ئەخلاقى ئىدى.نەدىن پەيدا بولدى بىر تۈركۈم ناكەسلەر مىللىتىمىزنىڭ يۈزىگە داغ سۈركەپ يۈزىمىزنى چۈشۈرەتتى خالاس.

ـ ئۆزۈڭگە ئېلىپ كەتمە،ئۇلارنىڭ ئۇنداق سۇئاللارنى سورىشى كەسپى خىزمەتلەردىن شەمسىيە، ـ دىدىم. مەن شەمسىيەنىڭ ئۇنداق كىسەل چىقماسلىغىنى ئۈمۈت قىلاتتىم.كىسەل بولغاندىمۇ قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنى تاشلاپ كىتەلەيمەن.يۈرۈگۈم بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلاتتى.شەمسىيەنىڭ باياتىنقى قىلغان سوزلىرى يۈرىگىمگە مەلھەم بولۇپ ئارزۇلىرىمنىڭ رائاللىققا ئايلىنىشىدىن ئۈمۈت ئەكەلدى.

ـ ئويدىكىلەرگە دىمگەنسەن، ـ شەمسىيە ئازراق ئىسگە كېلىۋېلىپ يىغىسىنى توختۇتۇپ سورىدى.

ـ ياق. دىمىدىم ؟، ـ ئاددىلا جاۋاپ بەردىم.

ـ ياخشى قىپسەن،ئۇلارنى ئاۋارە قىلمايلى، ـ شەمسىيە شۇنداق دىدىيۇ سىرتىنىڭ قاراڭغۇ ئىكەنلىگىگە قاراپ ، ـ ئۇلار نىمە دەپ قالغاندۇ.ئىككىمىزنى بىر كىچە نەگە يوقالدى دەپ ئويلىغاندۇ، ـ دەپ كوزلىرىگە ياش ئەكەلدى.

ـ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول،روشەنگۇلگە دەپ ئويۇڭدىكىلەرگە تېلىفۇن ئالغۇزىۋەتتىم.ئۇ ئويۇڭدىكىلەرگە بۈگۈن كىچە شەمسىيە بىلەن بىرگە قونۇپ مۇڭدىشىۋالاي،توي قىلىپ كەتسە بۇنداق پۇرسەت كېلەمدۇ يوق دىگەندەك گەپلەر بىلەن ئالداپ قويۇپتۇ ،يەنە تېخى ھازىردىن باشلاپ شەمسىيەنىڭ تېلىفۇنى ئەتە ئەتتىنگەنگىچە مۇسادىرە قىلىۋالدىم،بولمىسا سىلەر سېغىنىپ قېلىپ تېلىفۇن قىلىپ ئېلىپ كىتىپ يۈرمەڭلار دەپتۇ.شۇنىڭ بىلەن تىلىفۇنىڭنى ئىتىۋەتتىم، ـ دىدىم.ئۇ قولۇمنى قويۇپ بىرىدىغاندەك ئەمەس،كوزلۇرۇمگە قاراپ تۇرۇپ،

ـ نامزىمنى ئوقۇيالماپتىمەنده ، ـ دەپ ئاللاھنى ئۇنتۇمىغانلىقىنى ئەسلەتتى.مەن ـ

ـ ئوزۈڭنىڭ ھوشنى يوقاتقان بولغاندىن كېيىن ئالالاھمۇ كوچۇرەر،كېيىن تولۇقلاپ ئۇقۇۋالارسەن ، ـ دىدىم.تۇيىقسىز بىرى ـ

ـ بۇ جايدا قولۇڭلارنى بۇنچە سىلىشىپ ئولتۇرۇپ كەتمىسەڭلەرمۇ ،نەچچە كۈندىن كېيىن قېنىۋالاتتىڭلار ئەمەسمۇ ، ـ دىدى.قارىسام مۇراتكەن.ئۇنىڭ چاخچاق قىلىپ كىرىپ كىلىشى شەمسىيەنى شۇنچىلىك جىددىلەشتۇردىكى قولىنى قولۇمدىن تىز تارتىمەن دەپ قولىنى تامغا تەككۈزىۋالدى.ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قىزارغىنى يىغلىغاندىكى سۇلغۇن چىرايىدا مانا مەن دەپ بىلىندى.

ـ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بىر ياتاقتا ئىكەنلىگىنى بىلگەن بولغاندىن كېيىن ئىشىكنى چېكىۋىتىپ كىرىشىم كىرەك ئىدى ، ـ ئۇنىڭ بۇ چاخچىغى بىزنى يانە بىر بالداق كوتۇرۇپ خىجىل قىلدى.شەمسىيە يانغا قاراپ يېتىۋالدى.

ـ ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ ؟.قەيەردىن پەيدا بولدۇڭ دەپمۇ قويمايسەن.ئوزلىرىنى چوڭ كورۇپ تەكشۇرۇش نەتىجىلىرىڭنى ئۇقاي دەپ كىچىلەپ بىرىپ ئوزۇم ئەكەلدىم.چوڭ چاتاق يوقكەن.ئالدىرمىساڭ بىر ـ ئىككى كۇن يېتىپ چىكەتسەڭمۇ ،ئالدىرىساڭ ھازىرلا چىكەتسەڭمۇ بولىدۇ ،چارچاپ كەتكەن ئوخشايسەن ،دەم ئېلىشقا دىققەت قىلساڭلا بولىدى ، ـ مۇرات شۇنداق دەپ بولۇپ ،

ـ تەكشۇرۇش نەتىجىلىرىڭنى كورۇپ باقسۇن دەپ ئالغاچ كىرگەنتىم.كورۇپ باق ، ـ دەپ بىرقانچە ۋاراق قەغەزنى شەمسىيەگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ،

ـ جىددى قۇتقۇزىۋاتقان كىسىلىم بار ئىدى ،چىقىپ كىرەي ناشتىلىغىڭلار مەندىن،ھايال بولمايلام كىرىمەن ، ـ دەپ چىقىپ كەتتى.شەمسىيە خىجالەتتىن بولسا كىرەك مۇراتتىن ئەھۋال سوراشقىمۇ پېتىنالمىدى.

ـ مۇرات نەدىن پەيدا بولدى ئەمدى ، ـ شەمسىيە تەئەججۇپ بىلەن سورىدى.

ـ ئۈگۈنىشكە كېلىپتىكەن،ئۈچرۈشۈپ قالدۇق،سېنى بازار ئارىلاۋېتىپ يېقىلىپ قالدى دىدىم، ـ دەپ چۈشەنچە بەردىم.

ـ ئۈنداقتاروشەنگۈلگە نىمە دىدىڭ، ـ دەپ سورىدى ئۇ.

ـ نىمە دەيتتىم،تويدىن بۇرۇن بىر كىچە هورداققا بېرىپ تونەيدىغان بولدۇق دىدىم،ئۇ ئىشەنمىدى. مېنىمۇ بىرگە ئاپىرىڭلار دەپ تۇرىۋالغانتى ـ مەن ئۇزىمىز يالغۇز تونەيمىز دەخلى قىلمىساڭ دىگىنىمدە تەلۋىمگە ماقۇل بولۇپ ئويۇڭدىكىلەرگە تىلىفۇن قىلىپ بولۇپ ئۈچۈرنى بەرگىنىدىن كېيىن مەنمۇ تىلىفۇنىمنى ئىتىۋەتتىم،بولمىغىنىدائۈنىڭ ئاۋارە قىلىپ كىچىچە تىلىفۇن قىلىپ يۈرىشى مۇقەررەر.ئىسىمدە بارىدا تىلىفۇنىمنى ئېچىپ قوياي.ئۇ چوقۇم تېلىفۇن قىلىدىغۇ دەيمەن.بولسا سېنىڭ دوختۇرغا كىرىپ قالغانلىغىڭنى ئەيتايلى، ـ دەپ شەمسىيەگە قارىسام قولىدىكى تەكشۈرۈش قەغىزىگە تىكىلگەنچە قاراپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ،هەيران بولۇپ قولىدىكى قەغەزنى ئېلىۋالسامۇ تۇيمىدى.

ـ نىمە بولدۇڭ هېي، ـ دەپ نوقۇپ ئەسلىگە كەلتۈردۈم.

ئۇ يىغلاشقا باشلىدى. قولۇمدىكى قەغەزلەرنى تارتىپ ئالدى ۋە ـ

ـ قارا.قارا شاكىر، ـ دىدى

ـ نىمگە قارايمەن.مەن بۇ قەغەزدىكىلەرنى چۈشەنمىسەم يا، ـ تىببى ساۋات دىگەنگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتىم.

ـ مانا بۇنىڭغا قارا،بۇنىڭدا مېنى ساق دەپتۇ، ـ ئۇ تەكشۈرۈش قەغىزىدىكى بىر ئۇرۇنىنى كورسۈتۈپ مېنى كوردۇڭمۇ دىگەندەك كوزلۈرۈمگە يېقىن ئەكەلدى.يۈرۈگۈم خوش ـ خەۋەردىن بىشارەت ئالدى.

ـ نىمە دەيسەن شەمسىيە.هېلىقى كىسەلنى يوق دەپتىمۇ، ـ ئوزۈمنى بېسىۋالالماي ۋاقىرىۋەتتىم.

ـ شۇنداق شاكىر،نىجاسەت كىسەلنى يوقكەن دەپتۇ، ـ ئوزۈمنى تۇتىۋالالماي شەمسىيەنى

تارتىپ باغرىمغا باستىم.كوزلىرىمدىكى خۇشاللىق يېشى ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇيدى.باغرىمدا شەمسىيە ئىسەدەپ يىغلىماقتا.ئۇ ئالدى بىلەن ھۇشىنى تاپتى.

ـ بولدى قىل شاكىر،ئۆزىمىزنى تۇتىۋالايلى.ئاللاھنىڭ سىناقلىرىنى ئۇنتۇپ نامەھرەم بولىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى تارتايلى.قوپ ئاللاھنىڭ شەپقىتىگە رەھمەت ئەيتىپ ناماز ئوقۇيلى،ـ ئۇنى قويىۋېتىپ سىرتتقا قارىدىم.بىر ـ بىرىمىزگە تەسەللى بىرىمىز دەپ تاڭ يورىغىنىمۇ بىلمەي قاپتىمىز. تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇخانىغا ماڭدىم...

نامازنى تۈگۈتۈپ تۇراتتۇق مۇرات كىرىپ،

ـ ناشتىلىق تامىغى ياخشى بىر يەرنى بىلمەن،جىددەك ساقلاپ تۇرۇڭلار،كىيىمىنى ئالماشتۇرىۋېلىپلا كىرەي.شەمسىيە سىز ئەمدىغۇ ماڭالارسىز ،ـ دەپ جاۋاپمۇ كۈتمەي چىقىپ كەتتى.ئۇنىڭ "شەمسىيە سىز ئەمدىغۇ ماڭالارسىز"دىگەن سوزى مېنى ئەجەپلەندۇردى.شۇ ئەسنادا تىلفۇنۇم سايراپ كەتتى.قارىسام روشەنگۈل ئۇرۇپتۇ.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام،ـ جاۋاپ قايتۇردۇم.

ـ نەدە سىلەر،نامزىمنى توگۇتۇپلا سىلەرگە تىلفۇن قىلىشىم،ـ ئۇ كەسكىن سورىدى.يەنە يالغان ئەيتىشقا چىدىماي،

ـ خەلىق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددى قۇتقۇزۇش مەركىزىدە،ـ دىدىم.

ـ بىر شۇملۇقنى كوڭلۇم تۇيغان ئىدى،مەن ھازىرلام بارىمەن،ـ دەپ تىلفۇننى قويىۋەتتى.
شەمسىيەگە قارىسام ئۇنىڭ باياتىنقى ھالىتىدىن قىلچە ئەسەر يوق.چىرايى نۇرلۇنۇپ قاپتۇ.

ـ قانداق قىلىمىز،ئۇ ئىككىسىگە بولغان ئىشلارنى دەمدۇق،ـ دەپ سورىدىم.

ـ ئەھۋالغا قاراپ باقامدۇق،ـ ئۇنىڭ كوپ گەپ قىلغۇسى كەلمىگەن چېغى شۇنچىلىكلام جاۋاپ بەردى.

* * *

مۇراتنىڭ ياخشى بىر جاينى بىلمەن دىگىنى كىچىكلام بىر چايخانا ئىدى.تۆتىمىز چايخانىنىڭ تار ئۆرۈندۇقىدا قىسىلىپ بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتۇق.چايخانىدا ئادەم كوپ بولغىنى ئۈچۈن كوپ گەپ قىلماي چايغا داخىل بولدۇق.ناشتىلىقى يامان ئەمەس ئىكەن.چارچىغان بولساقمۇ ئۇمۇتنىڭ تولغىلىشى ئىشتاھانى ئاچتىمۇ ئەيتاۋۇر كوپرەك غىزالاندىم.شەمسىيەنىڭمۇ ئىشتاھاسى ئېچىلىپ قالغاندەك قىلاتتى.

سىرتقا چىققاندا روشەنگۇل،

ـ بۇ سەھەردە ئايلىنىپ يۈرسەكمۇ سەت تۇرىدۇ.يۇرۇڭلار بىزنىڭ ئويگە بارىمىز.مەندىن باشقا بىرى يوق، ـ دەپ تاكسى توسدى.

ـ ئۇنىڭ ئويى بىر داچا ئىدى.دادىسى سودا ئىشى بىلەن چىقسا ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش ئۈچۈن ئالغان ئىكەن.هازىر روشەنگۇل ئۆرۈمچىدە بولغىنى ئۈچۈن شۇ تۇرىۋاتاتتى.

ـ قورۇقماي قاندائمۇ ئولتۇرىدىغانسەن بۇ ئويلەردە،يالغۇزلۇقتا جىنغا هەمرا بولمايۋاتقانسەن ـ مۇراتنىڭ بۇ ئويگە تۇنجى كىلىشى بولغىنى ئۈچۈن هەيرانلىقتا سورىدى.

ـ نىمدىن قورقاتتىم.كونۇپ كەتتىم بولغاي يالغۇزلۇق خىيالىمغا كىرىپ چىقمايدۇ، ـ روشەنگۇل يالغۇزلۇقنى تىلغا ئالغىنىدا ماڭا قاراپ قويدى ۋە

ـ نىمە بولغانتى بالنىسقا كىرىپ قالغۇدەك،تونىگۇن دىسەڭلار مەنمۇ هەمرا بولۇپ قارىشىپ بەرمەسمىدىم،ئويدە يالغۇزلىغىمنى بىلگەندىن كېيىن مېنى ئەنسىرەپ ئويىدە ئولتۇرالارمۇ دەپ قويساڭلا بولماسمۇ ؟كىچىچە ئۇخلىماي تىلىفۇن قىلىپ چىقتىم دىسە،تىلىفۇننى ئېتىۋالغىنىنى كوره . . ـ دەپ نارازىلىغىنى ئىپەدىلىدى.

ـ ئاۋارە قىلماي دىگەن، ـ دەپ تۇرۇشۇمغا ،مۇرات ـ

ـ كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى چىقىرىپ بەرگەن تەكشۇرۇش ئىسپاتى يېنىڭلاردا باردۇ ؟، ـ دەپ مېنى گاڭگىرتىپ قويدى.

ـ ئۇنى سەن قانداق بىلدىڭ، ـ تەئەججۇپ بىلەن سورىدىم.شەمسىيەنىڭ چىرايى خىجالەتتىن شۇنچىلىك قىزىرىپ كەتتى،ئۇ يەرگە قاراپ ئولتۇرىۋالدى.

ـ قانداق بىلەتتىم.تونىگۈن سىلەرنى ئەكەلگەنلەر داۋالاشقا ياردىمى بولۇپ قالار دەپ، دەپ بىرىپ كەتكەن، ـ مۇراتنىڭ بۇ دىگىنىدىن ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكى بىلىندى .يۇشۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى.

ـ ئۇنداقتا بىلىپ تۇرۇپ يەنە نىمە دەپ تەكشۈرۈپ يۈرۈيسلەر، ـ سورىدىم مەن.

ـ شۇنداق ،ئەسلى تەكشۈرۈپ يۈرمەي ھوشىغا كەلگەندە يۇقۇملۇق كىسەللىك دوختۇرخانىسىغا يوللاپ بىرىش لازىم ئىدى،لېكىن مەندە گۇمان بولغاچقا كىچىلەپ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى چىقارغۇزدۇم.دىگىنىمدەك بولدى.گۇمان قالمىسۇن دەپ تىببى ئۇنۋىرستىتنىكى ساۋاقداشلىرىمغا دەپ ئۇ يەردىمۇ تەكشۈرۈتتىم.نەتىجە ئوخشاش ساق ئىكەن، ـ مۇرات سوزلەۋاتقىنىدا كوزلۈرۈمگە بۈرۈن ئۇنى كورۈپ باقمىغان ئادەمدەك،ھاتتاكى خېزىردەك كورۈنۈپ كەتتى.

ـ سەن نىمىدىن گۇمانلىنىپ شۇنداق قىلدىڭ ؟، ـ يەنە سورىدىم.

ـ نىمىدىن گۇمانلىناتتىم،ئىمانىم شەمسىيەدىن گۇمانلىنىشقا يول قويمىدى،مەن شۇنچە ھورمەت قىلىدىغان،ئىمان ئىتقات سۈرۈشتۈرسە ھەممە تەل تېپىلىدىغان بىر قىزنىڭ مۇشۇنداق نىجاسەت كىسەلنى يۇشۇرۇپ توي قىلمەن دەپ يۈرىشىگە ئىشەنمىدىم.شەمسىيەنىڭ پاكلىغىغا ئىمانىم بىلەن ئىشىنەتتىم.چۈنكى ئۇ مىنىڭ ئۆزۈن يىللىق ساۋاغدىشىم ۋە خىزمەتدېشىم تۇرسا مەن ئۇنى چۈشەنمەي قالارمەنمۇ.يەنە بىرى شەمسىيەنىڭ دىئاگۇنۇز قەغىزىدە ئەيدىسنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىكى نەتىجىنىڭ يېزىلغىنىدىن گۇمانلىنىپ شۇنداق قىلدىم.كىسەل بۇ باسقۇچقا يەتكەندە ئۇنىڭ كىسىلىنى يۇشۇرۇپ ساق يۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ـ شۇنداق دەپ گېپىنى تۇگەتتى مۇرات.

ـ نىمە دىيىشىۋاتىسىلەر ،ھىچ بىر گېپىڭلارنى چۈشەنمىدۇمغۇ ؟، ـ روشەنگۈلنىڭ بۇ گېپى

كۆلكەمنى كەلتۈرۈپ قويدى.ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋالنى بىر قۇر چۈشەندۈردۈق.ئۇ بەكلام ھەيران قېلىپ،

ـ زىيانكەشلىك ،بىرى زىيانكەشلىك قىلغان گەپ،چوقۇم ئىنىقلىماي بولمايدۇ ، ـ دېدى.مۇراتمۇ ،

ـ مەنمۇ شۇنداق دەپ قارايمەن،تاسادىپى ئالمىشىپ قالغان دېيىشكە بولمايدۇ،ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش تەرتىۋى شۇنچىلىك مۇكەممەلكى بىرى ساختىلىق ئىشلەتمىسە ھەرگىزمۇ ئالمىشىپ قالىدىغان ئەھۋال كورۇلمەيدۇ ، ـ دېدى.

ـ ئۇنداقتا كىممۇ ساختىلىق ئىشلىتەر ؟ ، ـ سۇئال بىلەن شەمسىيەگە قارىدىم.شەمسىيە يەنىلا بېشىنى يەرگە قىلىپ ساڭگىلىتىپ ئولتۇغىنى ئولتۇرغان.مۇرات سوزلىدى ،

ـ سىلەرنىڭ توي قىلىشىڭلارغا قارشى تۇرىدىغان بىرى تەكشۈرۈش پونكىتىدىكىلەردىن بىرىنى سېتىۋالغان بولمىسۇن يەنە ، ـ مۇراتنىڭ سوزى توگىشىگىلام روشەنگۈل ،

ـ چوقۇم ئايگۈل.ئۇنىڭدىن باشقا بىرى بۇنچىلىك رەزىللىك قىلىشنى بىلمەيدۇ ، ـ دېدى.

ـ مەنمۇ شۇمىكىن دەيمەن ، ـ دېدىم.

ـ شۇمىكىن ئەمەس.چوقۇم شۇ ، ـ روشەنگۈل گېپىمگە قۇشۇق سېلىپ كەسكىن مۇئەييەنلەشتۈرىۋەتتى.

ـ شۇ بولسا قانداق قىلىمىز،قولىمىزدا ئىسپات بولمىسا نەدە تۇرۇپ شۇ دېگىلى بولىدۇ ، ـ دېدىم مەن.

ـ ئىسپات،ئىسپات دېگەننى بىز تاپمايمىز ، قانۇن ئورۇنلىرى تاپىدۇ.ئەنزە مەلۇم قىلايلى،ھېچ بولمىسا كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىكىلەر ئوبدان چۈشەنچە بىرىپ كەچۈرۈم سورىمىسا بولمايدۇ ، ـ مۇرات ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلايدىكەن.بۇ گەپلىرى ماڭا ياققان ئىدى،بىراق گېپىمىزنى ئاڭلاپ بىرىۋاتقان شەمسىيە ،

ـ دېگىنىڭلار توغرىدۇ بەلكىم،مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلىمەن.ئايگۈلنى قىلدىمۇ دەيلى ئۇ

ئىشلارنى ئىنىقلاپ نىمە قىلىمىز.ئۇنىڭ قىلغانلىغىنى ئىسپاتلاشنىڭ بىزگە نىمە پايدىسى.بوپتۇ دەۋىتەيلى.دەۋراڭ سالساق ئۇزىمىزگىمۇ سەت بولىدۇ.ئەرىز قىلساق بۇ ئىشلىرىمىزغا چوڭلارنىمۇ سورەپ كىرىمىز،مەن بۇ رەسۇالىقلارنى چوڭلار بىلمىسكەن دىگەن ئۇمۇتتە.بىراق كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىكىلەرنىڭ چۈشەنچە بىرىشنى چوقۇم تەلەپ قىلمىساق بولمايدۇ،ـ دىدى.شەمسيەنىڭ بۇ پوزىتسيەسى بىزنى ھىسسياتىمىزنى بېسىۋېلىشقا،پىتنىڭ ئاچچىغىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىمسلىققا كوندۇردى.ئەرىزلام قىلساق چوڭلارنىڭ بىئارام بولىشى تۇرغان گەپ ئىدى.توتىلىمىز بىرلىككە كەلدۇق كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن چۈشەنچە بىرىشنى تەلەپ قىلىش ئۇچۇن شۇ ياققا قاراپ يولغا چىقتۇق.مېڭىشتىن بۇرۇن شەمسيە مىنى يانغا تارتىپ،ـ

ـ شاكىر ئايگۇلنى نىمىشقا قوغدايدىغانسەن دەپ سورۇغىڭنىڭ بارلىغىنى بىلىمەن.ئۇمۇ بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرۇغۇچى.ئاز كۈن ساقلا ،توي كۇنى بىر ھوجرىغا كىرگەندە بارلىق ئەھۋالنى ساڭا ئەيتىپ بىرىمەن.سەن ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ كۈتكەن ئايگۇلنىڭ ئاكىسى بىلەن بولغان ئىشلارنىمۇ دەپ بىرىمەن،ھازىر دەي دىسەم ئىككى يات جىنس ئوتتۇرىسىدا دىگىلى بولغۇدەك گەپلەر ئەمەس.مەن سىنىڭ ئايالىڭ بولغۇنىمدا تارتۇنغۇدەك،ھايا قىلغۇدەك ئىشلار بولماي قالىدۇ.شۇ چاغدا بىل،ـ دىدى.شۇنچە ساقلاپتىمەن.ئوزۇم سويگەن قىزنىڭ ئېپپەتلىك قىز ئىكەنلىگىنى ئۇختۇم.قالدى ئىشلار ئۇچۇن يەنە ھەپتە ساقلىسام نىمە بوپتۇ...

ئويلىماپتۇق كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىغا كەلسەك بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنكەن ،باشلىق يوق بولۇپ چىقتى.پەقەت نوۋەتچىلىك قىلىۋاتقانلارلا باركەن.ئەرىزىمىزنى قالالماي يىنىشقا مەجبۇر بولدۇق.مۇرات ـ

ـ سىلەر تويغا تەييارلىق قىلىمىز دەپ ئالدىراش بولۇپ كىتىسلەر.ئادەتتە توي خېتى بىرىدىغانلار بەلگۇلەنگەن دوختۇرخانىنىڭلا ئىسپاتى بولغاندا توي خېتى كىسىدۇ.ئىسپات چىقىرىپ توي خېتى ئالىمىز دەيدىكەنمىز تويغا ئۇلگۇرمەسلىكى مۇمكىن.شۇڭا سىلەر خاتىرجەم

ئىشكلارنى قىلىۋىرىكلار.مىنىڭ ئۇ يەرلەردە تونۇشلىرىم بار.مەن ئامالىنى قىلىمەن سىلەرنىڭ ئاۋارە بولۇپ يۈرىشكلار ھاجەتسىز ، ـ دەپ لازىملىق ماتىريال،شەمسىيە بىلەن بىرگە چۈشكەن تويلۇق سۈرەتلەرنى ئېلىپ قالدى.بىز بىر غەمدىن قۇتۇلدۇق .

قىلماقچى بولغان ئەرىزنى تويدىن كېيىنگە قالدۇردۇق.چۈنكى ۋاختىمىز قىس،توي خېتىنىڭ ئىشى ھەل بولغان تۇرسا.ئاۋارىچىلىقلاردىن يىراق تۇرغىنىمىز ياخشى ئىدى.قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزنى تەخسىملەپ ئوز ئىشىمىز ئۈچۈن ئايرىلىشتۇق.

*  *  *

پۈتۈن ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ توي كۈنىمۇ يىتىپ كەلدى.شەمسىيە قولداشلىقا روشەنگۈلنى تاللىدى.مەن بولسام مۇراتنى تاللىدىم.

بۇ يۇرتنىڭ قائىدىسى بويىچە ئەتتىگەندە نىكاھ ئوقۇتۇش ئۈچۈن شەمسىيەلەرنىڭكىگە يىتىپ كەلدۇق.ئەپسۇس شەمسىيە سەھەردە نىكاھ ئوقۇتۇشقا قارشى چىقتى.شۇنچە نومۇسچان قىز بۇگۈن يولۋاسنىڭ يۈرىگىنى يەۋالغاندەك، ـ

ـ دادا نىكاھ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مىنى شاكىرغا قوشۇپ قويامسەن ياكى ئويۈمدە قېلىپ قالامدىمەن، ـ دەپ دادىسىغا سۇئال تاشلىدى. دادىسى ـ

ـ نىمە دەيسەن قىزىم،ھازىر دىگەن نىكاھ ئوقۇيمىز،شاكىر سىنى بىز توي چىيى بىرىپ بولغاندا ئېلىپ كىتىدۇ قىزىم. بۇ دىگەن يۇرتىمىزنىڭ قائىدىسى، ـ دىدى.شەمسىيە ـ

ـ ياق دادا ،ھازىر نىكاھ ئوقۇسا مىنى ھازىرنىڭ ئوزىدە شاكىرغا قوشۇپ قوي،دىنىمىزدا قائىدە دەيدىغان نەرسە يوق.بەلكىم ھوكۇم دىگەن نەرسە بار.ئىسلام ھوكمىدە مەن بىراۋنىڭ نىكاھىغا ئوتكەن ئىكەنمەن شۇنىڭ ئىلكىدە بولىشىم كىرەك، ـ دىدى ۋە نىكاھ ئۇقۇش ئۈچۈن كەلگەن قارىيغا بورۇلۇپ، ـ

ـ شۇنداققۇ قارىم دىدى، ـ بۇ گەپلەردىن ھودۇققان قارىي، ـ

ـ ئەملىيەتتىنغۇ سىلە دىگەندەك بولىدۇ.ئەمما يۇرتىمىزدا نىكاھنى ئەتتىگنى ئوقۇۋىتىدىغان

ئىشلار ئومۇملاشقان.بۇنىڭمۇ ھېچ يامىنى يوق سىڭلىم ، ـ دېدى.شەمسىيە ـ

ـ ئۇنداقتا بۇنىڭ دەللى نىمىكىن، ـ دەپ قارىيەدىن سورىدى.قارىي ـ

ـ نىكاھنى يىگىت قىز كوچۇرۇش ئۇچۇن كەلگەندە ئوقۇيلىك دىسەك.يىگىتلىرىمىز ئارلىقتا ئازراق ئىچىملىك ئىچىۋېلىشىدىكەن،شۇنىڭ بىلەن نىكاھ ۋاختىدا قالايمىقان گەپ ـ سوزلەر كورۇلۇپ قالىدىكەن.يەنە بىرى قىزلىرىمىز گىرىم قىلىمەن دەپ بەزەن گىرىم بويۇملىرىنى ئىشلىتىپ قويىدىكەن .بىز بۇ گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ ھالال بولالماسلىغىدىن ئەنسىرەپ نىكاھنىڭ مۇستەھكەم بولىشىنى ئويلۇشۇپ شۇنداق قىلىمىز،ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزەن كىتاپلاردا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەتتىگىنى نىكاھ ئوقۇغانلىغى قەيت قىلىنغان سىڭلىم، ـ دېدى.شەمسىيە ـ

ـ ھاراق ئىچىپ مەس يۇرگەن ئادەمگە نىكاھنىڭ نىمە ئىشى قارىم.نىكاھ دىگەن پاك مۇسۇلمانغا ۋاجىپتۇر.بىزنىڭ بۇ تويدا ھاراق ـ شاراپ يوق.مەنمۇ گىرىم دىگەننى قىلمايمەن.شۇڭلاشقا شاكىرلار كەلگەندە نىكاھ ئوقۇغان بولسىلا،ئاللاھ سىلىدىن ۋە بىزدىن رازى بولماسمىدى،پەيغەمبىرىمىز ئەتتىگەندە نىكاھ ئوقۇغان بولسا ئۇ زاماندا يىگىت نىكاھ ئوقۇغاندىن كېيىن نىكاھىغا ئوتكەن ئايالىدىن ئايرىلىپتىكەنمۇ ؟، ـ دەپ سورىدى.قارىي ـ

ـ ئاللاھنىڭ سىلىدەك ئىسىل پەزىلەتلىك قىز ـ جۇۋانلىرىمىزنى كوپرەك بىرىشىنى تىلەيمەن سىڭلىم.ھەق گەپنى قىلدىلا،بىزمۇ ئامالسىز شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرمىز. سىلىدەك بىر مومىنە سىڭلىمىزغا نىكاھ ئوقۇپ قويالىسام مەنمۇ پەخىرلىنىمەن.ھېلىغىچە ئاللاھقا ئامانەت، ـ دەپ گەپنى كىسىۋەتتى.بىز قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق.يولدا مۇرات ـ ئازراق ئىشىم بار ئىدى.توگىتىۋېتىپلا كىلىمەن، ـ دەپ بىز بىلەن خوشلاشتى.

تويى پاكىزە بولاۋاتاتتى.بىراق ـ نىمە ئۈچۈنكىن مۇرات كەلمەي قويىدى. كوڭلۇم بىر خىل يىرىم.ئۇنىڭغا بىر كېلىشمەسلىك كەلمۇگۇيدى دەپ ئەنسىرەش ئىچىدە قىز كوچۇرۇش ئۇچۇن شەمسىيەلەر چاي بىرىۋاتقان رىستۇرانغا كەلدۇق.كوڭلۇمنى شۇنچە خوشال تۇتاي دىسەممۇ يۇرۇگۇم بىر خىل ئەنسىز سوقاتتى.تويدا بىر ئىش يۇز بىرىدىغاندەك...ھالىتىمنى

تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلاتتىم...

قورىققان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى.قارىي نىكاھ ئۈچۈن تەرەتدۈت قىلىپ توي ئەھلىنى ئەتراپىغا يېغىپ ئازراق ئەمىر-مەرۇپ قىلىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقىنىدا،سورۇنغا ئايگۈل پەيدا بولدى،ئۇ قارىيغا قاراپ-

-قارىم نىكاھ ئوقۇۋەرسىلە،مەن بولسام بۈگۈن خوتۇن ئالماقچى بولغان يىگىتنىڭ چوڭ خوتۇنى بولىمەن،شەرىئەتتە بىر ئەرنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق بولىشىغا يول قويىدىغۇ دەيمەن،ئوقۇۋەرسىلە، -دىمەسمۇ،بېشىمدىن تۇتۇن چىقتى.نەدىن پەيدا بولدى ما شەيتان،سورۇندىكىلەر نىمە بولغىنىنى ئاڭقىرالماي بىر -بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى.مەن-

-يوقال كوزۇمدىن قانجۇق، -دەپ تىل سالدىم.ئەتراپىمدىكى چوڭلار.ئاتا -ئانام،قېيىن ئاتام،قېيىن ئانىلار كوزۇمگە كورۇنمىدى.ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئېتىلدىم،باشقىلار تۇتىۋالدى.ئايگۈل قېچىشتا يوق قولىغا توي خېتىنغۇ دەيمەن بىر نىمىنى ئېلىپ، -

-تىللا شاكىر،ئوبدان تىللىدىڭ.قولۇمدىكى ئىككىمىزنىڭ توي خېتى.بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن ئالغانتۇققۇ.توي كۈنى دادام تۇيۇقسىز كىسەل بولۇپ قېلىپ نىكاھ ئوقۇتالمىغانلا يېرىمىز بار.بولسا ئوبدان بىرنى ئۇرىۋال،ھازىرلا قايسىمىزنىڭ سېنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنىڭ ئىكەنلىگىنى ئايرىپ قويۇش ئۈچۈن قانۇن خادىملىرى كىلىدۇ.شۇلار ئايرىپ بەرسۇن، -دىدى ۋە بىشەملىك بىلەن دادامنىڭ ئالدىغا بېرىپ-

-سىلە گۇۋاھقۇ دادا، -دىدى.قارىسام دادام قارىداپ تۇرغان يېرىدە قېتىپ قاپتۇ.

-نىكاھتىن ئاجرىشىپ بولغان تۇرساق، -ئارانلا شۇنداق دىيەلىدىم.

-قەنى شۇ نىكاھتىن ئاجرىشىش خېتى، -نومۇسسىزنىڭ يۈزى قىزارمايدىكەن.ئۇ دىگەنتەك نىكاھتىن ئاجراشقانلىق ئىسپاتى قولۇمدا يوق.يۇرتتا قالغان ئىدى.ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىسپاتنىمۇ ئايگۈل بىجەرگۈزگەن.دادىم بىجىرىپ قويۇپتۇ دەپ ئەكىلىپ بەرگەن .ئۇنىڭ

راس ـ يالغانلىقىمۇ نامەلۇم.

يەرگە كىرىپ كەتكىلى بولسىچۇ ،ئەتراپتا كۇسۇر ـ كۇسۇر پاراڭلار ئاۋۇپ كەتتى.دىگەندەك خەلق ئىشلار تارمىقىدىكىلەر پەيدا بولدى.توي بۇزۇلدى.ئۇلارنىڭ ئەيتىشىچە شەمسىيە بىلەن ئىككىمىزنىڭ توي خېتى ساختا ئىكەن.راس بولغان تەقدىردىمۇ ئايگۈل بىلەن بولغان توي خېتى راس بولغىنى ئۈچۈن مەن قوش نىكاھلانغانلىق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن بولىدىكەنمەن.ئۆلمۇدۇم باشقا بىرى بولدۇم.تۇيۇقسىز قايسى كۆڭكى كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىكى مەن بىلەن پاراڭلاشقان خادىم ئىككى ساقچى بىلەن كىرىپ كەلدى.ئۇلار ئەتراپقا ئوبدان سەپ ـ سېلىپ گۆل قىسىپ تويلۇق كىيىم كەيگەن مېنى ناھايىتى تېز تونىۋالدى ۋە ئالدىمغا كېلىپ ـ

ـ شاكىر دىگەن سەنمۇ،بىز سېنى ساختا ئىسپات ياسىغان.ساختا توي خېتى بىلەن قوش نىكاھلانغان دىگەن گۇمان بىلەن تۇتتۇپ تۇرىمىز،بۇنىڭغا قول قوي، ـ ئالدىمغا سونۇلغان قاغەزگە قاراپ كۆپپىدە يىقىلدىم.

ھۇشۇمغا كەلگىنىمدە دوختۇردا ئىكەنلىگىمنى بىلدىم.بېشىمدا ئانام يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ.كوزۇمنى ئاچقىنىمنى كورۇپ باغرىغا باستى.يىغلاي دىسەممۇ ياش چىقمىدى.ئانامنىڭ يىغىسى توختايدىغاندەك ئەمەس.دادامنىڭ تويدىكى ھالىتى كوز ئالدىمغا كىلىپ سورىدىم ـ

ـ دادامچۇ ، ـ ئانامنىڭ يادىغا بىر ئىش يەتكەندەك ئورنىدىن تېز تۇردى ۋە ـ

ـ ياخشىمۇ ھۇشىڭغا كەلدىڭ ئوغلۇم،داداڭغا خوش ـ خەۋەر يەتكۈزەي،ئۇمۇ قان بېسىمى ئورلەپ كەتتىمۇ يېتىپ قالدى ئوغلۇم ،ئەمما ئېغىر ئەمەس ئەنسىرمىسەڭمۇ بولىدۇ ، ـ دىدى،سىرتتقا ماڭدى.مەن يەنە سورىدىم ـ

ـ شەمسىيەچۇ ؟ ، ـ ئانام ھودۇقۇپ قالدى،تىزلا ئوزىنى ئوڭشۇۋېلىپ ـ

ـ شەمسىيە قىزىممۇ ساق ـ سالامەت ، ـ دىدىيۇ كوزلىرىدىن مارجاندەك ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى

مەندىن يۈشۈرۈش ئۈچۈن ياتاق سىرتىغا تىز چىقىپ كەتتى.قارىغاندا شەمسىيەنىڭمۇ ھالى خاراپ ئىدى.يېنىمنى ئاقتۇرسام تېلىفۇنۇم يېنىمدا بار ئىكەن.روشەنگۇلگە تىلىفۇن قىلدىم.

ـ ئەسسالام ، ـ روشەنگۇل تىچلىق سورىدى،جاۋاپىنىڭ ئورنىغا ـ

ـ شەمسىيەگە نىمە بولدى ، ـ دەپ سورىدىم.

ـ ئەنسىرىمە ،ھۇشىڭغا كەلگەن بولساڭ ياخشى بوپتۇ مەن ھازىرلا قېشىڭغا كىرىمەن ، ـ دەپ تىلىفۇننى قويۋەتتى.دىگىنىدەك تىزلام كىرىپ كەلدى.

ـ سەن بولساڭمۇ ئادەمنى خاتىرجەم قىلىپ تۇردۇڭ ، ـ روشەنگۇلنىڭ بۇ گېپىدىن شەمسىيەنىڭ ھۇشسىزلىغىنى بىلدىم.

ـ خاتىرجەم بول شاكىر،شەمسىيەمۇ ياخشى بوپ كىتىدۇ.ئەنە ئۇمۇ قېشىڭدىكى ياتاقتا ياتىدۇ ، ـ دەپ ياندىكى ياتاقنى كورسەتتى،ئۇنى كورۇپ كېلىش ئۈچۈن قوپماق بولدۇم .ئەپسۇس پۇت ـ قولۇمدا ماغدۇر يوق.قولۇمدا ئاسما.ئامال بولمىدى.

ـ ياتقىنىمىزغا قانچە ئۇزۇن بولدى ، ـ سورۇدۇم.

ـ بىر سوتكىدىن ئاشتى ، ـ روشەنگۇل سائىتىگە قاراپ قويۇپ جاۋاپ بەردى.مەن ـ

ـ شۇنچە ئۇزۇن ياتتىممۇ ؟ئىشلار قانداق بولۇپ كەتتى ، ـ دەپ سورىدىم.روشەنگۇل ـ

ـ بولدى ،ئوبدان ئەسلىڭگە كىلىۋال.شۇ چاغدا ئاڭلىساڭمۇ كىچىكمەيسەن ، ـ دىدى.مەن ـ

ـ تەقەززا قىلماي دەپ بەرسەڭچۇ ؟ئۇ ئىشلارنى ئۇقماي قانداقمۇ ياخشى بولالايمەن ، ـ دەپ روشەنگۇلگە تەلمۈرىدىم.ئۇ ـ

ـ ئەمسە قىسقىچە دەپ بىرەي،سەن ھۇشسىزلانغاندىن كېيىن شەمسىيەنىڭ دادىسى كېپىلنامە يېزىپ بىرىپ ساقچىلارنى يولغا سالدى.ئۇ ئادەمگىمۇ ئاسان چۈشمىدى.مۇناسىۋەت دائىرىسىدىكىلەرگە دەپ يۈرۈپ ھەل بولدىغۇ دەيمەن.داداڭنىڭ قان بېسىمى يۇقۇرىلىغىنى سەنمۇ بىلىسەن.ھازىر ياخشى بوپ قالدى.شەمسىيەنىمۇ سەن بىلەن بىرگە دوختۇرغا

ئەكەلگەن .ھازىر ئۇخلاۋاتىدۇ ،ـ دىدى.مەن ھېلىقى كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىكى خادىمنىڭ ساقچىلار بىلەن بىرگە پەيدا بولىشىدىن غەيرىلىك ھىس قىلىپ روشەنگۇلدىن سورىدىم ـ

ـ ساقچىلار بىلەن بىرگە كەلگەن ھېلىقى يولداش نىمە دەپ كىلىپتۇ ،ـ روشەنگۇل نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.مەن ـ

ـ سەندىن ئوتۇنگەن بولاي،راس گەپ قىل ،ـ دەپ تۇرىۋالدىم.

ـ مۇرات دىگەن نەرسە ئادەم ئەمەس ئىكەن.ئۇنىڭ بىزگە بەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ساختا ئىكەن،نىمىگە ئۇنداق قىلغانلىقىنى ئۇقۇپ باقاي دىسەم تىلىفۇنى ئېتىك،ئوزىنىڭ قارىسىنىمۇ كورسەتمەيۋاتىدۇ.ساقچىلارمۇ ئىزدەۋاتىدىغۇ دەيمەن، ـ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا روشەنگۇلنىڭ كوزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى.مەن ھەممىنى چۇشەندىم.شەمسىيەنىڭ كىسىلىنىڭ ساق چىققىنىمۇ يالغان .بېشىم قېيىپ كەتتى.تىلىفۇنۇم سايرىدى.تەسلىكتە ئالدىم.

ـ قانداق ئوغلۇم .توي كۇنى توينى بۇزسا قانداق بولىدىكەن.ھا ھا ھا،ـ ئايگۇلنىڭ دادىسى،بىزنىڭ شەھەر باشلىقىنىڭ ئاۋازى ئىدى.تىلىفۇن قولۇمدىن سىرغىپ چۇشتى،بېشىم يانغا ئاستا قىيسايدى...

(دوسلار ھىكايەمنى ئەسلى بوغۇپتەي دىگەن ئىدىم،ئەپسۇس سىلەرنى ئالدۇغۇم كەلمىدى.يازماقمۇ تەسكەن.نۇرغۇن توقۇنىشلارغا ئۇچرايدىغان گەپكەن.شۇڭلاشقا توغرا چۇشىنىڭلار.ھازىر مانا كىچە سائەت 4 تىن ئاشتى.پىكىر تەكلىۋىڭلارنى ئايىماڭلار.بۇگۇن ھەممىنى توگۇتۇپ ئوزۇممۇ بۇ توگمەس ئەسەردىن قۇتۇلاي دىگەن بىراق قەلىمىم پەقەت ئۇنداق يازغىلى ئۇنىمىدى...

قەشقەرگە بارمىسام بولمايدىغان جىددى ئىشىمنىمۇ كىچىكتۇرۇپ يېزىپ باقتىم .ھەي نىمانداق تۇگمەيدىغاندۇ......،ساقلاپ باقاي توگەپمۇ قالار....

داۋامى بار )  غەيرەت

**14**

چوڭلار،شەمسىيە،روشەنگۈللەر دىگۈدەك بېشىمدا قاراپ ئولتۇرۇشۇپتۇ،بېشىم تاشتەك چىڭقىلىپ ئاغرىپ كوزۇمنى بەك تەستە ئاچتىم.زۇۋانىمغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك گەپ قىلالمىدىم.ئۇلارمۇ مېنى باشتا گەپ قىلىسكەن دىدىمۇ ياكى ۋاراڭ-چۇرۇڭدا مېنىڭ كەيپىياتىمنى ئوزگۇرۇپ قالمىسۇن دىدىمۇ گەپ قىلىشماي ماڭا قاراپلا ئولتۇرىشاتتى.قارىسام ھەممىسى جۇدەپ قالغاندەك.بولۇپمۇ شەمسىيەنىڭ كوزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ئۇرۇقلاپ قالغاندەك كورۇنۇپ كوزۇمگە يىغا كەلدى.

ـ ھوشۇڭغا كەلگىنىڭدىن بىز خوش ئوغلۇم.ئىچىڭنى پۇشۇرما،ياراتقان ئىگەم ئاللاھ دىگەن بەندىسىنى خارلىقتا قويمايدۇ.بەلكىم بۇلار ئاللاھنىڭ بىزلەرنى سىنىشىدۇ،ـ ئانام شۇنداق دىگەن بولسىمۇ ماڭا كورسەتمەي دەپ يۇشۇرۇن يىغلىغىنىنى مەندىن يۇشۇرالمىدى.كوزلۇرۇمنى يۇمىۋالدىم.مۇشۇ كوزلەرنىڭ يۇمۇلىشى بىلەن تەڭ ئازاپلىرىم.ئەسلىملىرىم تەڭ يوقالسىكەن ئىلاھىم....

بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۇرماي يوقلاپ كىرگەنلەر،ماڭا قاراۋاتقانلارغا قاراشقىمۇ جۇرئەت قىلالماي ياتقىنىمغا توت كۇن بولغىنىدا ئانامنىڭ يىغلىشى ،شەمسىيەنىڭ ئوتكۇر كوزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بىرەلمەي ،ـ ئانا مېنى كەچۇرۇڭلار،ـ دىگەن گەپنى قىلىپ ئانامنىڭ باغرىغا ئوزۇمنى تاشلاپ راسا يىغلىۋالدىم.يىغامغا ھەممە جۇر بولدى.ئىچىم ئازراق بوشىغاندەك قىلىپ تاماققىمۇ كىرىشىۋالدىم.مېنىڭ بۇ ھالىتىم ھەممىنى خوش ئەتتى.شۇندىلا ئۇلارنىڭ قولى بوشىغاندەك قىلىپ ماڭا بىرلىكتە قاراشتىن بىردىن قاراشقا باشلىدى.بۇگۇن چۇشتە شەمسىيەنىڭ ئويىدىكىلەر ئانام-دادىلارغا ھاردۇق چىيى بىرىمىز دەپ ئېلىپ كىتىشتى.يېنىمدا روشەنگۇل قالدى.ئۇ چىرايىمغا راسا بىر سەپ-سېلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن-

ـ شاكىر تەقدىرنىڭ چاخچىقى بۇنچىلىك قاتتىق بولا دىمەپتىمەن.سىلەرنىڭ پاسپورت ،ئوقۇش ئىشلىرىنى توغرىلاپ قويدۇم،ئازراق ياخشى بولۇۋىلىپ چەتئەلگە شەمسىيە بىلەن چىقىپ كېتىڭلار، ـ دىدى.ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ ئارقىسىدا سىنىڭ ئىشىڭ چاتاق دىگەن مەنا بار ئىدى.مەن ـ

ـ نىمىدىن قاچىمەن روشەنگۈل.قاچقان تەقدىردىمۇ نەگە بارالايمەن.قېچىپ بىر ئۆمۈر سەرگەردان بولسام،ئاتا ـ ئانام نىمە قىلىدۇ.مەن يالغۇز ئوغۇل، ـ دىدىم.كوزلۇرۇمگە ياش كېلىپ باشقا گەپ قىلالمىدىم.كوزلۇرۇمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ سىرتقا قارىدىم.سىرتتا بۇ يىلقى تۇنجى قار چۈشۋاتاتتى...

ـ ۋاھ،ئەجەپ پەيزىغۇ،يىغىۋاتقان قارغا قاراپ كىمنى ئەسلەۋاتقانسەن شاكىر، ـ ھوقۇشنىڭ سايرىشىمۇ بۇنچە سەت ئاڭلانماس،نەدىن كىردى ماۋۇ ناكەس،قولىدا بىر سۇەت گۈل كوتۈرگەن ئايگۈل ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋېتىپ شۇنداق دىدى.غەزەپ كۆچى بەدىنىمگە ماغدۇر بېغىشلاپ ئۇنىڭ كارنىيىدىن ئېلىش ئۈچۈن تۇرۇپ كەتتىم.ئەپسۇس ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىۋاتقان شەھەر باشلىقىنى كورۇپ ئوزۇمگە ھاي بەردىم.ئادەم دىگەن شۇنچە قېلىن بولىدىكەن.ئۇلار بەلكىم مېنىڭ تاماشايىمنى كورۇش ئۈچۈن كەلگەن بولسا كىرەك.

ـ قۇدۇللىرىمىز كورۇنمەيدىغۇ ئوغلۇم، ـ شەھەر باشلىقى "قۇدىلىرىمىز"دىگەن گەپنى خېلى قاملاشتۇرۇپ ئۇرغۇلۇق قىلدى.ئۇنىڭ مېنىڭ كىسىلىمدىن ئەھۋال سورىماي ئويۇمدىكىلەرنى قۇدىلىمىز دەپ ئاتىشى مېنى ئوسال قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلىگەنى كورستەتتى.مەنمۇ بوش كەلمەي ـ

ـ قېيىن ئاتامالار مېھمان قىلىمىز دەپ ئېلىپ كەتكەن، ـ دىدىم.ئايگۈل كولۇپ كىتىپ،

ـ قېيىن ئاتام دىدىڭمۇ شاكىر،بىلىپ قويغىنقى سىنىڭ قانۇنلۇق قېيىن ئاتاڭ ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ، ـ دەپ دادىسىنى كورسەتتى.بۇ چاغدا بىر چەتتە قاراپ تۇرغان روشەنگۈل،

ـ بولدى قىلساڭ بولارمىكى ئايگۈل.بۇ يەرگە كېلىشكە قانداقمۇ يۈزۈڭ چىدىغاندۇ

؟ ، ـ دەپ شەھەر باشلىغىمۇ بىشارەت بەرگەن ئىدى.ئايگۈل ،

ـ روشەنگۈل ،بۇ يەردە ساڭا نىمە بار.بۇ بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىشى.ياتلارنىڭ ئارلىششىغا بولمايدۇ ، ـ دەپ ئازاپ ئىچىدە بۇزۇلغان نىرۋىلىرىمنى قوزغاپ قويدى.غەزىۋىم تۇتتى.ئويۇن كورۇۇش ئۇچۇن پەيت تاللاپ چوڭلارنىڭ يوقلىغىدىن پايدىلانغان مۇنۇ شەھەر باشلىغىنى قىزى بىلەن قوغلىدىم.ئۇلار ئەكىرگەن گۈلنى يۇلۇپ ئىلىپ ،

ـ يوقال ئىپلاس ، ـ دەپ ئايگۈلگە قارىتىپ ئاتتىم.شەھەر باشلىغىنىڭ چىرايى قارىداپ كەتكەن بولۇپ ،ئاران تىنىپ تۇرۇپ ،

ـ شاكىرجان بالام ئۇزىڭىزگە ئازراق ھاي بىرىۋىلىشنى ئۇگۇنىۋىلىڭ.نىكالاپ ئالمىغان بولسىڭىزمۇ قانۇنلۇق ئالغان خوتۇنىڭىز تۇرۇپ باشقىلارنى ئۇستىلەپ ئالغىلىۋاتقان سىز ئىپلاسمۇ ياكى ئوز ئىرىنىڭ باشقىلارغا بۇزۇلىشنى كورۇپ ئوزىنى قوغدىغان قىزىم ئىپلاسمۇ ؟ ، ـ دەپ سورىدى.

ـ ھەر ئىككىلىڭ ئىپلاس ، ـ دىدىم مەن.

ـ بولىدۇ ئەمىسە ،كىمنىڭ ئىپلاسلىغىنى قانۇن ئايرىسۇن ، ـ شەھەر باشلىغى ماڭا قانۇن ئارقىلىق قورقاق سىپلىۋاتاتتى.مەن بولسام ئاللا بۇرۇن كەلمەكچى بولغان مۇدھىش كۈنلەرگە تەييارلىق قىلىپ بولغان ئىدىم.ئوزىنىڭ ھەيۋىسىنى كورستمەن دەپ ئوزى لەت بولغان باشلىق قىزىنىڭ رەسۋالىقىغا خىجىل بولۇشتا يوق پەخىرلەنسە كىرەك.ئەپسۇس ئۇنىڭ رەسۋالىغىدىن مەن جىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن تونۇش بولغانلىغىمدىن نومۇس قىلاتتىم...

* * *

قانۇنى ئاساستا ئوزۇمنى ئاقلاشقا تەسلىك قىلىدىكەن.ئادۇكاتنىڭ ئەيتىشىچە مۇراتنى تاپقان تەقدىردىمۇ ئايگۈل بىلەن ئاجراشقانلىق ئىسپاتى يالغان چىقىدىكەن ئوزۇمنى قوش نىكاھلىق بولغان جاۋاپكارلىغىمدىن قاچۇرالمايدىكەنمەن.شۇڭلاشقا مۇراتنى ئىزلەشنى قويۇپ تۇرۇپ ئاجراشقانلىق ئىسپاتىنىڭ ئىشى بىلەن دادام يۇرتقا بىرىپ كەلدى.ئەپسۇس ئىسپات

قولىمىزدا بولىسىمۇ خەلق ئىشلار ئورنىدىن كوتىگى چىقمىدى.ئۈلارنىڭ ئەيتىشىچە ئايگۈل بىلەن ئىككىمىز ھازىرمۇ قانۇنلۇق ئەر-خوتۇن ئىكەنمىز.ئالدىمىدا ئىككى يول تۇراتتى بىرى ئايگۈل بىلەن يارىشىۋېلىش.پۇرسەت كەلگەندە ئۇنى قويىۋېتىپ ئازاتلىققا چىقىش.يەنە بىرى سوتنىڭ ھوكۇمىنى كۇتۇش.بەلكىم تۇرمە ئازاۋىنى تارتىش بولسا كىرەك.

شۇنداق ئازاپلىق كۈنلەردە بىر خوش خەۋەر كەلدى.شەمسىيەدە ھەقىقەتەن ھېلىقى كىسەل يوق بولۇپ چىقتى.بىچچارە شەمسىيە مېنىڭ ھۇشۇمغا كەلمىگىنىمنى كورۇپ ئوزىنىڭ شۇنچە ئازاۋىنى يېگىپ ماڭا قارىغان ئىكەنتۇق.توي كۇنى ئۇنىڭ بۇ مەخپىيىتى باشقىلارغا ئاشكارىلىنىپ ئۇنىڭ ئازاۋى تېخىمۇ ئاشقان بولسىمۇ ئوزىگە بولغان ئىشەنچى ئوزىنىڭ پاك ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلىغان ئىدى.ئۇ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن چوڭلارنىڭ ھەمرالىغىدا مەخسۇس بەلگۈلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ ئوزىنىڭ كىسلىنى تەكشۇرۇتكەن.تەكشۇرۇش نەتىجىسى ئۇنىڭ پاكلىغىنى ئىسپاتلىغان ئىدى.ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا ئۇنىڭغا بولغان مۇھاببىتىم تېخىمۇ ئاشتى،ئۇنىڭ ئۇچۇن پاكلىغىمنى ساقلاپ تۇرمىدە يېتىشقىمۇ رازى بولدۇم.

ئايگۈل پات-پات تېلىفۇن ئۇرۇپ پىسخىكامغا ھۇجۇم قىلاتتى.ئۇنىڭ دىيىشىچە مەن بىلەن توي قىلسىلام بارلىق ئەيىپلەش ماتىريياللىنى قايتۇرىۋالىدىكەن.ھاتتاكى توينىڭ ئەرتىسى نىكاھدىن ئاجراشسامىمۇ رازى ئىكەن.ئەمما بۇنىڭغا كونمىسەم بارىدىغان جايىم تۇرمە بولىمىش.

ئادۇكاتىم ئوزىنىڭ سوتتا يېڭىشىنىڭ بەكمۇ تەسلىگىنى ئەيتىپ تۇرىۋالدى.ئۇنىڭ ئەيتىشىچە مەن ئايگۈللەرنىڭ تەلىۋىگە كونمىسەم بىر يىل ئەتتىراپىدا تۇرمىگە قامالغۇدەكمەن.بەلكىم بىر يىلدىنمۇ ئۇزۇن بولىشى مۇمكىنمىش.

مېنىڭ ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە كونمەسلىگىم قارشى تەرەپنى جىلە قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر ساقچىلار مېنى ئاۋارە قىلىشقا باشلىدى.كىسلىم ساقايغان ئىكەن مەن تۇتۇپ تۇرۇلىشىم كىرەك

ئىكەن.شەمسىيەنىڭ دادىسىنىڭ يۈزىمۇ چوڭ ئىكەن .ئۇلار قانچە قىلسىمۇ سوت ئېچىلغۇچە بولغان ئارلىقتا مېنى كېپىللىككە ئېلىۋالدى.قارىشىمچە ئايگۈلنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن بۇ باشلىقنىڭ زىدىيىتى بەك كەسكىن بولسا كېرەك.ئۇ مېنى بەزلەپ،

ـ خاتىرجەم بول ئوغلۇم .مەن هايات ئىكەنمەن سېنى باشقىلارغا بۇزەك قىلدۇرمايمەن، ـ دەيتتى.ئۇنىڭ ئەيتىشىچە سوت ئېچىلغان تەقدىردىمۇ مېنىڭ ئىشىمنى توغرىلاپ قويغانىمىش.بۇ گەپلەردىن كوڭلۇم ئازراق خاتىرجەم ئىدى.بىراق ئادۇكاتىمنىڭ ئەيتىشىچە قۇتۇلۇپ كىتىشىم تەسكە توختايمىش.بەزىدە ئانام يىغلاپ تۇرۇپ،

ـ تۇرمىگە كىرىدىغان ئىشىڭ بولسا مېنىمۇ بىرگە ئەكىر،بولمايدىكەن ئايگۈلنى بىر كۈنلۈك خوتۇن قىلساڭ نىمە يامىنى،كىيىن ئاجرىشىپ كەتسەڭ بولىدىغۇ، ـ دەيتتى.بەزىدە تۇرمىگە كىرىشتىن ئوزۇممۇ قورقۇپ قالاتتىم.شەمسىيەنى ئويلىسام ئىرادەم چىڭىپ قالاتتى.....بەلكىم مەن شەمسىيە بىلەن ئايگۈلدىن ئىبارەت ئىككى ئائىلىنىڭ زىدىيەت چەمبىرىگى ئۇتتۇرىسىغا كىرىپ قالغان ئوخشايمەن.هەر ئىككىلام تەرەپ چەمبىرەك ئەپسۇنى ئوقۇپ ئوزى تەرەپكە چاقىرىپ هېچ هالىمنى قويمايتتى.سوت ئېچىلىشقىمۇ بىر كۈن قالدى.كۈتۈپ باقاي ئەتە نىمە ئىش بولىدۇ.....

(دوسلار قەشقەردىن كىچە سائەت نول بىلەن كىلىپ كومپيوتىرىمنى ئاچقىنىمدا سىلەرنىڭ ئىنكاسڭلارنى كورۇپ چارچاپ كەتكەن بولسامۇ ئازراق بىر نەرسە يېزىپ يوللاشقا مەجبۇر بولدۇم.داۋامىنى يېزىۋېرەي دىسەم چارچىغان نىرۋىلىرىم خاتالىق سادىر قىلىدىغاندەكلا قىلىدۇ.بەش يۈز كىلومىتىرغا ماشىنا هەيدەپ كەلگەن مېنى كەچۈرۈڭلار .داۋامىنى ئەتە يازاي.بۇگۈنكى يازغانلىرىم قالايمىقان چىققان بولسا ئەتە تۈزۈتۈشكە نىسىپ بولار ....)

هەيۋەتلىك سوت مەيدانىدا سوتقا قاتنىشىمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم.ئەپسۇس ياندىكى كىچىك زال ئىكەن.كىنولاردا كورگەن سوت مەيدانىدىن ئەسەرمۇ يوق.بۇ هالەت كوڭلۇمگە ئازراق تەسەللى بولدى.چۈنكى جىددىلىك پەسەيدى.

شەمسىيەنىڭ دادىسى ۋە ئايگۈلنىڭ دادىسى سوتقا قاتناشمىدى.شەمسىيە بىلەن روشەنگۈل گۇۋاھچى بولغىنى ئۈچۈن سوت مەيدانىغا كىرگۈزۈلمىدى.جاۋاپكار ئورنىدا مەن ئادۋكاتىم بىلەن قارشى تەرەپتە ئايگۈل ئادۋكاتى بىلەن تۇراتتى.پەستە بولسا ئانام،شەمسىيەنىڭ ئاپىسى ۋە بىر قانچە ئۇرۇق ـ تۇققان،دوس ـ بۇرادەرلەر بولۇپ ئايگۈل تەرەپتىن بىرەسى كورۈنمەيتتى.

سوت باشلانغانلىغىنى سوتچى ئىلان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن سوت تەرتىۋىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى.ئالدى بىلەن ئايگۈلنىڭ ئادۋكاتى ئەرىزنامىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن سوتچىغا تەلىۋىنى ئەيتىپ ئوتتى،

ـ سوتچى ئەپەندىم بۇگۈنكى سوت ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئاددى ھەق ـ تەلەپ ئەنزىسى بولماستىن بەلكىم جىنايى جازا ئولچۈنىشكە لايىق قوش نىكالىق بولۇش،يالغان ئىسپات ياساش دېلوسى.مەن سوتتىن ھازىرچە سوتنى توختۇتۇپ ھازىرقىدەك كېڭەشمە سوت ئېچىشنى جىنايى ئىشلار سوتى ئېچىشقا ئوزگەرتىشنى تەلەپ قىلىمەن.بولمايدىكەن مەن خەلىق قۇرۇلتىيىغا سۇنىمەن،ـ دەپ ئەرىزنامىسىنى سوتچىغا يەتكۈزدى.سوتچى،

ـ ھازىرقى تەلەپنى مەن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەردىن يولىيۇرۇق ئېلىپ جاۋاپ بىرەي،ـ دەپ سوتنى قىسقا مۇددەت توختۇتۇپ چىقىپ كەتتى.ئادۋكاتىمنىڭ ئەيتىشىچە قارشى تەرەپنىڭ تەلىۋى يوللۇق ئىكەن.شەمسىيەنىڭ دادىسى يول مېڭىپ سوتنى مۇشۇنداق ئېچىشقا ئورۇنلاشتۇغان بولۇپ،قارشى تەرەپ نارازىلىق بىلدۇرمىگەن بولسا بىزگە پايدىلىق بولاتتىكەن.ئەپسۇس قارشى تەرەپ مېنىڭ جازالىنىشىمدا چىڭ تۇرسا كېرەك.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سوتچى قايتىپ كىرىپ نارازىلىق ئەرىزىنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى،شۇڭلاشقا سوتنىڭ توختاپ كېيىن باشقىدىن سوت ئېچىلىدىغانلىغىنى ئۇختاردى.ئۇنىڭ ئەيتىشىچە تەپتىش مەھكىمىسى ئەيىپلىگەن ئاساستا سوت ئېچىلغۇدەك.بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانام سوتنى بېشىغا كەيدى.

ـ ئۇزىنى ئالىجاناپ كورسەتسە ئالۋاستىلىقىنى بىلمىگەن بالام.ئىسىل تونىغا ئورۇنىۋالسا يالماۋۇزلىغىنى بىلمىگەن بالام.جىنىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن بالام، ـ ئىچىمدە كۈلگۈم كەلدى.ئانامنىڭ يىغىسىمۇ ئادەمنى كۈلدۈرىدىكەن دىسە.ئايگۈلگە قارىدىم.ئانامنى بېرىپ چېچىدىن ئالمىسۇن دىدىمۇ قېچىپ چىقىپ كىتىۋاتاتتى.تويۇقسىز شەمسىيەلەر سوت مەيدانىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ .

ـ ئالدىراپ قاچمەن دىمە ئايگۈل،ئوزۈڭ ئويۇننى باشلاپ قويدۇڭ.مەن ئويۇنغا پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن كىرىشىپ كەتتىم.مېنى ئويۇندىن تارتىپ چىقىرىمەن دىگۈچى بولما.ئويۇن ئىككىمىز بىرىمىزنىڭ هالاكىتى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.داداڭغا ئەيتىپ قويۇشنى ئۇنتىما،ئاكاڭنىڭ سوتىدا مەنمۇ بار، ـ دىدى.شەمسىيەنىڭ بۇنچە يامانلىششىنى كوروۈپ باقمىغان ئىكەنمەن.ئۇ ئايگۈلگە قورقاق سېلىۋاتاتتى.ئايگۈل شەمسىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تاتىرىپ كەتتى ۋە،

ـ هېلىغۇ ئۇ ئىشلاركەن.ئولسەممۇ سىلەرنى مەخسىدىڭلەرگە يەتكۈزمەي ئولمەن، ـ دەپ شەمسىيەنى ئىتتەرگىنىچە ،چىقىپ كىتىشكە ئورۇندى.شەمسىيە ئورنىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ،

ـ سەنغۇ ئوزۈڭنىڭ ئىت مىجەزى ئۈچۈن هەممىنى قۇربان قىلىشقا رازىسەن.ئەمما داداڭدىن سوراپ باق.سوتقا چىقىشقا پېتىنالامدىكەن.مەن گۇۋاهچى بولۇش سالاهيىتىم بىلەن بىلگەنلىرىمنى سوتتا ئەيتىش هوقۇقۇم بار.بۇگۇن سوتنى بۇزۇپ ئوزۈڭنىڭ يۈزىنى ساقلاپ قالدىڭ،ئەپسۇس كېيىنكى سوتتا يۈز كىرەك بولمايدىغان ئوزۈڭگە يۈز ـ ئابروينى دەپ باللىرىنى ساتالايدىغان داداڭنى بىرگە ئېلىپ كىلەرسەن، ـ دىدى ۋە ئايگۈلنى ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ دىگەندەك يول بىكارلىدى.ئايگۈل تۈنجى قېتىم قورىققاندەك قىلاتتى.ئۇنىڭ مىجەزىچە بولدى قىلىش دىگەننى ،يول قويۇش دىگەننى بىلمەيتتى.شەمسىيە يول بەرگىنىدىن كېيىن بېشىنى يوگىگىنىچە سوت زالىدىن يۈگرۈپ چىقىپ كەتتى.

شەمسىيەگە بولغان قىزىقىشىم ئاشتى.ئۇنىڭ ئايگۈلنى قورقاتقۇدەك بىلىدىغان ئىشلىرى

نىمدۇ ؟

* * *

شەمسىيەنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدۇق.ئۇنىڭ دادىسى ئۆيىدە ساقلاپ تۇرغان ئىكەن.سوتتىا بولغان ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە شەمسىيەگە قاراپ،

ـ قىزىم ئۆزۈڭنى تۇتىۋال،باشقىلارنىڭ ئەيىۋېنى ئېچىش ياخشى ئىش ئەمەس.ئۆزۈڭگىمۇ سەت بولىدۇ.چۈشەنمىگەنلەر سىنىمۇ خاتا چۈشىنىدۇ.ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بەر.ئۆزۈم ھەل قىلىمەن، ـ دەپ ماڭا بۇرۇلدى ۋە،

ـ ئوغلۇم سەۋىر قىلغىن،ئىشلىرىڭنى چوقۇم ئوڭشايمەن.سوتنىڭ بوزىلغىنىمۇ بىر ھساپتا ياخشى بولۇپتۇ.بەلكىم مۇشۇ جەرياندا بىرە ئىسپات تېپىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، ـ دەپ تۇراتتى ئۆيگە ئىككى ساقچى كىرىپ كەلدى.بەرىمىز قاراپلا تۇرۇپ قىلىپتۇق.ئۇلاردىن بىرى،

ـ شاكىر دىگىننىڭلار قايسىڭلار، ـ دەپ سورىدى.

ـ مەن، ـ دىدىم ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتتۇم.

ـ قانۇن بويىچە سىنى تۇتۇپ تۇرىمىز،مانا بۇ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قولغا ئېلىش تەستىغى.قول قوي، ـ سونۇلغان قەغەزنى تەسلىكتە ئالدىم.تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن قول قويدۇم.ئۆيدىن يىغا ئاۋازى كوتۈرۈلدى.

* * *

قىشتىكى سوغۇقنى كورىمەن دەيدىكەنسەن تۇتۇپ تورۇش ئورنىغا كىرسەڭ بولىدىكەن.جاننى ئالغۇدەك سوغۇق پۇتۇن بەدىنىمنى ئورىۋالدى.ھازىر دىگەن 10 ـ ئاي.1 ـ ئاي كىرسە قانداق بولىدىغاندۇ.سوغۇقنىڭ دەستىدىن ئوزۇمنىڭ ھالىنى ئويلاشقىمۇ چولام يوق.مەندەك جەنۇپتا ئىسسىق ئويدە ئاززۇلۇق چوڭ بولغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي.بۇ جەرياندا بىر قانچە قېتىم سوراققا ئەچىقىلدىم.قارىسام ساقچىلارنىڭ مەخسىدى قوش نىكالانغانلىقىمنى ئىسپاتلاش بولسا كىرەك.ئۇلار سورايتتى، ـ نىمە دەپ ئايگۇل بىلەن ئاجراشماي تۇرۇپ

شەمسىيە بىلەن توي قىلدىڭ،سىنىڭ ئايگۈل بىلەن ئاجراشمىغانلىقىڭنى شەمسىيە بىلەمدۇ ، ـ دىگەندەك گەپلەرنى.مەن ، ـ ئايگۈل بىلەن ئاجراشقان ،ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئايگۈل ئۆزى بىجىرىپتىكەن، ـ دەيتتىم.ساقچىلارنىڭ ئەيتىشىچە ئايگۈل ئاجرىشىش رەسمىيىتى بىجىرمەپتۇدەك.مىنىڭ ئاجرىشىش تەلىۋىنى قويىغۇنۇمىۇ يالغانمىش.ئاجراشماقچى بولغان ئادەم نىمە ئۈچۈن بىرگە بېرىپ رەسمىيەت بىجىرمىگەن دىگەندەك گەپلەر بىلەن ئەرىز قىلىپتۇدەك.بۇنىڭغا گۇۋاھچى بولۇپ شەھەر باشلىقىمۇ ئىسپات يېزىپ بەرگەنمىش.شۇڭلاشقا جىنايىتىمنى يىنىكلىتىش ئۈچۈن ئىقرار قىلىشىم كىرەككەن.چۈنكى جىنايىتىمنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى تولۇق.ئاجرىشىش خېتىنى مىنىڭ يالغاندىن ياسىغانلىقىم،يالغاندىن دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈش ئىسپاتىنى ياسىغانلىقىم.يالغان توي خېتى بىلەن قوش نىكاھلىق بولماقچى بولغانلىقىم.ئىشقىلىپ جىنايىتىم كوپ ئىكەن.كىيىنچە سوراقتا گەپ قىلماي ئولتۇرىۋالدىم.ئۇلارنىڭ سوئالىغا ئادۇكاتىم جاۋاپ بەرسۇن دەپ سۈكۈت قىلدىم.كۈنلەر ئوتمەكتە.ساقچىلار ئىسپات ئىېلىشنى توختاتمىدى.بىراق سوراق جاۋاپسىز....

دۈگدۈيۈپ سوغۇقتىن ساقلىنىۋاتقان بىر كۈنى مەن ياتقان كامىرغا بىرى ئەكىرىلدى.ئۇنىڭ تەلەتى شۇنچە قورقۇنۇشلۇق بولۇپ ئېھتىمال جاھان كەزدىلەردىن بولسا كىرەك.تەلەتىدىن ياخشى ئادەم ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى.ئۇ ياتاققا كىرىپ ياتاقتىكىلەرگە ئۇبدان بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن،مىنىڭ ئالدىمغا كىلىپ،

ـ شاكىر دىگەن سەنغۇ دەيمەن، ـ دەپ سورىدى.مەن،

ـ شۇنداق.بىرە ئىشىڭ بارمىتتى، ـ دەپ سورىدىم.ئۇ،

ـ ئىشىم بار.ئىشىم بولمىسا مەن بۇ يەردە بولمايتتىم،كىچىچە بىلىپ قالىسەن، ـ دەپ جاۋاپمۇ كۈتمەي ئۆز ئورنىغا چۈمكەلدى.كوڭلۈمنى ئازراق قورقۇنۇچ باستى.

كىچە،سوغۇقتىن ئۈخلىيالماي ئۆيان ـ بۇيان ئورىلىپ ياتاتتىم.بىرى كاسامغا قاتتىق بىرنى تەپتى.چوچۇپ قوپۇپ كىتىپتىمەن.قارىسام يېڭى كىرگەن جىنايەتچىكەن.

ـ نىمە قىلىۋاتىسەن، ـ ئۈنىڭغا گولەيدىم.

ـ نىمە قىلاتتىم. پۇل ئۈچۈن سېنىڭ جاجاڭنى بىرىۋاتىمەن، ـ يۈزۈمگە تەككەن مۇشنىڭ تەسىرىدىن ئۈچۈپ چۈشتۈم. كەينى ـ كەينىدىن تېپىك مۇشلارغا كومۇلۈپ كەتتىم. يۈز ـ كوزۈمدىن قان قۇيۇلۇشقا باشلىدى. تىنىم ئاجىز بولغاچقا ھۇشسىزلانغىنىمنى بىلمەي قېلىپتىمەن.

*　　　*　　　*

تاياق يەپ خوش بولغاننى كورگەنمۇ ؟. مانا مەن تاياق يەپ خوش بولدۇم. سوغۇقتىن قۇتۇلدۇم. كېپىللىك بىلەن دوختۇرغا كورىنىشكە قايتۇرۇلدۇم. ئوزۈم كورۈشنى ئىزلىگەن شەمسىيە، ئانام ـ دادام، روشەنگۇل ۋە باشقىلار بىلەن كورۈشتۈم. تاياقتىن بىر قانچە يېرىم يېرىلغان بولسىمۇ بۇ يېرىلغان جايلار ساقايمىسا شۇنچە خوشمەن.

كۈنلەرنىڭ ئوتىشى بىلەن ئانامنىڭ يىغىسى، شەمسىيەنىڭ يۈشۈرۈن يىغىسى، باشقىلارنىڭ تەسەللىسى مېنى ھارغۈزىۋەتتى. ھەددىدىن ئۈشۈق كويۈنىشمۇ ئەكىس تەسىر بېرىدىكەن. تۈرمىدىكى ئازاپتىن قۇتۇلغان بولسامۇ ئۇلارنىڭ ماڭا قاراپ ئازاپلىنىشى مېنى ئازاپلاپ دوختۇرغا دەسلەپ كىرگەن چېغىمدىكى خوشلۇقنى يوق قىلدى. يەنە خىيالچان بولۇپ قالدىم. ھالەت ئوزگۈرىشى شەمسىيەنىڭ سىزىۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپتۇ. ئۇ بىر كۈنى،

ـ شاكىر چۈشكۈنلىشىپ كىتىۋاتامسەن. ئوزۈڭنى تۇتىۋال. سېنىڭ ئازاۋىڭ مېنىڭ ئازاۋىم. سەن بىلمەكچى بولغان نۇرغۇن سىرلار بار. بۇ سىرلارنى ساڭا ئەيتىشقا شۇنچە ئالدىرىسامۇ ئەيتىشقا ئامالسىزمەن. بۇنى ساڭا دىدىممۇ بۇ ئىشلار سىر بولماي قالىدۇدە ـ شەھەر باشلىغىغا سالىدىغان بېسىمىم يوقايدۇ. ئۇلار ئۇ چاغدا ساڭا قارا قولىنى سالغىنى سالغان. شۇڭلاشقا توي كۈنىگىچە سەۋر قىل. مېنىڭ مۇشۇ تەھدىدىم بولىدىكەن. ئۇلار ساڭا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. سوتتىن ئەرىزنى قايتۇرىۋېلىشقا مەجبۇردۇر، ـ دىدى. مەن ئۇنىسىز ئاڭلاپ بوي سۇندۇم.

پات ـ پات ساقچىلار دوختۇرخانىغا كېلىپ ئىسپات ئالاتتى.ئۇلارنىڭ ئەيتىشىچە مېنى ئۇرغان ھېلىقى گۇي بىرە نەرسە ئىقرار قىلماپتۇ.مېنىڭ ئالدىمدا پۇل ئۇچۇن دىگەن بولسا ساقچىلارغا تونۇپ كېتىپ ئىسمىنى ئۇچۇن چېنىقتىم دىگۇدەك.تووۋە، تونۇلاپ كەتسە ئادەم ئۇرۇپ ئىسسىنىدىغان ئىشنى ئاڭلىماپتىكەنمەن.ئۇ پۇل ئېلىپ مېنى ئۇرۇش ئۇچۇن تۇرمىگە كىرگەن تەقدىردىمۇ،مېنىڭچە ئايگۇل ياكى دادىسى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ.ئۇنىڭ ئىقرارىنىڭ مېنىڭ ئەنزەمگە پايدىسى تەكمىكى تەس.شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭغا قىزىقماس بولدۇم.

ئانام ئارلىقتا ئايگۇلنى ئىزلەپ بېرىپ مېنى قويىۋېتىشنى ئوتتۇنگەن چېغى.ئايگۇل يىغلاپ ئوزىنى ئاقلاپتۇدەك.ئۇنىڭ دىيىشىچە مېنى بەكلام ياخشى كورگەچكە شۇنداق قىلغانمىش.پۇتۇن ئەس ـ يادى مېنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قېلىشمىش.مەن بىلەن توي قىلالىسسلام خىزمىتىدىن ئىستىپا بىرىپ ئانام ـ دادىلارنىڭ خىزمىتىدە بولارمىش.ئانام ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىرىپ كىتىپتۇ.ئۇ ياش توكۇپ تۇرۇپ ماڭا،

ـ جىنىم پارەم .سېنىڭ بۇنچە ئازاپ تارتىشىڭغا چىدىمىدىم.ئايگۇل بىلەن كورۇشتۇم، ـ دىيىشىگە،

ـ ئانا مەيدانىڭ بارمۇ سېنىڭ.ئوغلۇڭنىڭ شۇنچە ئازاپ چىكىشىگە سەۋەپچى بولغان ئاشۇ ناكەس بىلەن نىمە دەپ كورىشسەن، ـ دىدىم.ئانام

ـ مەن چىدىمىدىم بالام.ئايگۇلمۇ بىر مۇھاببەت قۇربانى.ياخشى كورۇش ئادەمنى شەخسىيەتچى قىلىپ قويىدۇ.ئۇنىمۇ كەچۈرىۋەتسەڭ نىم بولار. توي قىلىپ بولۇپ يېنىشۋالساڭ بولىدىغۇ،بىر قېتىم نىكالانغان دەپ يۈزۈڭ توكۇلگىلى سەن يا بىر قىز بالا بولمىساڭ، ـ دەپ ئوزىنى ماڭا ئېتىپ يىغلاپ كەتتى،نىمۇمۇ دىيەلەيمەن.ئۇ بىر ئانىغۇ ،ئوز يۈرەك باغرىنىڭ ئازاۋىغا قانداقمۇ چىدىسۇن.ئۇنى توغرا چۈشەندىم.

*　　　　　　　　　*　　　　　　　　　*

تۈرمىدىن چىقىپ ئەتىسىلا روشەنگۈل يوقاپ كەتتى.ئۇنىڭ نەلەرگە كەتكىنىنى شەمسىيەمۇ بىلمەيدىكەن.شەمسىيەنىڭ ئەيتىشىچە ،ئۇ ـ مېنى قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى ئىزلەپ كىتىپ قالغانمىش.يارام ساقىيىپ قېلىۋاتاتتى.ئەگەرچەندە يەنە يېڭى ئىسپات تاپالمىساق مېنى يەنە ئەكىرىپ كىتىمىش.كۈتۈش باشلاندى.ئۆزۈمنىڭ نەگە بېرىپ نەلەردە توختايدىغىنىمنى بىلمەي كۈتۈشكە مەجبۇر بولماقتا ئىدىم،تۇيۇقسىز بىر كۈنى روشەنگۈلدىن تىلىفۇن كىلىپ قالدى.

(داۋامى ئەتە كەچ يوللىنىدۇ.)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ـ بارمۇيا سەن جىن،ئادەمنى تولا تەقەززا قىلما، ـ سالام سائەتتىن كېيىن ئۇنى سېغىنغىنىمنى شۇنداقلا ئىپادىلىدىم.

ـ يەنە بىر تىلىلغىنە، ـ روشەنگۈل ئەركىلىدى.

ـ بولدى قىلە،نەگە يوقالدىڭ، ـ ئۇنىڭ جاۋابىغا تەقەززا ئىدىم.

ـ يوقالمىدىم.ئۆزلىرى ئۈچۈن،ۋىسالىغا يېتەلمەيدىغان سويگۈ ئۈچۈن سەرسانلىقتا گوھەر تاپتىم، ـ روشەنگۈلنىڭ سويگۈ توغرىلىق گەپلەرنى قىلغىنىدا يۈرىگىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشتى.ئەپسۇس ئېچىشقان يۈرەكنى بىرگىلەم بەرگىلى بولاتتى.ئىككىنجى بىرى سىغمايتتى.

ـ رەخمەت.نەتىجىنىلا دىگىن، ـ دىدىم.

ـ بولىدۇ غوجام.نەتىجىنى دەي.تۈرمىگە چۈشمەيدىغان بولدۇڭ، ـ سوزىنىڭ داۋامىغا تەقەززا بولۇپ ساقلىدىم.سادا يوق.يەنە سورىدىم،

ـ ئادەمنى تولا ساراڭ تاپماي،نىمە قىلغانلىغىڭنى ئەيتە.

ـ ھى ھى ھى قانداق. تەقەززا قىلسا قانداق بولىدىكەن.مەن ھازىر چەتئەلدەت.مۇرات

بىلەن بىرگە تۇرۇپ تېلىفۇن قىلىۋاتىمەن.ئىشلىرىڭنى پۈتتى دىسەكمۇ بولىدۇ.ھازىرقى مۇھىم مەسىلە يۇرتقا بىر بېرىشقا توغرا كىلىدۇ، ـ روشەنگۈل جىددى بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇيدىغان ئوخشايدۇ،يەنە قوشۇپ،

ـ بۇ بەك مۇھىم ئىش،چوقۇم تىز بولمىساق بولمايدۇ، ـ دىدى.

ـ بولىدۇ .مەن باراي دىسەم نازارەت ئاستىدا تۇرىۋاتىمەن.دادام بارسا قانداق، ـ دىدىم.

ـ بولمايدۇ،داداڭنى يۇرتتىكىلەرنىڭ بەرى تونيدۇ.باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قويىدۇ.شەمسىيەنى ئەۋەرتسەڭ بولارمىكى،ئۇنىڭ يۇرتتا تۇرغان ۋاختى قىسقا،تونيدىغانلارمۇ ئاز، ـ روشەنگۈل شەمسىيەنىڭ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئىكەن بوي سۇنماق ماڭا ئەۋزەل.

ـ بولىدۇ.بىرىپ نىمە قىلىدۇ، ـ دىدىم.

ـ مەخپى بارسۇن.بىرىپ مۇراتنىڭ ئانىسى بىلەن كورۇشۇپ مۇرات ساقلاشقا بىرىپ قويغان ئامانەتنى قايتۇرۇپ ئەكەلسە بولىدۇ،مۇرات ئانىسىغا تىلىفۇندا ئەيتىپ قويىدى ،بەك دىققەت قىلسۇن.ئايگۇللەردىن ئېھتىيات قىلغىنى ياخشى.تىلىفۇندا كوپ گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق.شەمسىيە يۇرتتىن قايتىپ بولغىچە مەنمۇ يىنىڭدا ئۇنۇپ بولىمەن،خوش ئاللاغا ئامانەت.

ـ ۋەي تىلىفۇننى قويىۋەتمە، ـ نىمە ئىشلىغىنى سوراي دىسەم ئۇ تىلىفۇننى قويىۋەتتى.ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ ئايگۇللەرنىڭ قۇيرىغىدىن تۇتىۋالىدىغان بىرە ئىسپات تاپقاندەك قىلاتتى.ئىشلارنىڭ جىددىلىگىنى كوزدە تۇتۇپ شەمسىيەنى بۈگۈن كەچكى ئايرودپىلان بىلەن يۇرتقا يولغا سالدىم.بىراق شەمسىيەنىڭ بىخەتەرلىگىدىن ئەنسىرەپ كىچىچە تونەپ چىقتىم.ئەتىسى ئەتتىگەن شەمسىيەدىن تىلىفۇن كەلدى.

ـ ئەسسالام.

ـ ۋەئەلەيكوم ئەسسالام.ساق ـ سالامەتتۇرسەن، ـ ئەنسىرگىنىمنى ئۇدۇللۇق دىدىم.

ـ ۋاي ساق.خاتىرجەم بول.ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئالدىم.چۈشتىن كىيىنكىچە يىتىپ

بارىمەن، ـ شەمسىيە ساق تۇرسىلا مەن خاتىرجەم ئىدىم.

ـ بولىدۇ ئۇنداقتا، ئۇزۇڭنى كوپ ئاسرا، سېنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ـ شۇنداق دىدىمىۇ كوزلىرىمدىن ياش تامچىلىدى.

ـ يىغلاۋاتامسەن شاكىر، بولدى ئۇنداق قىلما، ئىشلار چوقۇم ئوڭشۇلۇپ كىتىدۇ، ـ شەمسىيەنىڭ يۈرىگى يىغامنى سەزگەن ئىدى. كوزلىرىمدىن ئاققان ياش ئۇنىڭ يۈرىگىگە تامچىلاپتۇ. بەلكىم ئۇمۇ يىغلاۋاتقان بوسا كىرەك.

ـ سېنىمۇ ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ئۇزۇڭنى ئاسرا، ھېلى كورىشەيلى، ـ تىلىفۇن قويىۋېتىلدى. كوزلىرىمدە ياش توختايدىغاندەك ئەمەس. ئانام يىغلاۋاتقانلىقىمنى كورۇپ شەمسىيەدىن ئەنسىرگەن چېغى،

ـ ئوغلۇم ئادەمنى ئەنسىرەتمەي دىگىنە شەمسىيەگە بىر ئىش بولمىغاندۇ، ـ دەپ سورىدى.

ـ ياق ئانا .ئۇ ساق ـ سالامەتكەن، سىلەرنى بۇنچە ئاۋارە قىلغىنىمدىن كوڭلۇم بۇزۇلۇپ يىغلىۋىغىم كەلدى، ـ ياشلىرىمنى سۈرتۈش ئۈچۈن قول ئۇزاتقان ئانامنىڭ باغرىغا ئوزۇمنى ئاتتىم. ئىللىق بىر ماكان ياشلىرىمنى ئوزىگە سىڭدۈرۈپ كەتمەكتە. مەن ئۈچۈن ئىزتىراپ چىكىۋاتقان ئانام، دادام، شەمسىيە، روشەنگۈل، شەمسىيەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كوڭۈل ئىكرانىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئوتمەكتە. . . .

*　　　*　　　*

شەمسىيە بىلەن روشەنگۈلنى بىرگە كىلىدۇ دەپ خىيال قىلمىغان ئىكەنمەن. ئىككىسىنىڭ ئىشىكتىن بىرگە كىرىۋاتقانلىقىنى كورۇپ كوزلىرىمگە ئىشەنمەيلام قالدىم. كوزلىرىمنى ئۇۋلاپ باقتىم راسلا ئۇ ئىككىسى ئالدىمدا قاراپ تۇراتتى.

ـ ئاللا ئاللا ئادەمنى بۇنچە خوش ئەتىشنى نەدىن ئوگەنگەنسىلەر، ـ سالام سائەتنى ئۇنتۇدۇم.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مېھمان بىلەن مۇنداق كورىشىدۇ، ـ ئىككىسى تەڭلام سالام قىلدى.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ـ تەقەززالىقتا ئۈنتىغان سالامنى قايتۇردۇم.ۋە،

ـ نەلەردە تېپىشىپ قالغانسىلە،ئادەمنى زەپمۇ خوش قىلدىڭلارغۇ، ـ  دىدىم.

ـ دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازا ئالدىدا ئىككىمىز تەڭلا تاكسىدىن چۈشۈپتۇق.بىر ئايدىرومدىن ئىككى تاكسى بىلەن كىرىپتۇق دىسە، ـ شەمسىيە شۇنداق دىگەن ئىدى  روشەنگۈل ئۇلاپلا ،

ـ شۇنى دىسە،مەن خەلىقارا ئايرىپورت،شەمسىيە دولەت ئىچى بولمىغان بولسا ئايدىرومدىلا ئۇچراشقان بولاتتىكەنمىز، ـ دىدى.

ـ ئاللاغا شۈكرى ئىككىڭلارنى كورۇپ بەك خۇرسەن بولدۇم.سەن روشەنگۈل ئالدى بىلەن دىگىنە .نىمە خوش ـ خەۋىرىڭ بار ، ـ دىدىم.

ـ ئالدى بىلەن ئى يەل ـ يىمشىلىرىڭدىن ئالە ئازراق يەۋالاي.يۈرتۈمنىڭ بۇ يىمشىلىرىنى ھېچ نىمگە تەڭ قىلمايمەن دىسە، ـ روشەنگۈل ئادەمنى تەقەززا قىلىشنى نەدىن ئوگەنگەندۇ،چىنىگەن يامانمۇ؟، سالغانمۇ؟ دىگەندەك ئىش قىلىۋاتاتتى.

ـ يەپ ئۇلگۈرسەن جانىم،بۇ نەرسىلەر بىر يەرگە قېچىپ كەتمەتتى.بىر دىگىنە.زادى نىمە ئىشلارنى قىلىپ كەلدىڭ، ـ دىدىم.

ـ جانىم دەپ شەمسىيەنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندۇرۇپ قويما كىشىنى.شەمسىيەنىڭ يۈرىگى پارتلاپ كەتمىسۇن ھېلى، ـ روشەنگۈل چېقىشىپ شەمسىيەنىڭ بېقىنىنى قىچىقلاپ قويدى.شەمسىيە كۈلۈپ كىتىپ،

ـ نىمگە ئاچچىغىم كىلەتتى،بۇ بىر يىغلاڭغۇ تۇرسا.قولىدىن نىمە كىلىدۇ.بولمىسا ئىككىمىزنى بىرگە ئەمرىگە ئېلىۋالغان بولماسمىدى، ـ دىدى.ئۇنىڭ چاقچىقىغا ھەيران قالدىم.بەلكىم كوڭلۇمنى خوش ئىتىشنى ئىزلەۋاتقان بولسا كىرەك.

ـ شەمسىيە ئەكەلگەن نەرسەڭنى چىقار، ـ روشەنگۈل ئەسلى مەخسەتكە يوتكەلدى.شەمسىيە سومكىسىدىن تېلىفۇنغا چۈشىدىغان ئۈزەكتىن بىرنى چىقىرىپ،

ـ مانا مۇشۇنى بەردى، ـ دەپ روشەنگۈلگە سۇندى.روشەنگۈل ئوزەكنى قولىغا ئېلىپ،

ـ مانا مۇشۇ بولسا مۇراتنىڭ شەھەر باشلىغىنىڭ قىستىشى بىلەن سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ ، ـ دەپ ئۆزەكنى ئۈز تىلىفۇنىغا سالدى.تېلىفۇندىن ئىككى كىشىنىڭ سۆزلەشكەنلىك ئاۋازى ياندى.

ـ قانداق مۇراتجان،تۈرمىدە ياتقۇڭلار يوقتۇ، ـ تەھدىد سۆزى قىلىۋاتقىنى شەھەر باشلىقىنىڭ ئاۋازىدەك قىلاتتى.

ـ مېنى قۇتقۇزىۋالسىلا ،بىر ئۆمۈر سىلىنىڭ ئات ـ ئىشەكلىرى بولىشقا رازىمەن، ـ بۇ مۇراتنىڭ سۆزىدەك قىلاتتى.

ـ ئات ئىشەك ئورنىدا ئىشلىمىسەڭلىمۇ بولار، بىراق مەن دىگەن ئىشلارنى چوقۇم قىلمىساڭلار بولمايدۇ.ئۆتتۈرىۋەتكەن پۇللىرىڭلارنى مەن تولۇۋەتەي.ج خ ئورنىدىكىلەرگە دەپ قىلمىشىڭلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم.ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئىش پۈتكەندە چەتئەلگە چىقىپ كېتىڭلار،پاسپورتىڭلارنى،چەتئەلدە خەجلەيدىغان پۇللىرىڭلارنى تەقلەپ قويدۇم،خاتىرجەم ئوقۇپ كىرىڭلار، ـ روشەنگۈل ئاۋازنى ئۆچەردى.

ـ مانا بۇلار شەھەر باشلىغى بىلەن مۇراتنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرىنىڭ بىر قىسمى.بۇ ئاۋازلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئىپلاسلىغىنى ئىسپاتلاشنىڭ دەلىلى ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ مۇراتنىڭ چەتئەلدىن كىرگىلى ئۇنىمغىنى يامان بولدى.ئۇ شەھەر باشلىغىدىن بەك قورقىدىكەن.ئۇنىڭ ئەيتىشىچە ئۇ قىمارغا كونۇپ قېلىپ ئومۇمنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى ئۇتتۇرىۋاتقان چېغى.دوختۇردا ئومۇمنىڭ پۇلى نىمە قىلىدۇ دەپ ھەيران قالماڭلار،ئۇلارنىڭ دوختۇرخانىسى شوبە دوختۇرخانا ئېچىپ مۇرات مەسئۇل بولۇپ ئىككى ئاي تۇرغان ئىكەن .شۇ جەرياندا ئۇتتۇرۇپتۇ.شوبىدە چۇشكەن پۇلنى چوڭ دوختۇرخانا مالىيەسىگە تاپشۇرغىچە قىسمەن پۇلنى ئايرىۋېلىپ ئويناپتۇ.ئويىنغانسىرى ئۇتتۇرۇپتۇ.ئۇتتۇرغانسىرى ئويناپتۇ.دورىلارنى ئامباردىن ئۇتتۇرلۇق ئەكەلگەچكە بۇ ئىش بايقالغاندا نۇرغۇن دورا پۇلى كام.مۇراتتا تولىگۇدەك ئىقتىدار بولمىغاچقا قانۇن ئورۇنلىرىغا مەلۇم قىلىنىپتۇ.بايا ئاڭلىغىنىڭلىدەك باشلىق پۇلنى تولىۋېتىپ

مۇراتنى سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىكەن.مۇرات نىمنى ئويلىدى بىلمەيدىكەن .باشلىق بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى تىلفۇنغا كىرگۈزىۋېلىپ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بىرىپتۇ.زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قالسام ئەسقاتا دىگەن ئىدىم دەيدۇ ، ـ روشەنگۈل شۇنچىلىك دىدى.مەن ،

ـ مۇراتنى قانداق تېپىپ،بۇ گەپلەرنى قانداق دىگۈزدۈڭ ، ـ دەپ سورىدىم.

ـ تۈيىقسىز مۇرات ئۆزى تىلفۇن قىلىپ قالدى.ئۇ قىلغانلىرىدىن كوپ پۇشايمان قىلىپتۇ.سىلەرنىڭ ئىشلارنى بىلمەكچى ئىكەن.راسا تىللىدىم.ئۇ تىلفۇننى قويىۋەتتى.تىلفۇن قىلغان ئورۇننى سۈرۈشتە قىلسام.مەلۇم دولەت بولۇپ چىقتى.شۇنىڭ بىلەن دادامنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ سودا شىركىلىرى ئارقىلىق ئورنىنى ئىنىقلاپ ئىزلەپ باردىم.باشتا ئەيتقىلى ئۇنىمدى.كېيىن ئەركىلەپ ،قورقۇتۇپ دىگەندەك ئېغىزىدىن گەپ ئالدىم ، ـ روشەنگۈلگە مەسلىگۇم كېلىپ ،

ـ قانداق ئەركىلەپ،قانداق قورقۇتتۇڭ ، ـ دەپ سورىدىم.

ـ قانداق بولاتتى،ئىزلەپ بارغىنىمدا دادامنىڭ تونىشلىرىدىن بىر قانچىنى ئېلىۋالدىم .ئۇلارنىڭ كاتتىلىغىنى،نوچىلىغىنى مۇراتقا كورسۇتۇپ قويدۇم.گېپىمگە كىرمىسە بۇ دولەتتە تۇرىشىنىڭ تەسلىگىنى بىلسۇن دىدىم.ئەركىلەشكە كەلسەڭ قانداق بولاتتى.بەزىدە ساڭا ئەركىلىگەندەك.خۇددى مۇراتنى ياخشى كورۇپ قالغاندەك ئوزۇمنى كورسەتتىم شۇ ، ـ ئەپسۇس بۇ قىز رازۋېتچىك بولاپ قالماپتۇ،بولمىسا ئىش باركەنتۇق.

ـ مۇنۇ تىلفۇنغا ئېلىنغان نەرسىلەر بىلەن شەھەر باشلىغىنى يىقىتقىلى بولارمۇ ، ـ خاتىرجەم بولالماي سورىدىم.

ـ بۇنىڭدا ئىسپاتلاش تەس.مۇرات ئىسپاتمۇ يېزىپ بەردى.ئۇ ئىسپاتلاردىمۇ تەس.ئەمما شەھەر باشلىغىنىڭ يىقىلاي دەپ قالغان پور كوتەكلىگىنى سىلەر بىلمەيسىلەر.دادام نۇرغۇن ئىسپاتلارنى كورسەتتى.دادامنىڭ ئەيتىشىچە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش

ئورنىدىكىلەر بۇ باشلىقنىڭ پارىخورلۇق،ئىستىلىنىڭ بۇزىلىش قاتارلىق ئىشلىرىنى ئىنىقلاپ بولاپتۇدەك،دادام قولىدىكى ئىسپاتلارنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بىرىپتۇ.بۇگۈن ـ ئەتە ئىچىدە ئۇنىڭ يىقىلغانلىقىنى كورگىلى بولىدىكەن.مۇشۇنداق چاغدا قولىمىزدىكى ئىسپاتنى يۇقۇرىغا تاپشۇرساق قانداق بولار، ـ روشەنگۈلنىڭ گىپىدىن قەلبىم يورۇپ كەتتى.ھەر نىمە بولسا شۇ سوغۇق كامىرغا كىرمەسلىكىم مۇمكىن . . .

ـ روشەنگۇل سىنىڭ مۇشۇ قىلغانلىرىڭ ئۈچۈن قانداق رەھمەت ئەيتىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، ـ شەمسىيە روشەنگۇلگە شۇنداق دىدى،روشەنگۇل،

ـ نىمە دەپ رەھمەت ئەيتاتتىڭ،شاكىرغا مىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئىلىپ بەرساڭلا بولدى،ھى ھى ھى، ـ ئۇنىڭ كۇلكىسى شۇنچە تەبئى ئاڭلانماقتا،شەمسىيە ئۇنىڭ كۇلكىسگە قىزىرىپ تۇرۇپ جور بولدى ۋە،

ـ بۇنى مەندىن ئەمەس شاكىردىن سورا،جۇرئىتى بارمىكىن، ـ دىدى.روشەنگۇل ئەركىلەپ ئالدىمغا كەلدى كولۇپ تورۇپ،

ـ شاكىرجاااااااااااااااااااان، ـ دەپ شىتىلە قىلىپ تۇرىۋالدى،مەن،

ـ بولدى قىلە جىن ،جىنلىغىڭنى شەمسىيەگىمۇ يۇقتۇرۇپ بولۇپسەن، ـ دىسەم ئىككىلىسى تەڭلا،

ـ شۇنداقمۇۇۇۇۇۇۇۇۇۇۇۇۇ ؟،ھى ھى ھى. . ، ـ دەپ كولۇشۇپ كەتتى.خاپىلىقنى بىر دەم بولسىمۇ ئۇنتۇدۇق.

ئىشلاردا تىزلا ئوزگۇرۇش بولدى.يۇرتتىن كەلگەن خەۋەرلەردە ئەيتىلىشىچە شەھەر باشلىغىنىڭ خىزمىتى توختۇتۇلۇپ تەكشۇرلۇۋىتىپتۇدەك.بۇ خەۋەر بىزگە غەيرەت ئاتا قىلدى.قولىمىزدىكى مۇرات تەمىنلىگەن ماتىرىياللارنى ئىنتىزام ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇق.شەمسىيەنىڭ دادىسى ئىشلىرىمىزنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ.بىز ئىنتىزام ئورۇنلىرىغا بارغىنىمىزدا ئالدىمىزغا ئادەم چىقىپ تۇرغان ئىكەن.ئىشكىتىن كىرمەك تەس بولغان

ئوتكەلدىن ئاسانلا ئوتىۋالدۇق.بىزنى كۈتىۋالغان باشلىقتا ماتېرىيالنى تاپشۇرۇپ بىرىپ ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇق.باشلىق يازما ئىسپات،تېلېفوندا ئېلىۋېلىنغان پاراڭنى كورۇپ بولۇپ،

ـ قولىڭلاردىكى بۇ ئىسپات بەك مۇھىمكەن.ئەمما مۇشۇ ئىسپاتنى تەمىنلىگۈچىنىڭ ئوزى بىلەن كورۇششكە بولارمىكىن، ـ دەپ سورىدى.مەن،

ـ بۇنى تەمىنلىگەن مۇرات دىگەن دوستىمىز چەتئەلدە ئوقۇۋاتىدۇ، ـ دىدىم.باشلىق،

ـ گۇۋاھچى قاتناشمىغان ئەھۋالدا يازما ماتېرىيالنىڭ ئىسپات ئورنىدا ئىشلىتىلىشى ناھايتى تەس.ناۋادا جاۋاپكار تىنىۋالسا راس ـ يالغانلىقىنى ئىسپاتلىماق تەسكە توختايدۇ.سىلەر ئالاقىلىشىپ شۇ دوستۇڭلارنى سوتقا ئەكىلەلىگەن بولساڭلار،سىلەرنىڭمۇ ئاقلىنىشىڭلار ئاسانغا چۈشكەن بولاتتى، ـ دىدى.

ـ بىر ئورۇنۇپ كورەيلى،ئامال بار ئەكىلىشكە تىرىشىمىز، ـ دەپ يانماق بولدۇق.باشلىق،

ـ سىلەرنىڭ يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگىنىڭلارغا رەخمەت.شەھەر باشلىغىنىڭ مۇشۇنداق سۇيىقەست پىلانلىشى بىزنى تېخىمۇ سەگەكلەشتۇردى.ئەگەرچەندە مۇشۇ يالغان توي خېتى،يالغان ئىسپاتلارنىڭ شەھەر باشلىغىنىڭ پىلانى ئىكەنلىگى ئىسپاتلىنىپلا قالسا،ئايگۈل دىگەن قىز بىلەن سىزنىڭ ئوتتىرىڭىزدىكى توي خېتىنىڭمۇ ئىشى ئاسانغا چۈشەتتى.سوت ئورۇنلىرىغا ھاۋالە قىلىپ مەجبۇرى ئايرىۋەتكىلىمۇ بولىدۇ.شۇڭلاشقا ئوبدان كۈچەڭلار،مۇراتنىڭ بىخەتەرلىگى،ئىلگىرى ئوتكۈزگەن خاتالىغىنىڭ سۈرۈشتە قىلىنماسلىغىغا كېپىللىك قىلالايمىز،سوتتا گۇۋالىق بەرسۇن، ـ دەپ بىز بىلەن خوشلاشتى.

بېشىمىز راسا قاتتى.مۇرات سوتقا كىلەلەرمۇ، قانداق قىلساق ئۇنى ئەكەلگىلى بولىدۇ.روشەنگۈلگە يەنە ھاجەت چۈشتى.سىرتتا چىققاندىن كېيىن مەن روشەنگۈلگە چاخچاق قىلدىم.

ـ روشەنگۈلنى مۇراتقا چېتىپ قويساق مۇراتنىڭمۇ ئىشى پۈتەتتى، ـ گېپىم روشەنگۈلگە تىك

كەتتى.ئۇ،

ـ شۇنداق غوجام .ئۆزلىرى ئۈچۈن يولدا ياتقان قەلەندەرگە بۇيرىسلىمۇ تىگىۋېرىمەن، ـ دەپ دومسايدى.شەمسىيە،

ـ چاخچاخ قىلدىم دەپ ئېغىزىڭغا كەلگەننى دەۋەرمە شاكىر،ئادەمدە غۇرور بولمىسا بولمايدۇ.بىزنى ساتقان ئاشۇ مەرەزگە روشەنگۈلنى سايە قىلامسەن، ـ دىدى.

ـ غۇرور بولامدۇ بۇ ئاق پىشماقتا،ئايگۈلنىڭ شۇنچە قىلغانلىرىغا ئۇنىڭ دادىسىدىن قورقۇپ يول قوياپ يۈرسە.مەن جىنىمدا ئۆرغۇم كېلىدۇ ئۇ جادىنى، ـ روشەنگۈلنىڭ بۇ گېپىدىن مەندىن ئايگۈل توغرىلىق ئۇبدانلا نارازى ئىكەنلىگى چىقتى.مەن،

ـ كىچىككىنام چاخچاقتا قىلىپ كەتكىننى بۇ تاۋى نازۇكنىڭ،بولدى قىلىشىپ كېيىنكى ئىشلىرىمىزنى مەسلىھەت قىلايلىك، ـ دىدىم.روشەنگۈل،

ـ بولىدۇ.ئۆزلىرى چوڭ بىر ئەركەك بولغاندىن كېيىن مۇراتىنى كەلتۈرۈش ئۆزلىرىنىڭ ئىشى بولسۇن.ئوتكەن قېتىم يىگىت بېشىلىقنى قىلىشقا ئۇلگۇرەلمەي چەتئەلگە كىتىپ قالغان ئۇ بىچچارىنى،ئەمدىكى تويلىرىغا بولسىمۇ يىگىت بېشى قىلىۋالارلا، ـ دەپ شەمسىيەنى تارتىپ مېڭىشقا تەرەتدۇدلاندى.مەن،

ـ چاخچاقىمۇ شۇنچە قىلىش كىتەمدۇ،شۇنچە ئىشلىرىمغا ياردەم قىلىپ مۇشۇ ئىشىمغا كەلگەندە ئۆزۈڭنى تارتىپ يۈرسەڭ قاملىشارمۇ، ـ دىدىم.شەمسىيە،

ـ سەنمۇ بۇندىن كېيىن بۇنداق چاخچاق قىلما شاكىر.روشەنگۈل ئاداش سەنمۇ بولدى خاپا بولمىيە، ـ دەپ روشەنگۈلنىڭ بېقىننى چىمدىدى.روشەنگۈل،

ـ شەمسىيە سەن دەپ قالدىڭ،شاكىرنىڭ مۇشۇ گېپى ئۈچۈن كارىم بولمىسۇن دىگەن ئىدىم.بولىدۇ ياردەم قىلسام قىلاي،بىراق شاكىر ـ ساڭا مىنىڭ بىر شەرتىمنى ئورۇنلايسەن دىگەن گېپىمنى يادىڭدىن چىقارما،چوقۇم ئورۇنلىغىلى سالىمەن، ـ دەپ ماڭا بىرنى گولەيدى.ئۇنىڭ بۇ قىلىغى شۇنچە ئۇماق كورۇنۇپ كەتتى.مەن،

ـ نىمە شەرت ئىدى ، ـ دىدىم .راسلام ئىسمدە قالمىغان ئىدى .شەمسىيە ،

ـ قايسى چاغدا سىزنى ئايگۈل بىلەن بولغان تويدىن توساپ قالغاندا قىلغان ياردەمدە دىگەنىغۇ ،كوۋرۈكتىن ئوتىۋېلىپلا ئۇنتۇپتۇ ، ـ دەپ نارازىلىق بىلدۈردى .روشەنگۈل ،

ـ ئوزۈڭنى قىيناپ ئەسلەپ يۈرمە شاكىر.يادىڭغا كەلمەيدۇ .چۈنكى مېنىڭ دىگەنلىرىمنى يادىڭدا ساقلىغۇدەك سېنىڭ ئالدىڭدا ئوبرازىم بولمىسا كېرەك ، ـ دىدى .نىمە دەپ ئوزۈمنى ئاقلارمەن .مەنمۇ بۇنچە ئۇنتۇنغاق ئەمەستىم بولمىسا .خىجالەت ئىچىدە ،

ـ نىمە شەرتىڭ بولسا ئورۇنلايمەن روشەنگۈل .سېنىڭ قىلغان ياردىمىڭ ئۈچۈن جېنىمنى سورىساڭمۇ بىرەلەيمەن ، ـ دىدىم .

ـ جانلىرى ئوزلىرىدە قالسۇن ،كېيىنچە كىچىك خوتۇن بولاپ قالسام مۇردىغا ھەمرا بولالمايمەن .ھى ھى ھى . . ، ـ ئۇمۇ ئاخىرى كۈلدى .كەيپىياتىمىز ئەسلىگە كەلدى .مەن ،

ـ شۇنداق قىلساڭلار ماڭا زەپمۇ خوش ياقاتتى ،جاھاندىكى ئىككى نايناق خېنىم خوتۇنۇم دەپ پەخىرلىنىپ يۈرەتتىم ، ـ دىدىم .

ـ مانا نايناق دىگەن ، ـ ئىككىسى تەڭلا شۇنداق دەپ ئىككى بېقىنىمدىن كوتۈرۈپ يەرگە تاشلىدى .

ـ ۋايجان ، ـ قاتتىق چۇشكەن كاسامنى سىلاپ قاپتىمەن .ئىككىسى كولىشكىنىچە قوللىرىنى ئېغزىغا ئاپىرىپ بىر خىل زاڭلىق قىلغان شەكىل  چىقىرىپ كىتىپ باراتتى . . .

* * *

روشەنگۈل مۇراتنى يۇمشۇتۇش ئۈچۈن چەتئەلگە ماڭدى .بىز ئىسپات تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن ساقچىلارمۇ مېنى ئىزلەپ ئاۋارە قىلمىدى .مېنىڭ ئىشىمدا ياخشىلىنىش بولغىنىنى كورگەن ئانام ،دادامىلار يۇرتقا كەتتى .مەن قايتاي دىسەم قانۇننىڭ چەكلىمىسگە ئۇچرۇدۇم .شۇنىڭ بىلەن شەمسىيەلەرنىڭ ئويىدە تۇرۇپ تۇردۇم .

بەزىدە شەمسىيە بىلەن ئىككىمىز يالغۇز قالىدىغان پۇرسەتلەر كېلىپ قالاتتى .بوگۈنمۇ

ئىككىمىز يالغۇز قالغانتۇق .ئىشىك قوڭغىرىقى توۋلىدى .كىم كەلگەندۇ دەپ ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتىم.كوز ئالدىمدا بۇرۇنقى ياسانچۇق تەلەتىدىن ئەسەرمۇ يوق ئايگۇل قاراپ تۇراتتى.

ـ نىمە دەپ كەلدىڭ.يوقال، ـ دەپ ئىشىكنى ياپماقچى بولدۇم.ئۇ بىر قولى بىلەن ئىشىكنى توسۇپ بىر قولى بىلەن ياقامغا ئېسىلدى.

ـ يوقال.نەگە يوقۇلمەن.سەن بىلەن بىرگە جەھەننەمگە يوقىلىمەن شاكىر، ـ ئۇنىڭ ئەسەبىلىكى تۇتتى.تېخىمۇ قاتتىق ۋاقىراپ كەتتى،

ـ شەمسىيە،قەنى سەن شەمسىيە،چىقە بۇياققا،مېنى نابۇت قىلدۇڭغۇ سەن.دادىسىنى تۇتۇپ كېتىشتى،نوچىلىق قىلغۇدەك ھالى يوق دەپ قېلىشقانسەن.مانا مەن ھازىرمۇ نوچا،كىلە سەت رەسۋا....، ـ ئۇنىڭ ئېغزىدىن چىققان سوزلەرنى دىيىش توگۇل ئاڭلاشتىنمۇ نومۇس قىلاتتىم.كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم. قارىسام ۋاراڭ چۇرۇڭنى ئاڭلىغان شەمسىيە كەلگەن چېغى ،نومۇسسىز سوزلەردىن قارىداپ تۇرۇپ قېلىپتۇ .ئايگۇلنىڭ ئېغزىنى تۇتىۋالدىم.ئۇ قولۇمنى چىشلەپ قويغۇزىۋەتتى.چىدىماي ئۇنىڭ تەستىكىگە كىلىشتۇرۇپ بىرنى سالدىم.تاياق پايدا قىلدىمۇ ،ياكى ھۇشىغا كەلتۇردىمۇ ئۇ كاللىسىنى ئوبدان بىر سىلكىۋېتىپ،

ـ ئوبدان ئۇردۇڭ،يەنە ئۇرىۋال.ئىككى قېتىملىق ھىساۋىمىز تۇرۇپ تۇرسۇن.مەن ئۇرغاندا ئۇنداق كاچات بىلەن يۇزگە ئەمەس،نەشتىرىم بىلەن يۇرەككە ئۇرىمەن شاكىر،ماڭا قىلغانلىرىڭنى شەمسىيەدىن تولىتىمەن.ھا ھا ھا،ـ قاتتىق كۇلكە بىلەن ياقامنى بىر سىلكىۋېتىپ قويۇپ بەرگەن ئايگۇل تېخچە ھوشىنى تاپالمايۋاتقان شەمسىيەگە قاراپ بىرنى تۇكۇرىۋېتىپ ، ـ

ـ ھامىنى كورىشۋالىمىز،شۇ چاغدا يىگەن تايىغىمنىڭ جاۋابىنى بىرىشىسەن، ـ دەپ توۋلىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

بۇ ناكەسنى ئويگە ئىزلەپ كىلە دىمەپتىكەنمىز.چۇنكى يەۋالغاندەك بۇ بىر كوننى خامۇشلۇقتا ئوتكۇزدۇق.كەچ بولغاندا روشەنگۇل تىلفۇن ئالدى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ـ شاكىر ،جېق گەپ قىلىشىنىڭ ئورنى يوق.كوڭلۇڭنى خاتىرجەم تۇت.مۇرات گۇۋاھلىققا بارىدىغان بولدى، ـ روشەنگۇل خوش ـ خەۋەرنى يەتكۈزىشكە ئالدىرىغان چېغى تىنغان ئاۋازى تىلىفۇندىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.يۈرىگۇم تاتلىق بىر سىزىمغا چومكەلدى.بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسۇن دەپ تىلىفۇننى ماڭا تەلمۇرۇپ قاراپ تۇرغان شەمسىيەگە تۇتقۇزۇپ قويدۇم.ئۇلار خېلى ئۇزاق سوزلەشتى...

*　　　　*　　　　*

روشەنگۇلنىڭ خەۋىرىنى قايسى كۇنىدىكى بىزنى كۇتىۋالغان باشلىققا يەتكۈزدۇق.باشلىق خەۋىرىمىزدىن خوش بولۇپ كەتتى.بولسا مۇراتنىڭ سوت باشلىنىشتىن بىر قانچە كۇن بۇرۇن كېلىشىنى تەۋسىيە قىلىپ، ـ مەن سىلەرگە هوددە قىلالايمەنكى ئەگەرچەندە مۇرات سوتتا گۇۋاھلىقتىن ئوتسە.شاكىرنىڭ ئايگۇل بىلەن نىكاھ مۇناسىۋېتىنىڭ بىكار قىلىنغانلىغىنى ئېلان قىلدۇرۇپ بىرىمەن، ـ دەپ مېنى ۋە شەمسىيەنى خوش قىلىۋاتتى.قايتىپ كېلىۋېتىپ شەمسىيە، ـ شاكىر .ئويلاپ باقسام روشەنگۇلگە كوپ كوڭۇل قەرىزى بولۇپ قاپتۇق .رەھمىتىمىزنى قانداقمۇ بىلدۇرۇپ بولالارمىز،بىچچارە سېنى دەپ كوپ جاپا چىكىۋاتىدۇ، ـ دەپ چىرايىمغا مەنىلىك قاراپ قويدى.نىمىمۇ دىيەلەيمەن.سۇكۇت ئارقىلىق قەلبىمدىكى رەھمىتىمنى بىلدۇردۇم.

*　　　　*　　　　*

روشەنگۇل دىگەندەك مۇراتنى قايتۇرۇپ كەلدى.مۇرات مەندىن خىجىل بولۇپ بىز بىلەن كورۇشكىلى كەلگىلى ئۇنىمىدى.ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ سوتنى كۇتتۇق.روشەنگۇلنىڭ ئەيتىشچە مۇرات دەسلىۋىدە روشەنگۇل بىلەن ۋەتەنگە قايتىشقا ئۇنىماپتۇ.ئۇ قايتىپ كەلسەم هوكۇمەتنىڭ ئوزىنى بوش قويىۋەتمەيدىغانلىغىنى ئەيتىپ تۇرىۋاپتۇ،كېيىن روشەنگۇن مۇراتنى

بىز ماتىرىيال بەرگەن باشلىق بىلەن تىلىفۇندا ئۇچراشتۇرۇپتۇ.باشلىقنىڭ ئېغزاكى كاپالىتى.روشەنگۇلنىڭ دادىسىنىڭ مۇراتنىڭ شەھەر باشلىغىدىن ئالغان پۇلنى ھوكۇمەت ئورۇنلىرىغا ئۆز يېنىدىن تاپشۇرۇپ بىرىشى بىلەن مۇرات قايتىشقا ماقۇل بولۇپ قايتىقان ئىكەن.

كۈتكەن سوتمۇ ئېچىلدى.مېنىڭ سوتتا گۇۋاھچى بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن سوتقا قاتنىشالماي.گۇۋاھچى ئورنىدا باشلىقنىڭ ماڭا تويۇم بوزۇلغاندا قىلغان تىلىفۇن خاتىرسىدىن گۇۋاھلىق بەردىم،ئەسلى باشلىقنىڭ تېلىفۇنى خېلى بۇرۇنلا نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ تىلىفۇن خاتىرسى ئۇنگە ئېلىنىپ ساقلانغان ئىكەن.مەندىن ئەيىپلىگۇچى تەرەپ مۇشۇ سوزلەشكەن ئادەم شەھەر باشلىغى بىلەن مېنىڭ ئىكەنلىگىمنى جەزىملەشتۈرۈپ ئىسپات بىرەلەمسەن دەپ سوراپ ،مېنىڭ جەزىم قىلالايدىغانلىمنى جەزىملەشتۈرۈپ ئېلىپ قالدى.شەھەر باشلىغىنىڭ ئادۇكاتى مەندىن سورايدىغىنى يوقلىغىنى ئەيتتى. سوتتىن قايتىپ چىقتىم. قايتاشىمدا شەھەر باشلىغىغا تەپسىلى قارىۋالدىم.ئۇ جودەپ قالغاندەك كورۇندى. سوت جەريانىدا ئۇنىڭ يۈزىگە قاراشتىن خىجىل بولغان ئىدىم.ھەر نىمە دىگەن بىلەن ئۇ مېنىڭ بىر قانچە يىل بىۋاستە باشلىغىم بولغان ئەمەسمۇ.

مۇراتنىڭ گۇۋاھلىغى،باشلىقنىڭ ماڭا تىلىفۇن قىلغاندىكى سوزى بىزنىڭ ئاقلىنىشىمىزنى تىزلەتتى.سوت ئايگۇل بىلەن بولغان نىكاھ مۇناسىۋېتىمىزنى بىكار قىلدى.شەھەر باشلىغىغا پارا ئېلىش،خيانەت قىلىش،باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش.ئىستىل جەھەتتىن بۇزۇلۇش قاتارلىق بىر قانچە جىنايەت بىكىتىلىپ مۇددەتلىك 15 يىللىق قاماققا ھوكۇم قىلىندى.باشلىققا ھوكۇم قىلىنىپ ئايگۇل جىملا يوقىدى.خاتىرجەم كۇنلىرىمىز باشلاندى.بۇزۇلغان تويىمىزغا تىزلام تۇتۇش قىلدۇق.

تويغا ئاز قالغان بىر كۇنى شەمسىيە،

ـ شاكىر. بەزىدە روشەنگۇل بىلەن مۇراتنى بىر ـ بىرىگە ماس كېلىدىغان بىر جۇپلە بولالايدۇ

دەپ خىيال قىلىپ قالىمەن.سىنىڭچە قانداق ؟ ، ـ دەپ سورىدى.مەن

ـ ئوتكەندە شۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ ئىككىڭلار تويغۇزۇپ قويغانتىڭلار،شۇڭا ئۇ ئىشنى ئويلاشتىنمۇ قورقىمەن ، ـ دىدىم.شەمسىيە ،

ـ ئوتكەن دىگەن ئوتكەن.هازىر دىگەن هازىر،بۇرۇنقى مۇرات هازىرقى مۇرات ئەمەس،بۇرۇنقى مۇرات ساتقىن مۇرات بولسا،هازىرقى مۇرات قىلغان گۇناهىغا تەۋبە قىلغان.هەققانىيەت ئۇچۇن خەۋپكە قارىماي مەيدانغا چۈشەلىگەن مۇرات.مىنىڭچە بۇ نوختىلارنى روشەنگۇلمۇ چۈشىنىدۇ ، ـ دىدى.مەن ،

ـ بۇ ئىشلارغا مىنىڭ ئارلاشقۇم يوق،ئۇلارنى تونۇشتۇرغۇڭ بولسا ئوزۇڭ قىل ، ـ دىدىم.شەمسىيە ،

ـ ئۇلارنى تونۇشتۇرايلى دىمەكچى ئەمەسمەن،بەلكىم پۇرسەت يارىتىپ بىرەيلى دەيمەن ، ـ دىدى.مەن ،

ـ مەسىلەن قانداق پۇسەت ؟ ، ـ دەپ سورىدىم.شەمسىيە ،

ـ مەسىلەن تويۇڭدا مۇراتنى يىگىت بىشى قىلىپ ئۇنى كەچۇرگىنىڭنى ئىپادىلىسەڭ،روشەنگۇلمۇ سىنىڭ كەڭ قورسالىقىڭنى دوراپ مۇراتنى كەچۈرۈۋەتسە ئەجەپ ئەمەس.دىنىمىزمۇ ئاداۋەت ساقلاشنى بەك ئەيىپ كورىدۇ ، ـ دىدى.مەن ،

ـ قەنى بىر سىناپ كورمەمدۇق ، ـ دەپ مۇراتنى ئىزلەپ باردىم.مۇرات باشتا يىگىت بىشى بولۇش تۇگۇل تويغا قاتناشقىلىمۇ يۇزى يوقلىغىنى ئەيتىپ ئۇنىمىدى.قايتا ـ قايتا چۈشەندۇرۇپ ئۇنى ئاخىر قايىل قىلدىم.

* * *

تويىمىزمۇ خاتىرجەملىك ئىچىدە باشلاندى.شەمسىيەنىڭ ئويىدىكىلىرى بىلەن بىر رىستۇراندا توي ئۇزاتتۇق.توي ئەۋجىگە چىقىپ نىكاھ ئوقۇلدى.نىكاھ ئوقۇلۇپ شەمسىيەدىن سورالدى ،

ـ ئادىل پەيزى قىزى شەمسىيە سىلى ئۆز ئىختىيارلىقلىرى بىلەن ئابدۇللا ئوغلى شاكىرغا خوتۇنلۇققا تەگلىمۇ؟.

ـ تەگدىم، ـ جىمجىتلىق ھوكۈم سۈرگەن زالدا شەمسىيەنىڭ ئاۋازىنى ناھايىتى تەس ئاڭلىغىلى بولدى.

ـ ئابدۇللا ئوغلى شاكىر سىز ئۆز ئىتىيارلىغىڭىز بىلەن ئادىل پەيزى قىزى شەمسىيەنى ھالال جۈپتىلىككە خوتۇن قىلىپ ئالامسىز، ـ يۈرۈگۈم سىلىپ كەتتى.توختۇلۇپ تۇرۇپ،

ـ بىسمىللاھى رەھمانى رەھىم ئالدىم، ـ دىدىم،نىكاھ داۋاملىشىپ دۇئاغا قول كوتۇرۇلدى.دۇئادا ئاللاھقا كوپ شۈكۈر ،رەھمەتلەر يوللۇدۇم.

ـ مۇبارەك بولسۇن، ـ زال ئىچى مۇبارەكلىگۈچىلەرنىڭ توۋلىشى بىلەن چاڭ كەلدى.يۈرۈگۈم خوشلۇقتىن يىرىلدى.قانچە كۈتكەن مەن مۇشۇ كۈننى.شەمسىيەدەك ئالتۇنغا تىگەشكۈسىز پاك قىزنىڭ خوتۇنۇم بولىشى مىنى مەس قىلدى.ئوڭ تەرىپىمدە شەمسىيە ئەتلەستىن تىكىلگەن گۈزەل كىيىمنى كىيىپ ماڭماقتا.قىشىدا روشەنگۈل شەمسىيە بىلەن ئوخشاش دىگۈدەك ئىسلامچە كىيىم كىيىپ تويغا كەلگەن بارچىنىڭ كوزىدىن ئوت چىقارماقتا.سول تەرىپىمدە مۇرات بىلىگىمنى تۇتۇپ ماڭماقتا.توي ماشىنىسىنىڭ قىشىغا كىلىپ مۇرات ماشىنا ئىشىگىنى ئېچىپ تۇراتتى،

ـ توختاش، ـ يۈرۈگۈمنى ئازاپلاپ تۇرغان ھازازۇلنىڭ ئاۋازى كەلدى.نىمە بولغىنىنى ئۇقالماي تۇرۇپ قىلىپتىمەن.شۇنچە تىز يۈگۈرۈپ كەلگەن ئايگۈل قوينىدىن پىچاق چىقىرىپ شەمسىيەگە ئېتىلدى،ھەممىنى كورۇپ تۇردۇم. پۇت قولۇمدا جان يوق.ئورنۇمدىن قىمىر قىلالمىدىم..............

(ھەممىڭلارنى يەنە بىر تەقەززا قىلدىغان بولدۇم.ئەتە ،ئوگۈن ئىككى كۈن يوللىيالمايمەن.ئۇرۇمچىگە كەتتىم.داۋامىنى شەنبە كۈنى يوللايمەن. سىلىنى ساقلىتىپ خاتا قىلغىنىمنى بىلسەممۇ بارماسلىققا ئامالىم يوق.كەچۈرگەيسىلە

پۈتۈن سۆرۈك ئەركەك بولسامۇ تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە ئىنكاسىمنىڭ بۇنچە ئاستا ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن.ئايگۈلنىڭ يوقاپ كىتىشى شۇملۇقتىن بىشارەت ئىدى،ئەمما ئۇ يوقاپ كەتسە خاتىرجەملىك دەپ خوش بوپ يۈرگىنىمنى قارا.كوز ئالدىمدا قاراپ تۇرۇپ ئوزۇم سويگەن كىشىگە قەست قىلغاننى كورۇپ تۇرۇپ ئىنكاس قايتۇرالمىدىم.ئايگۈلنىڭ ئۇرغان پىچىغىغا روشەنگۈل ئوزىنى پىدا قىلدى.ئۇ شەمسىيەنى چەبدەسلىك بىلەن ئىتتىرۋېتىپ مەيدانىغا چىقتى.پىچاق ئۇنىڭ بەدىنىگە سەنچىلىشقا قىل قالغان پەيتتە ماشىنا ئىشىگىنى ئېچىپ تۇرغان مۇرات ئۇنىڭ ئالدىغا تۇساپ ئۇلگۇردى.ئالدى بىلەن مۇرات ،كېيىن روشەنگۈل يېقىلدى.باشقىلار ئايگۈلنى بوي سۇندۇردى.ئايگۈل،

-شەمسىيە ساڭا جېنىمنى تىكىنىم- تىككەن.بۈگۈن قېچىپ قۇتۇلغان بولساڭمۇ ئولۇگۈم بولسىمۇ سېنى جىم قويمايدۇ.خاتىرجەملىگىڭگە مەڭگۈ ئولتۇرغۇنۇم-ئولتۇغان.ها ها ها...،-دەپ ۋاقىرايتتى.ئۇنى بوي سۇندۇرغانلار ساراڭنى بويسۇندۇرغاندەك ئۇنى سورەشتۇرۇپ كوزدىن يوقاتتى.توي ماشىنىسىغا روشەنگۈل بىلەن مۇرات سېلىنىپ بولغىنىدا هۇشۇمنى تاپتىم.شەمسىيە بىلەن بىرگە ئۇلارغا هەمرا بولۇپ دوختۇرغا يول ئالدۇق.

جىددى قۇتقۇزۇشقا ئەكىرىپ كىتىلگەن روشەنگۈل تىزلا قايتىپ چىقتى.ئۇنىڭ يارىسى ئېغىر ئەمەس ،بىراق مۇراتنىڭ هالى خەتەرلىك ئىدى.روشەنگۈلنىڭ پەقەت مۇراتقا كىرىپ چىققان پىچاقنىڭ بىسى ئىككى سانتىمېتىر ئوپ چورىسىدە قورسىقىغا كىرگەن بولۇپ ئىچ ئەزالارغا خەتەر يەتمىگەن بىر قانچە يىپ تىكىپ قويغان بولۇپ .مۇرات بىلەن بىرگە قاتتىق يېقىلىپ هوشسىزلانغان ئىكەن.

مۇراتنىڭ بولسا ئوپكىسىگە زەخمە تەككەن.ئوپكىنىڭ سول قانىتىنى تېشىپ كىرگەن پىچاق بېقىندىن چىقىپ كەتكەن ئىدى.جىددى قۇتقۇزۇش داۋاملاشماقتا.مۇراتنىڭ زەخمىسى تۇراقلاشماي بىزنى تەمتىرىتىپ قوياۋاتاتتى.روشەنگۈل بىلەن شەمسىيە يىغلايتتى.پاراڭلاشقۇدەك،بىر بىرىمىزگە تەسەللى بەرگۈدەك هالىمىز يوق.پەقەتلام مۇراتنىڭ

خەۋىرى ئۈچۈن قايغۇراتتۇق.ئوپراتسىيەدىن بەش سائەت بولغىنىدا خوش ـ خەۋەر كەلدى.مۇرات قۇتقۇزىۋېلىنغان.خەتەرلىك باسقۇچ ئوتتۇپ كەتكەن.كېيىن ئۇپكىدە يۇقۇملىنىش كورۇلمىسە چاتاق چىقمايدۇ.پىچاق يۇرەككە پەقەت بىر سانتىمېتىر يىراقلىقتىن ئوتۇپ كەتكەن دىگەن خەۋەرنى ئالدۇق.شەمسىيە ئاللاھقا رەھمەت ئەيتىش ئۈچۈن نامازغا ئولتۇردى.مەن ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگەن ساقچىلار بىلەن بىرگە گۇۋاھلىق بىرىش ۋە بۇرۇنقى ئىشلاردىن خەۋەر بىرىش ئۈچۈن ساقچىخانىغا كەلدىم.ئايگۇل ساقچىخانىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان بولۇپ مەن بىلەن كورۇشتۇرۇلمىدى.بىراق ساقچىلارنىڭ ئېغزىدىن كۇتمىگەن بىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىدىم.ئۇلارنىڭ ئەيتىشىچە ئايگۇل ئىشلەتكەن پىچاق بىسىغا يۇقۇملۇق كىسەل بار قان سۇۋالغان بولىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.ساقچىلار ئايگۇلنى قاماش جەريانىدا ئۇنىڭ قېشىدىن قان توشقۇزىلغان كىچىك قۇتا تاپقان بولۇپ ئۇنىڭ ئىقرارىچە بۇ قان سۇيۇقلىغىدا ئەيدىس مىكروبى بار ئىمىش.ساقچىلار قان ئەۋرىشكىسىنى ئىنىقلاش ئۈچۈن تەكشۇرتۇشكە جىددى ئەۋەتكەنلىگىنى،بۇ ئىشلار ئىنىقلانغۇچە سىرنى مەخپى تۇتۇشۇم لازىملىقىنى.مۇرات بىلەن روشەنگۇلنىڭ كىسەل يۇقتۇرىۋالغان يۇقتۇرىۋالمىغانلىغىنى بىلىش ئۈچۈن ئۈچ ئاي كۇتىدىغانلىغىنى ئەيتىنىدا ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگىمىزدىن ئۇلارغا شەپقەت قىلىشىنى تىلىدىم.

قايغۇ ۋە ئەنسىرەش چىرمىۋالغان بەدىنىمنى تەستە يوتكەپ روشەنگۇل ياتقان ياتاققا يىتىپ كەلدىم.روشەنگۇل شوخلىشىپ قالغان ئىدى.ئۇ،

ـ تويى كىچىسىنى نابۇت قىلدى دەپ دەرتمەن بولاپ قالغان ئوخشىمامدۇ بۇ يىگىت، ـ دەپ چاخچاق ئاتتى.بۇرۇنقى چاغلار بولسا بۇ چاخچاق بىرمۇنچىلىغان كۇلكىلەرنىڭ پىلتىسىغا ئوت ياققان بولاتتى.بىراق مەن يىغلاپ سالدىم.پەرىشتىگە يولۇقتى دىسە مىنى دىسە بولاتتى.روشەنگۇل دەل پەرىشتە ئىدى.ئالۋاستىغا يولىقتى دىسە مىنى دىسە بولاتتى.چۇنكى ئايگۇل ئالۋاستىنىڭ ئوزى ئىدى.ئاستا بىرىپ تىترەۋاتقان قوللىرىم بىلەن روشەنگۇلنىڭ قوللىرىنى ئالقانلىرىمغا ئالدىم.قوللىرىنى سىلىدىم.يۇزلىرىمگە سۇۋۇدۇم.ياشلىرىم بىلەن

قوللىرىنى يۇدۇم.قېشىمدا بوگۈنلام نىكاھىمغا ئالغان خوتۇنۇمنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇدۇم.ئاستا پىچىرلىدىم،

ـ پەرىشتە.سەن پەرىشتىسەن روشەنگۈل،سەن ئۆز دوستۇڭ ئۈچۈن جېنىڭنى پىدا قىلغىنىڭدا ئۆزىنىڭ رەپىقىسى ئۈچۈن قاراپ تۇرغان مەندەك بىر ناكەسنى نىمە دىسەك بولىدۇ.سەن مەندىن سويگۇ تەلەپ قىلغىنىڭدا ئۆزۈمنى چوڭ تۇتقىنىمدىن نومۇس قىلىمەن روشەنگۈل.مەن ساڭا لايىق بولالمايدىكەنمەن روشەنگۈل،ئۆز ۋاختىدا  سەن مەندىن بىر ئىشنى قىلىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىمەن دىگىنىڭدە شۇ ئىشنى قىلىشتىن قېچىشقا بانا ئىزلىگىنىمدىن نومۇس قىلىمەن روشەنگۈل،يىنىمدىكى پەرىشتىنىڭ  قەدىرىنى بىلمىگەنلىگىمدىن نومۇس قىلىمەن روشەنگۈل...، ـ گەپلىرىم توگەيدىغاندەك ئەمەس.يىغام بىلەن ئۇنىڭ قوللىرى ھول بوپ كەتتى،ئۇمۇ قوللىرىنى مەندىن تارتىۋالمىدى.پەرىشتىنىڭ قوللىرىنى مەنمۇ قويۇپ بېرىشنى خالىمىدىم.يەنە سوزلەيتتىم،

ـ مېنى كەچۈر روشەنگۈل،مۇھابىتىمنى ساڭا بىرەلمىدىم،قەلبىمگە ئىككى يۈرەكنى سىغدۇرالمىدىم.ئەمما  بۈگۈنكى توي كۈنۈمدە ئۆزۈم سويگەن ئايالىمنى ئەمەس،ئايالىمنى، جۈملىدىن ئايالىمنى قۇتقۇزۇش ئارقىلىق مېنى قۇتقۇزغان بىر پەرىشتىنى ئايالىمدىن بۇرۇن سويىمەن روشەنگۈل، ـ روشەنگۈلنى بېشىدىن كوتۈرۈپ ئاستا قۇچۇغۇمغا ئالدىم.يىغا،ئازاپتا توڭلاپ كەتكەن لەۋلىرىمنى بىر چوغ ئۈستىگە باستىم.ئۇمۇ قارشىلىق قىلمىدى.ئاياغ تەرىپىمدىن ئاستا ماڭغان ئاياغ ئاۋازى كەلدى.بەلكىم شەمسىيە ياتاقتىن چىقىپ كېتىۋاتسا كىرەك.قانچىلىك شۇ ھالەتتە تۇردۇم بىلمەيمەن.روشەنگۈل مەيدەمدىن ئىتتىرىپ ئۆزىنى قاچۇردى ۋە،

ـ رەخمەت ساڭا شاكىر.سويگۇ بىلەن مېنى سوغاردىڭ،مەن سويگىگە قاندىم.سېنىڭ سويۈشلىرىڭگە تەشنا بولۇپ ئوتكىلى ئوزۇن بولغان،مانا بۈگۈن مەن سەندىن تەلەپ قىلماقچى بولغانلىرىمنى ئۆزۈڭ بەردىڭ.تۈنجى قېتىم سەن مېنى سويگەندىن باشلاپ سېنى بىر

سويۈۋالسام ئۇلسەممۇ رازى ئىدىم دەپ كەلگەنمەن. بوگۈن يىقىن دوستۇمنىڭ ئىرىدىن مانا شۇ سويگۈگە ئىرىشتىم. بۇ سويگىنىڭ بۇندىن كىيىنكىسى بولمايدۇ شاكىر. ئاللاھ ئالدىدا گۇناھقا پاتقان بولسامۇ بۇندىن كىيىكى ئۇمرۇمدە ئىبادىتىم، ياخشى ئەمىلىم ئارقىلىق گۇناھلىرىمنى يۇيۇشقا تىرىشىمەن. ئاللاھ بەك ئەپۇچاندۇر شاكىر. مىنىڭدەك كىچە ـ كۈندۈز سويگۈ ئۈچۈن پۇچۇلانغان بىر جاننى سويگۇ بىلەن مۇكاپاتلاپ سۇغارغان شۇ ئىگەمگە بىر ئۇمۇر پاكلىغىم بىلەن قەسەم بىرىپ قەرىز قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىبادەتكە ئوزۇمنى ئاتايمەن شاكىر. شەمسىيە بەك ياخشى قىز شاكىر، سىنىڭ سويگىنىڭ شەمسىيەدىن باشقا بىرى بولغىنىدا مەنمۇ سەندىن مەڭگۈ ۋاز كەچمەيتتىم شاكىر. بىراق شەمسىيە سىنى بەختلىك قىلىشقا لايىقتۇر. ئۇنىڭ قىشىغا چىق شاكىر. ئۇنى يىغلاتساڭ مەنمۇ يىغلايمەن. بۇگۈن ئۇنىڭ ئالدىدا مىنى سويۇشىڭگە ، ئۇنىڭ سويگىسىگە ئاسىيلىق قىلىشىڭغا يول قويىشىم، مىنىڭمۇ بىر ئىنساندا بولىدىغان شەخسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت كەمچىلىكتىن مۇستەسنا ئەمەسلىگىمدىن بولدى شاكىر. چۈنكى مەنمۇ بىر ئىنسان بالىسى. سەن دىگەندەك پەرىشتە ئەمەسمەن شاكىر. بۈرۈندىن باشلاپ باشقىلاردىن ئۈستۈن تورۇشنى ئويلايتتىم شاكىر. شۇڭلاشقىمۇ قىلغانلىرىمغا پۇشايمان قىلمايمەن شاكىر. چىق شاكىر. مىنى تولا يىغلاتما. مۇھاببەت دۇشمىنىم بولسىمۇ، بەخت ئۈچۈن سويگىنىمنى قوش قوللاپ تۇتۇشقا لايىق بولغان شۇ دوستۇمنىڭ قىشىغا چىق شاكىر، ـ ئۇ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ھەر بىر سوزىدە شاكىر دىگەننى بۇندىن كىيىن ئىسمىمنى چاقىرمايدىغان، ھازىر دىيىۋىلىشقا تەشنا بولغان كىشىدەك قوشۇپ سوزلىدى. قەلبىدىكى دەرتلىرىنى، ماڭا بولغان تىلەكلىرىنى ئەيتىۋالدى. ئوزۇمدىن نومۇس قىلدىم. شۇنچە پاك ئىككى قىزنىڭ مۇھاببىتىگە لايىق ئىكەنلىگىمدىن ھەيرانمەن. مەن شۇنچە ئەزىزلەشكە لايىقمۇ ؟كاللامدا ئىغىر سۇئال. سىرتقا چىقتىم. شەمسىيە دوختۇرخانا گۈللىگىدىكى مەجنۇلتال ئاستىدىكى مۇزدەك سوغۇق تاش ئورۇندۇقتا ئاسمانغا بىقىپ خىيالغا كەتكەن ئىدى. ئاستا قىشىغا باردىم، بىشىمنى ساڭگىلىتىپ ئەپۇ سورىدىم.

ـ كەچۈر شەمسىيە،ساڭا بولغان مۇھاببىتىمگە ئاسى بولۇپ قىلغان ئىشلىرىمنى ئاقلاشقا ئاجىزمەن.سېنى قۇتقۇزغان روشەنگۇل سېنى ئەمەس بەلكىم مېنى قۇتقازدى.سەنسىز ياشاشنى خىيالىمغا ئەكىرىشتىنمۇ قورقۇمەن.روشەنگۇلگە كوپ قەرىزدار بولاپ كەتتىم.مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق قەرىز قايتۇردۇم دىسەممۇ بولىدۇ، ـ دەپ سوغۇقتا مۇزلىغان شەمسىيەنىڭ قوللىرىنى قولۇمغا ئالدىم.باياتىن روشەنگۇلنىڭ قەللىرىنى سىلاپ ئاسلىق قىلغان قوللىرىمنى شەمسىيە ئىتتەرمىدى.بەلكىم چىك سىقىپ تۇرۇپ،

ـ سەن خاتالاشتىڭ شاكىر.سەنسىز ياشيالمايمەن دەپ ئاللاھقا ئاسى بولغۇچى بولما.ئاللاھ خالىغاندا بىرىدۇ.خالىغاندا ئېلىپ كىتىدۇ.بىزگە ياشماقتىن باشقا چارە يوق.بىزنى قۇتقازغۇچى بىر بەندە ئەمەس بەلكىم ئاللاھتۇر.روشەنگۇل بولسا ئاللاھ بىزگە ئەۋەرتكەن بىر ۋاستە خالاس.روشەنگۇلنىڭ پىداكارلىغىدىن ئوزۇممۇ ئۇنىڭغا كوپ قەرىزدار بولغۇنۇمنى سەزدىم.بۇ يەردە قىلغان خىيالىم بولسا ـ مۇۋاپىق كەلسە سەن بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇشنى ئويلاۋاتىمەن.ئۇنى سويگەنلىرىڭنىڭ گۇناھ ئىكەنلىگىنى بىلسەممۇ سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسامۇ شۇنداق قىلاتتىم.سەن مەندىن ئەپۇ سوراش ئەمەس،قىلغانلىرىڭ ئۇچۇن مەن ساڭا رەھمەت ئەيتىشىم لايىق شاكىر.مەن شۇ قىلغانلىرىڭدىن سەندە ۋىجدان،غۇرور بارلىغىنى،قىلغاننى بىلىدىغان.ئاۋۋىي ئۇچۇن ئوزىنىڭ قىلماقچى بولغانلىرىنى يۇشۇرۇپ يۇرىدىغان چاكىنا ئادەم ئەمەسلىگىڭنى بىلىۋالدىم، ـ دىدى.تەڭ كىچە ئەتىراپتا ئادەم دىدارى يوق.شەمسىيەنى تارتىپ تۇرغۇزدۇم.باغرىمغا باستىم.ئۇ قارشىلىق قىلمىدى.بۇگۇن نىكايىمغا ئوتكەن بولغاچقا بوي سۇنماقنى ئىمان جۇملىسىدىن كورگەن چېغى.باغرىمدىكى شەمسىيەدىن ھەقىقى سويگۇ لەززىتىنى كوردۇم.بىر ـ بىرىمىزگە چىرمىشىپ خېلى ئۇزاق تۇردۇق.شەمسىيە قولۇغۇمغا ئاستا پىچىرلىدى.

ـ بىزگە پۇرسەتلەر كوپ،روشەنگۇلنى يالغۇز تاشلاپ بۇ يەردە يۇرسەڭ سەت تۇرىدۇ.قېشىغا كىرەيلىك، ـ دىدى.مەن،

ـ قىلغانلىرىمنى توغرا چۈشەنگىنىڭ ئۈچۈن ساڭا كوپ رەھمەت.سېنىڭدەك كەڭ قورساق خوتۇنۇم بولغىنىدىن پەخىرلىنىمەن، ـ دەپ ئۇنى بوشاتتىم.روشەنگۈلنىڭ قېشىغا كىرىش ئۈچۈن ماڭدىم.شەمسىيە ماڭا ئەگەشتى.توت قەدەم ماڭغاندىن كېيىن،

ـ ساقچىخانىدا ئايگۈلنى كوردۈڭمۇ، ـ دەپ سورىدى.ئايگۈلدەك ناكەسنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەرۋايىم ئۇچتى.سوزلەپلام كىتىپتىمەن.

ـ بولدى قىلە ئۇ ھايۋاننىڭ گېپىنى.ئۇنىڭچە بولغاندا ئۇلسىمۇ سېنى بولدى قىلىۋەتمىگۈدەك،شۇنچە قىلىشىپ كەتكۈدەك نىمە ئاداۋەت بار بولغىيتتى ئاراڭلاردا،ھەي ساڭا قىلمەن دەپ مۇرات بىلەن روشەنگۈلنى نابۇت قىلمىسا بولاتتىغۇ ئىلاھىم، ـ دىدىم.شەمسىيە،

ـ دىگىنىڭچە بولغاندا ئۇنىڭ قىلغانلىرى پىچاق تىققان ئىشلام ئەمەسمۇ قانداق ؟، ـ دەپ سورىدى.ئاپلا دىمەيدىغان گەپنى دەپ سالغاندەك قىلاتتىم.ساقچىلار مېنى بۇ ئىشلاردا مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا شۇنچە دەۋەت قىلغان تۇرسا،ئېغزىم نىمە دىگەن بوش.تەمتىرەپ تۇرۇپ ،

ـ شۇنداق ساقچىلارنىڭ ئەيتىشىچە ئايگۈل ئىشلەتكەن پىچاقنىڭ بىسىغا ئەيدىس بىلەن يۇقۇملانغان قان سۇۋالغان بولىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەن.بۇنى ئۇققاچقا باياتىن روشەنگۈلنىڭ ئالدىدا ئوزۇمنى تۇتىۋالالماي قالغانتىم.بۇ ئىشلارنى مەخپى تۇتىشىڭنى سورايمەن، ـ دىدىم.شەمسىيە گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بولۇپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ روشەنگۈلنىڭ ياتىغىغا كىرىپ كەتتى.مەخپىيەتلىكنى ئەيتىپ قويامدىكى دەپ ئەنسىرەپ كەينىدىن تاپ بېسىپ كىردىم.ئۇ روشەنگۈلنى قۇچالاپ يىغلاۋاتاتتى.

ـ پەرىشتىسەن روشەنگۈل،مەن سەن ئۈچۈن مەڭگۈ قەرىزدارمەن...مەن،مەن...، ـ ئۇ گېپىنى تاپالمايۋاتاتتى،يىغىسى ياتاقنىڭلا ئەمەس كاردورغىمۇ چىقىپ كەتتى،مەن،

ـ بۇ كىچىدە باشقا ياتاقتىكىلەرنى ئۇخلىمسۇن دىگەن بولساڭلار راسا يىغلاڭلار، ـ دەپ ياتاق ئىشىگىنى ئېچىۋەتتىم.بۇ قىلىغىم ئۇلارنىڭ يىغىسىنى ئازراق بولسىمۇ

پەسەيتتى.شۇنداق تۇراتتۇق سىستىرا كىرىپ مۇراتنىڭ قېشىغا كىرىپ يوقلىساق بولىدىغىنىمىزنى،ىراق گەپ قىلىشقا بولمايدىغانلىغىمىزنى ئۇقتاردى.روشەنگۇل توسقىنىمىزغا قارىماي كارۋاتتىن چۈشۈپ مۇراتنى يوقلايمەن دەپ تۇرىۋالدى.ئامالسىز ماقۇل بولۇپ مۇراتنىڭ قېشىغا كىردۇق.مۇرات بىزنى كورۇپ ئازراق ھاياجانلاندى.كوز جىيىكىدىن ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى.گەپ قىلىمەن دەپ تەمشەلگىننى سىزىپ توساپ قويدۇم.

ــ بولدى گەپ قىلما مۇرات.سىنىڭدىن بەكمۇ ئەنسىرىدۇق.دوختۇر سىنىڭدە خەتەر قالمىغانلىغىنى ئەيتقىنىدىكى خوشاللىغىمىزنى تىل بىلەن ئەيتىشقا ئاجىزلىق قىلىمىز،ياخشى بوپ كەتكىنىڭدە دىيىشىۋالايلى، ــ دىدىم.ئايگۇلنىڭ قىلغان قەستى يادىمغا يەتتى.ئوزۇمنى تۇتىۋالالماي يىغلىدىم.قارىسام شەمسىيە مەندىنمۇ ئوتەر يىغلاۋېتىپتۇ.سىستىرا بۇ ھالىتىمىزنى كورۇپ بىزنى بالنىستىن قوغلاپ چىقاردى.ئۇ،

ــ دوستۇڭلارغا مەدەت بىرەمدىكى دىسەڭ،ئۇنى قەسلىگەندەك قىلىق قىلىپ يۈرۈيسىلىغۇ،ئۇنى تىنىچ قويۇپ ئەتىگىچە يوقلىشىڭلارغا يول يوق ، ــ دىدى.بوي سۇنۇپ روشەنگۇلنىڭ ياتىغىغا قايتىپ كىردۇق. روشەنگۇل،

ــ مۇراتنىڭ قېشىغىمۇ كىرىپ كورۇپ چىقتۇق.ئەتىگىچە يوقلاشتىن چەكلەندۇق.مىنىڭ ھالىم ياخشى بولغاندىن كېيىن توي كىچىسىنى نابۇت قىلمىساڭلار بولارمىكى، ــ دەپ كۇلۇشكە باشلىدى.قارىسام شەمسىيە بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كىتىپتۇ.مەن،

ــ بولدى قىلە ئەركىلىمەي،ساقايساڭ سىنىمۇ قوشلاپ ئېلىپ بۇگۇننىڭ چالىسىنى تولۇقلىۋالارمەن تايىنلىق ، ــ دەپ چاخچاق قىلدىم.روشەنگۇل،

ــ جىم تۇرۇپ بەرسە نىمە قىلسام ماقۇل دەيدىغانلاردىنكەن دەپ ئويلىغان بولساڭ ئۇخلىماي چۇشەكەپسەن"ھە پۇششە" ، ــ چۇشەگەننى دورىغان روشەنگۇل كولۇپ كېتىپ تۇرۇپ،

ــ نېرى بېرىپ ئۇخلاپ كەلسلە،دوستۇمغا كۇندەش بولمايدىكەن دەپ قويالا ، ــ دەپ شەمسىيەگە گېپىنى ئاتتى.شەمسىيە،

ـ هالى تايىنلىق چوڭ گەپ قىلغىنىغا ، ـ دىۋىدى روشەنگۈل ،

ـ ئۈچ قېتىم توي قىلىپ، توي كىچىسى تاپالمىغان شاكىرجان دەپ قويساقلام كۆپايە دىگىنە ئاداش ، ـ دەپ كولىۋىدى.شەمسىيە كۆلكىسىگە جۆر بولدى.ھەي شەمسىيەمۇ بۇ جىن بىلەن ئارلىشىۋىرىپ جىنغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.ئىككىسىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ مىنى مازاق قىلىشلىرىغا قارا. ئايگۈل بىلەن روشەنگۈلنىڭ كېلىشىم تۈزگەن چاغلاردىكى ماڭا تاقابىل تۇرغىنىغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.مەن ،

ـ تولا كۈلگەن ئادەمدىن شەيتانمۇ قورقمىش ،بولدى سىلەرگە تەسلىم ، ـ دەپ سىرتقا چىقماق بولۇپ ماڭدىم.

ـ قاچما ،قاچما سەن قاچما ،ۋاي ـ ۋاي جان قاچما      ھى ھى ھى ،ھا ھا ھا . . . ، ـ كەينىمدىن چىققان كۈلكە ئاۋازى كاردورنى بىر ئالدى.مەنمۇ كولۇپ تاشلىدىم.قايغۇ بىر دەم بولسىمۇ ئۇنتۇلدى. . .

16

روشەنگۈل تىزلا ساقىيىپ بالنىستىن چىقتى.مۇراتمۇ ياخشىلىنىۋاتاتتى.بۇ جەرياندا ئۇلاردىن پەقەت ئايرىلمىدۇق.توي قىلغان بىلەن بىرگە بولۇش نىسىپ بولمايۋاتاتتى.روشەنگۈلنىڭ ئەھۋالىنى باي دادىسىغا بىلدۈرمەيلى دەپ شۇنچە قىلساقمۇ ،ئۇ ئۇقۇپ قېلىپ يىتىپ كەلدى.كەلگەن كۈنى قىزىنى يوقلىماي تۇرۇپ مىنى ئىزلەپ قېشىمغا كىرىپتۇ.مەن مۇراتقا ھەمرا ئىدىم.ئۇ كىرىپ سالام ـ سائەتنىمۇ ئۇنتۇپ جىددى قىياپەتتە ،

ـ شاكىرجان ئوغلۇم سىرتتا ئازراق پاراڭلىشىۋالساق قانداق ، ـ دەپ ياتاقتىن چىقتى.مەن ئەگەشتىم.دوختۇرخانا گۈللىكىگە چىققاندا توختاپ ،

ـ قىزىمنىڭ يارلىنىشىدىن كىم جاۋاپ بىرىدۇ ، ـ دەپ سورىدى.

ـ مەن ،مەن ، ـ نىمە دىيىشىمنى بىلەلمەي "مەن"دەپ كىكەچلەپ تۇرۇپتىمەن.

ـ توغرا دىدىڭ ،سەن جاۋاپ بىرىشىڭ كىرەك ، ـ دىسە نىمە دەيدىغاندۇ دەپ تەلمۈرۈپ

قاپتىمەن،ئۇ قورسىقىمغا شۇنچىلىك تەپتىكى "ۋاي"دەپ قوسۇقۇمنى تۇتۇپ زوڭزىيىپ قالدىم.يۈزۈمگە تۈز مۇش زوڭزايغاندا شۇنچە ئەپچىل تەگدىكى كەينىمگە ئۈچۈپ چۈشتۈم.باي،

ـ قانداراق شاكىرجان،جاۋاپ بىرىش ئاسان توختىغاندۇ،ئاڭلىسام قوش نىكالىق بولغىلىرى بارمىش،بولىۋەرسىلە،سىلىگە ئاتاپ قويغان سوغىللىرىم خېلى كەڭرى، ـ دەپ قويۇپ كەينىگە قاراپمۇ قويماي كىتىپ قالدى.قاپغىم خېلى ئىششىغاندەك قىلاتتى.قوسۇغۇمنىڭ ئاغرىشى،بېشىمنىڭ زىڭىلداشلىرى ئىچىدە تاماشا كورىۋاتقانلارغىمۇ پىسەنت قىلماي ياتاقغا قايتتىم.مۇرات چىرايىمنى كورۈپ كولۈپ كەتتى.

ـ ياخشىمۇ بىر يېرىڭنى سۇندۇرۇۋاتاپتۇ.ئەلپازىڭدىن بەك قوققان ئىدىم.باي دىگەن شۇنداق ئۇزىگە ئېلىشنى ئۇخمايدۇ،ئاغرىنما،بۇنداق ئىشلارمۇ بوپ تۇرىدۇ، ـ دەپ ھىجىيىپ قاراپ تۇرىدۇ.مەن،

ـ شۇنداق ،ئولمەيلام ياشاپ تۇرسام بۇنداق ئىشلارمۇ بوپ تۇرغۇدەك، ـ دىدىم.توي مىنىڭ بولغاندىكىن بۇ تاياقنى مۇرات يىسۇنمۇ ئەمىسە.

ئۈزۈن ئوتمەي شەمسىيە بىلەن روشەنگۈل يىتىپ كەلدى.ئۇلار بولغان ئىشلارنى باي ئاكامدىن ئۇقۇپ بولغان بولسا كىرەك.ئانچە ئەجەپلىنىپ كەتمىدى.روشەنگۈل، ـ

ـ بۇمۇ ياراشقىنى،ھەر تويۇڭدا كوز تەككەندەك ئىشىڭ بۇزۇلغانتى،مانا ھازىر ناكا بوپسەن.بەلكىم بۇندىن كىيىن كوز تەگمەس.ھى ھى ھى...، ـ دەپ كۈلۈپ كەتتى.شەمسىيە، ـ

ـ چىرايىڭغا ھوسۇن قوشۇپتۇ.سەمرىسەڭ تېخىمۇ چىرايلىق بولغۇدەكسەن، ـ دەپ چاخچاق قىلدى،ئەمما ئۇنىڭ كوزلىرىدىن ياش سىرغىۋاتقىنىنى كورۈپ قالدىم.ئۇ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

روشەنگۈلنىڭ كوز تەگمىگۈدەك دىگەن سوزى راس چىقىپ قالدى.شۇ كۈنى چۈشتىن كىيىن مۇراتنىڭ ئانىسى يىتىپ كەلدى.كەچتە ئوغلۇمغا ئوزۈم قارايمەن .سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار دەپ

بىزنى كەتكۈزىۋەتتى.تويى قىلغان نەچچە كۈندىن بۇيان تۈنجى هوجرىغا قەدەم باستۇق.هاياجان بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا يېقىنلاشتىم.شەمسىيە ، ـ

ـ ئالدىرىما شاكىر.مەن قايسى چاغدا تويى كۈنى ئايگۈل بىلەن بولغان ئىشلىرىمنى سوزلەپ بىرىمەن دىگەن ئەمەسمىدىم.ئالدى بىلەن سوزلىرىمنى ئاڭلاپ بول.شۇ چاغدىمۇ كىچىكمەيسەن ، ـ دىدى.شۇنچە تەقەززا بولغان ئىشلار بولغاچقا بوي سۇندۇم.شەمسىيە ،

ـ مەن سوزلەپ بىرىپ بولغىچە سوزلىرىمگە لوقما سالما.ئامال بار تەپسىلى دەپ بىرىمەن.ئازدۇرۇپ يۇرمىگىن ، ـ دەپ سوزلەشكە باشلىدى.

(بۇگۈن كوپ تاللاشقا دۇچ كەلدىم.چۈشتىن بۇيان كومپيوتىرغا قاراپ ئولتۇرۇپ.كىچە سائەت بىر بولغاندىن باشلاپ يېزىشقا تۇتۇش قىلدىم.قاراپ ئولتۇرسام ئەتىگىمۇ تاللاپ بولالمىغۇدەكمەن.شۇڭلاشقا ئويلىغىنىمنى بىر چەتتە قويۇپ قويۇپ قەلەم ئوزى يىتەكلىسۇن دىدىم.ئاخىرى تاللىشىم توغرا بولۇپ چىقتى.تاڭ يۇرۇپ كىتىپتۇ.داۋامنى ئازراق ئارام ئېلىۋېلىپ يازاي.ئەسرىم ئاز قېلىۋاتىدۇ ،تىزلام ئاخىرلاشتۇرىمەن . . . .ياقتۇرىشىڭلارنى ئۇمۇت قىلىمەن.مەدىتىڭلار مۇشۇنداق ئۇخلاتماي يازدۇرىۋاتىدۇ . . .قوللىغىنىڭلارغا كوپ رەخمەت

*　　　　*　　　　*

ـ مىنىڭمۇ جۇشقۇن،شوخ،ئۇچۇدىغان،تەنتەك ياشلىق دەۋرىم بولغان شاكىر، ـ دەپ ئەسلىمىسىنى باشلىدى شەمسىيە .

ـ ئوقۇش پۇتتۇرىدىغانغا ئىككى يىل قالغان چاغلار ئىدىغۇ دەيمەن،مۇرات ئارقىلىق ئايگۈل ،روشەنگۈللەر بىلەن تونۇشتۇم.بىز ئۇچىمىز كىچىگىمىزدىن باشلاپ بىرگە ئويناپ كىيىن ئايرىلغانلار بولغاچقىمۇ تىزلا چىقىشىپ كەتتۇق.شەنبە ـ يەكشەنبە دىسە يىغىلاتتۇق.بەزىمخانىدا ناخشا ئوقۇيتتۇق،دىسكوخانىلاردا دىسكو ئويناتتۇق.بازار ئارىلاپ كىيىم ئالاتتۇق.پۇل دىگەننى سۇدەك خەجلەپ كوڭۇل خوشى قىلاتتۇق دىسەكمۇ بولىدۇ.بىخەتەرلىگىمىزدىن ئەنسىرمىسەكمۇ بولاتتى.نەگە بارساق مۇرات،ئايگۇلنىڭ ئاكىسى

ناسىر بىزگە ھەمرا بولۇپ قوغدىغۇچى بولاتتى.بۇ شەھەردە ناسىرنىڭ نامى خېلى داڭلىق بولۇپ ئۇنى "ناسىر بايۋەچچە" دەپ چاقىرشاتتى.دىمىسمۇ ئۇ پۇلنى نەدىن تاپىدىكىن ھىساۋاتنى ئاساسەن شۇ قىلاتتى.ئەمما ئۇ بىر سۆيۈق،ھاراقكەش نىمە بولغاچقىمۇ ماڭا پەقەت ياقمايتتى.ياقمىدى دەپ  ئارلاشماي دىگىلى بولاتتىمۇ.بىز بارغان يەرلەرنىڭ قانداقلىغى ساڭا ئايان.بىز شوخ،تاماشاغا ئامراق بولساقمۇ ئىپپىتىمىزنى  ساقلاشنى بىلەتتۇق.بۇنداق يەرلەردىكى ياشلار بىزدەك شوخ خېنىملارنى كوردىمۇ بولاپ بىرەتتى.پەقەت ناسىر بايۋەچچىدىن قورقۇپ بولدى قىلاتتى.نەگىلام بارمىساق بەشىمىز بىرگە باراتتۇق.مۇراتمۇ.ناسىرمۇ بىرە ئاغىنىسىنى باشلىۋالمايتتى.ناسىر بايۋەچچە بولسا روشەنگۇل بىلەن ماڭا تەڭلا قانات سورەپ خوراز بولغۇسى كېلەمدۇ ئىككىلىمىزنى باشقىلاردىن قورۇيتتى.روشەنگۇل بىلەن مەن بۇنىڭدىن خوش ئىدۇق.چۈنكى ئىككىمىز ئايرىلمىدۇقمۇ ئۆزىمىزنى قوغداپ ئويۇنىمىزنى ئويناۋېرەتتۇق.بۇنداق ئويۇنلىرىمىزمۇ ئۇزۇنغا سوزىلمىدى.كېيىنچە ناسىر ماڭا كاندەك چاپلاشتى.مەن ئۇنىڭ تەلۋىگە ماقۇل بولمۇدۇم.ئايگۇل يالۋۇراتتى،

ـ شەمسىيە ئاداش،ئاكامنى ساڭا سايە قىلسام مېنى مازاق قىلما جۇمۇ،بۇ دۇنيادا ئىككىڭلاردەك ماس كىلىدىغان بىر جۇپلەر يوققۇ دەيمەن،ئائىلە ئورنى،جەمىيەت نوختىسىنى قويۇپ تۇرايلى،ئىككىڭلارنىڭ ماس كىلىشچۇ تېخى.قارا سەن ئەمدى ئېچىلىشقا باشلىغان گۈزەل بىر گۈل بولساڭ،ئاكام شۇ گۈلگە ئېچىلىش پۇرستى بىرەلەيدىغان بىر باغ.ئاكامنى دائىم ھاراقنى كوپ ئىچىدۇ،قايسى قىز كوزىگە چىرايلىق كورۇنسە قانات سورەيدۇ دەيدىكەنسەن.سەن ماقۇللام دىگىنە قەنى ئۇ ئەيىپلىرىنى تاشلايدۇ،ـ دەيتتى.مەن ئۇنىڭ تولا سۆيلەش،ئارىغا چۈششىدىن بىزار بولۇپ ئىنتاھان مەزگىلى كەلدى.ئۆگۈنىشنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدۇ دەپ ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم.ئۇلار بىلەن كەمدىن ـ كەم كورۇشىدىغان،كورۇشسەكمۇ تاماشاغا بارمايدىغان بولىۋالدىم.بىر كۈنى ئايگۇل تىلفۇن

قىلىپ،

ـ شەمسىيە ئاداش. بۈگۈن ئاكام ئۆيدە بولمايدىكەن. مۇرات بىلەن بىرگە كەلسەڭ. روشەنگۈلمۇ بار. تونۇمىز بىر مۇڭداشمايلىمۇ. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانغا ئاز قالغاندا ياق دىمە جۇمۇ، ـ دەپ تۇرىۋالدى. ياق دىسەم قەتئى ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇرات ئۇتۇنۇپ تۇرىۋالدى. ئامالسىز ئايگۈللەرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئۆيىگە باردىم. ئۇلار ئاكام ئۈچۈن ئالغان ئۆي دىسىمۇ، ئۈرۈمچىگە قايسى چىقسا مۇشۇ ئۆيدە تۇراتتى. بەزىدە ئايگۈلنىڭ دادىسى بولغان شەھەر باشلىغىمۇ يىغىن ،ئوگۇنىش دەپ ئورۈمچىگە كەلسە ئاتالمىش ئاكىسى ئۈچۈن دىگەن داچىدا يېتىپ ـ قوپاتتى. ناسىر بايۋەچچە بولسا ئالى مېھمانخانىلاردا يېتىشقا ئامراق بولۇپ بۇ ئۆي بوش قالاتتى. مۇرات بىلەن داچىغا كەلسەك ئايگۈل يالغۇز ئىكەن، ئۇنىڭ ئەيتىشىچە روشەنگۈلنىڭ دادىسى ئۈرۈمچىگە چىققاچقا روشەنگۈل ۋاختىنچە كىلەلمەيتۇدەك. ھېلىلەتتىن كەپ قالغۇدەك. بىز روشەنگۈل كەپ بولغىچە دەپ ئۆزىمىز تاماق قىلىپ يىمەك بولدۇق. مەن تاماق ئېتىشكە يامان ئەمەس ئىدىم. مۇراتنىڭمۇ قولى كېلەتتى. تاماقمۇ تەييار بولۇپ تاماق ئۈستىلىدە تاماق يىمەك بولۇپ تۇراتتۇق ئايگۈلنىڭ تىلىفۇنى سايراپ كەتتى. ئايگۈل

ـ ۋەي ئاكامىمۇ سىز. مەن ئۆيدە، سىزنىمۇ يېقىن جايدىما، كىلە ئۇنداقتا ،تاماق يەپ قايت، ـ دەپ تىلىفۇننى قويدى، بىزگە قوشۇمچە قىلىپ،

ـ ئاكامكەن. يېقىنلام يەردە دەيدۇ. تاماق يەپ قايت دەپ قويدۇم، ـ دىدى. ناسىرنىڭ كېلىشىنى ئۇقۇپ ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپلا قالدى. دىگەندەك بىر قانچە مىنۇت ئۆتمەستە ناسىر بايۋەتچىمۇ كېلىپ بولدى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ تىچ ئامانلىق سوراپ بولۇپ،

ـ ئۆيدە تاماق قىلىدىغان بولغاندىكىن ماڭىمۇ خەۋەر قىلىۋاتساڭلار بولماسمۇ ؟، ئۆزۈم تىلىفۇن قىلمىغان بولسام شەمسىيەنىڭ تاتلىق قولىدىن تاماق يىيەلمەس ئىكەنمەن، ـ دىمەسمۇ. ئويلاپ قالدىم ئۇ تاماقنى تاتلىق دەمدۇ ياكى قولۇمنى.

تاماق يېيىلىپ بولدى.روشەنگۈل تېخىچە كېلەي دىمەيدۇ.نىمىشقىكىن كۆڭلۈم ئازراق خاتىرجەم ئەمەس.بىر شۇملۇقنى سىزىپ تۇرىدۇ،قايتماق بولدۇم.

ـ ئايگۈل مۇراتمۇ بىلىدۇ،ئاخىرىقى ئىنتاھان يېقىنلاپ قالدى.ئوگۇنىش قىلمىسام بولمايدۇ،روشەنگۇلگە ساقلاۋەرسەم كىتەلمەي قالماي ھېلى،شۇڭا ماڭا رۇخسەت قىل، ـ دىدىم.ئايگۇل

ـ نىمىگە ئالدىرايسەن،ئويدە بىر ئاز ساقلايلى.روشەنگۈل كېلەلمەيدىغان بولسا توتىمىز بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كەلمەمدۇق، ـ دەپ تۇرىۋالدى.مەن مۇراتقا قارىدىم ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىگەندەك.مۇرات ـ

ـ شەمسىيە ئىنتاھانغا بىرقانچە ئاي بارغۇ،بۇگۇن دىگەن شەنبە.ئەتە دەرسىمۇ يوق.بىر ئاز ئوينىمايمىزمۇ، ـ دەپ مېنى لەت قىلدى. ئاچچىغىم بەك كەلدى.ئىست سەندەك كىم نان تاشلاپ بەرسە شۇنىڭغا غىلجىڭلايدىغان لالمىدىن ئومۇت كۇتكۇنىم.ئامالسىز ئۇلار بىلەن دىسكوخانىغا بېرىپ دىسكو ئوينۇدۇق.ئۇلار ھاراق دىگەننى بولۇشىغا ئىچىشتى.ئايگۇلمۇ ئاكىسىدىن نومۇس قىلماي ئىچىۋەتتى.بۇرۇن بۇنداق قىلغىنىنى كورمىگەنتىم.ئاكىسى يوقىدا ئىچىۋالاتتى.ماڭا خېلى زورلاپ باققان بولسىمۇ مەن يېقىن يولمىدىم.چۇنكى ھاراق دىگەندىن بەك بىزار ئىدىم.ئىچىش توگۇل پۇرىغىدىنىمۇ سەسكىنەتتىم.كىچە سائەت بىرلەردە تارقاپ چىقتۇق.بۇ چاغدا مەكتەپكە قايتىش مۇمكىن بولمىغاچقا ئايگۇلنىڭ ئويىگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇق.ناسىر بىلەن مۇرات بىزنى ئاپىرىپ قويۇپ سىرتتىن ياتاق ئاچقۇزىدىغان بولۇپ ئويگە يىتىپ كەلدۇق.ئىشىك ئالدىدا ئايگۇل

ـ ئاكا ئويگە كىرىپ ئازراق سوغۇق ئىچىملىك ئىچىپ قايتمامسەن، ـ دەپ ئۇلارنىمۇ ئويگە باشلىدى.ناسىر بايۋەچچە توڭلاتقۇدىن توت بوتۇلكا سوغۇق ئىچىملىك كەلتۇرۇپ بىزگە بىر دىن تارقىتىپ ئوزىمۇ بىرنى ئېچىپ بىر كوتىرىشىدە ئىچىۋەتتى.مەن سوغۇق ئىچىملىكنى ئېچىپ ئىچەي دەپ ئاغزىمغا ئاپارغىنىمدا ناسىر بايۋەچچە شۇنداق سەت بىرنى كىكىردىكى ئۇ

ئىچكەن هاراق پۈرىغى بۇرنىمغا پۇراپ هو تۇتتى.سوخانىغا يۈگۈردۈم.قايتىپ چىقسام مۇرات ئۆزىنىڭ سوينى ئىچىپ بولۇپ مېنىڭكىنىمۇ ئىچۋېتىپتىكەن،ئۇ ـ

ـ هەجەپ خوش ياقتى دىسە بۇ ئىچىملىك،سېنى ئىچمەيدۇ دەپ ئۆزۈم ئىچىۋەتتىم.ساڭا مۇنۇنى ئېلىپ قويدۇم، ـ دەپ بىر پىيالىغا قۇيۇپ قويغان ئىچىملىكنى ماڭا سۇندى.

ـ بولدى ئىچمەي.چايغا ئامراق بولغاندىكىن چاي دەملەپ ئىچەي، ـ دىدىم.ئايگۈل،

ـ بۇمۇ مۇراتنىڭ كوڭلىكەن،ئىچە ئاداش ،بىر يېرىڭدىن تىشىپ چىقماس، ـ دەپ ئىچىملىكنى قولۇمغا مۇرات قولىدىن ئېلىپ تۇتقۇزۇپ قويدى،مەن سوغۇق ئىچىملىككە ئامراق بولغاچقىمىكىن ئۇنى ئىچىۋەتتىم.

*　　　　*　　　　*

بىرىنىڭ بەدەنلىرىمنى سىلاشلىرىدىن سەسكىنىپ كوزۈمنى ئاچتىم.قارىسام ناسىر كىيىملىرىمنى تارتقۇشلاپ سالدۇرىۋاتقان بولسا كىرەك.

ـ نىمە قىلىسەن، ـ دىدىم.كاللام ئازراق سەگەكلەشتى.

ـ هېچنىمە جانىم.پىراقىڭدا ئولسۇن دەمسەن،شۇ سەن بىلەن. . . ، ـ ناسىر شۇنداق دىگەچ مەيدەمگە قولىنى ئاپاردى.مەسلىكتە گېپى ئېغزىدىن چۈشۈپ كىتىۋاتاتتى

ـ تارت قولىڭنى ئىپلاس، ـ دەپ قولىنى تاتىلىدىم.

ـ نىمە قىلىۋاتىسەن شەمسىيە،ئاناڭ ـ داداڭلاردىن بىرى مۇشۇك ئەمستۇ هە، ـ ئۇ شۇنداق دەپ قولىنى كورۈش ئۈچۈن يىغدى.پۇرسەت كەلدى.ئايغىمدا كەرىپ ئولتۇرغان چات ئارىسغا كىلىشتۇرۇپ بىرنى تەپتىم.

ـ ۋايجان،سەت قانجۇق، ـ ئۇ ئۇلۇنۇپ يەرگە يىقىلدى.ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا قاچتىم .سىرتنىڭ ئىشىگى قۇلۇپلانغان ئىكەن ئاچقۇچ بولمىسا چىقالمايتتىم.پەستىكى ئويلەر ئوغرىدىن مۇداپىيەلىنىش ئۈچۈن دەرىزىلەر سىرتتىن قورشالغان بولغاچقا ئىككىنجى قەۋەتكە چىقتىم.ئىككىنجى قەۋەتتىكى دەرىزىسى داچا قوروسغا ئەمەس سىرتتىكى يولغا قارايدىغان

ھوجرا ئۆيگە كىردىم.كىرىپ بىرىگە پۈتلاشتىم.قارىسام ئايگۈل ئىكەن .ھېچ نەرسىنى تۇيماي يېتىپ كىتىپتۇ.سىلكىشلىدىم.ئويغۇنىدىغاندەك ئەمەس.ئەھۋالدىن قارىغاندا ھۇشسىز بولسا كىرەك.سىرتتىن ناسىرنىڭ ئاياق تىۋشى كەلدى،بالكۈنغا چىقىپ بالكۈننىڭ دەرىزىسىنى ئېچىپ ئۆزۈمنى پەسكە تاشلىدىم.

پەسكە قاتتىق چۈشكەچكە ھۇشسىزلىنىپتىمەن.كۆزۈمنى ئاچسام دوختۇردا يېتىپتىمەن.پۈتلىرىم بەكمۇ ئېغىر .مىدىرلىتالمىدىم.ئۇقسام پۇتۇم سۇنۇپتۇ.سەكرىگەندىكى گۈپ قىلغان ئاۋازنى داچا ئامانلىق قوغدىغۇچىلىرى ئاڭلاپ يېتىپ كەپتۇ ۋە مېنى شۇلار دوختۇرغا ئەكىلىپ ساقچىغا مەلۇم قىلغان ئىكەن.ساقچىلار مېنىڭ ھۇشۇمغا كەلگىنىمنى كۆرۈپ ئەھۋال ئىگىلىدى.مەن بولغان ئىشلارنى ئەيتىپ بەردىم.ئۇلار ناسىرنىڭ ئىچىملىك قۇتىسىغا بىھۇش قىلىش دورىسى ئارلاشتۇرغانلىغىدىن گۇمانلىنىپ ئۇنىڭ قۇرۇق بوتۇلكا قۇتىسىنى ئالماشتۇرۇپ تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ناسىرنىڭ ئۆيىگە كېتىشتى.قارىسام تاڭ ئېتىپ قالغان ئىكەن.

ناسىر تۇتۇلدى.دىگەندەك ئۆيىدىكى ئۈچ بوتۇلكا ئىچىملىك قۇتىسىدىن بىھۇش قىلىش دورىسىنىڭ قالدۇقى تېپىلىپتۇ.يەنە ئۇنىڭ ئۆيىدىن زەھەرلىك چېكىملىك چىقىپتۇدەك.ئەسلى ناسىر زەھەرگە خۇمار ئىكەن.

ئانام ـ دادىلار ئەھۋالىمنى ئۇقۇپ تىزلام ئۈرۈمچىگە چىقىشتى.ئايگۈلنىڭ دادىسى ئۈرۈمچىدە ئىكەن. ئانىسى مېنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇمۇ چىقىپتۇ.ئۇلار دوختۇرغا كۈندە كېلىپ بېشىمنى ساراڭ ئىتتۋەتتى.ئۇلارچە بولغاندا مەن ئەرىزىمنى قايتۇرىۋالسام ناسىر بىلەن مېنى ئۆيلەپ قويىغۇدەك.بولمىغاندا ناسىر كىسىلىپ كەتكۈدەكمىش.بۇنداق گەپلەرنى ئويلىسام قۇسقۇم كىلەتتى.ھېلىغۇ ناسىر مۇشۇنداق ئىپلاسلىق قىلدى.ئىپلاسلىق قىلماي تۇرۇپ ئالاي دىسىمۇ ئۇنىڭغا تېگىدىغان يېرى يوق ئىدى.دادامنىڭمۇ پوزىتسىيىسى قاتتىق بولۇپ ئۇلارنى دوختۇرغا يېقىن يولاتماس بولدى.شەھەر باشلىغى بىلەن بۇرۇن يېقىن

دوسلاردىن بولسا مانا هازىر رەقىپلەردىن بولاپ قېلىۋاتاتتى.بىر كۈنى شەھەر باشلىغى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ مېنى يوقلاپ كەلدى.دادام ماڭا قاراپ ئولتۇرغان بولۇپ،شەھەر باشلىغىنىڭ ئىشكتىن كىرىۋاتقانلىغىنى كورۈپ،

ـ قەنى ئاۋۇ ئايگۇل دىگەن قىزىڭلارنى باشلاپ كېلىڭلار،مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوغلۇڭلار قىلغاننى قىلىپ ناكا قىلىپ قويغاندىن كېيىن سىلىمۇ بولدى قىلامسىلەر كورۈپ باقاي،شۇ چاغدا سىلىنىڭ قايتۇرغان ئىكاسىڭلىغا قاراپ بىر نىمەدەي،بولامدۇ، ـ دەپ ئۇنى ئىشىك تۇۋىدىنلا قوغلىدى.شەھەر باشلىغى،

ـ ئادىل ۋالى ماڭىمۇ ئىچىڭلار ئاغرىسۇن.ناكەس ئوغلۇم كىچىكلىك قىلىپ قويۇپتۇ.ئۇنىڭغا بىر پۇرسەت بەرسەڭلا نىمە بولىدۇ،ئۇ كىسىلىپ سولانسا سىلىگە نىمە پايدا،شەمسىيە پۈتى سۇنغاننى هساپقا ئالمىغاندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىدىغۇ، ـ دەپ يېلىندى.دادام،

ـ شۇنداقمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىدى دەمسىلە.ئىچكەن زەهەرنىڭ كۈچى ۋاختىدا يوقالمىغان بولسا نىمە بولاتتى،ئاقىۋەتنى بىلمىدىغانسىلە،كېسىلسە نىمە پايدا دەمسىلەر،ئۇنداق ناكەسلەر سولىنىپ يوقالسا،مېنىڭدەك قىزلىرى شۇ ناكەسنىڭ قولىدا نابۇت بولغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يىغىسى ئازلاپ قالار،بەلكىم شۇ باندا بىر قانچە قىز بالا ساقلىنىپ قالار،بىر زىياندىش يوقالسىمۇ شۇ پايدا، ـ دەپ ئۇنىڭ يۈزىنى قىلمىدى.شەھەر باشلىغى،

ـ بوپتۇ قىلغانچە قىلىۋېلىڭلار،كورىمىز تېخى، ـ دەپ يوقالدى.هەجەپ ئىش،ناسىرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شۇنچە ئاۋارە بولۇپ كەتسىمۇ،ئايگۇل پەقەت كورۈنمەيتتى.مەن دوختۇردا يېتىش جەريانىدا تەقۋا بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم.ئۇنىڭ دەۋىتى بىلەن يامانلىقنىڭ نىمە،هەقنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلىپ هازىرقى يولۇمنى تاللىدىم.ناسىردەك ناكەسنىڭ قولىدىن ساق قۇتقۇزغان هەق ئىگەمگە شۈكرى هەمدۇسانالار ئەيتتىم،شەمسىيە مۇشۇ ئۆزگەرگەن جەرياننى دىگەندە هاياجانلانغاندەك قىلاتتى،ئۇنىڭ كېيىنكى باياناتلىرىغا قولاق سېلىپ ئولتۇردۇم.

*  *  *

ـ ئاردىن توت ئاي ئۆتكەندە ناسرغا سوت ئېچىلدى.سوت يېپىق بولغاچقا چوڭلار قاتناشتۇرۇلمىدى.ناسرنى مەخسەدكە يېتەلمىگەن باسقۇنچىلىق،باشقىلارنىڭ ئىچىملىگىگە بېھۇش قىلىش دورىسى سېلىش،باشقىلارنى ئۆيىگە قاماپ يارلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش،زەھەر ساقلاش،چېكىش دىگەندەك بىر قانچە جىنايەت بىلەن ئەيىپلىدى.سوت باشلىنىپ گۇۋاھلىق ئاڭلاش باسقۇچى باشلانغىنىدا ئايگۈلنى گۇۋاھچى ئورنىدا كوردۇم.ئۇ جۇدەپ قالغان ئىدى.قارىلىغۇچى تەرەپ ئۇنىڭدىن سورىدى.

ـ ئىسمىڭىز نىمە.

ـ ئايگۈل.

ـ فامىلىڭىز بىلەن قوشۇپ دەڭ.

ـ ئايگۈل سادىق.

ـ تۇرۇشلۇق ئورنىڭىز.

ـ شىنجاڭ ئۇنىۋىرسىتتى ئوقۇغۇچىسى.

ـ كىملىگىڭىز.

ـ 65................،

ـ جاۋاپكارنى تونۇمسىز.

ـ تونۇيمەن.

ـ قانداق مۇناسىۋىتىڭلار بار، ـ ئايگۈل جاۋاپ بەرمەي جىم تورىۋالدى.قارىلىغۇچى ـ

ـ مۇناسىۋىتىڭلارنى ئەيتىپ ئۆتۈڭ ؟، ـ قايتا سورىدى.ئايگۈل ئاكىسىغا قارىدى.ناسر سىڭلىسىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.ئايگۈل نىمە ئۈچۈنكىن ئاكىسىدىن نەپرەتلەنگەندەك قىلاتتى،ئۇنىڭ كوزىدىن ياش سىرغىدى.قارىلىغۇچى،

ـ ماتىرىيالدا سىلەرنى ئاكا ـ سىڭىل دەپتۇ، شۇنداقمۇ ؟مۇناسىۋىتىڭلارنى ئەيتىپ

ئوتتۇڭ، ــ دەپ سورىدى.ئايگۈل ئاكىسىغا ئۇبدان بىر سەپ ــ سېلىپ قارىۋېتىپ،

ــ ئۇ مېنىڭ ئاكام ئەمەس،ئۆز سىڭلىسىغا ناكەسلىك قىلغان،سىڭلىسىنىڭ ئىپپىتىگە تاجاۋۇز قىلغان بۇنداق ئادەمنى قانداقمۇ ئاكام دەيمەن.ئۇ دىگەن بىر هايۋان...، ــ قاتتىق چىقىراش يىغا سوتنى بىر ئالدى.باش سوتچىدىن باشلاپ ئاقلىغۇچى،قارىلىغۇچى.مەندەك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار هەيران قالدۇق، ــ ناسىر ۋاقىراپ كەتتى.

ــ مۇمكىن ئەمەس،مۇمكىن ئەمەس،مەن ئۇنداق قىلمىدىم،ئۆيدە مۇراتمۇ بار،دادام شۇ كىچىدە قايتىپ كەلگەن ئىكەنتۇق،دادامۇ بىلىدۇ،ئوبدان تەكشۈرۈڭلار،ها ها ها...هو هو هو...، ــ ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى ياكى كۈلگىنىنى بىلگىلى بولمىدى.سوت بۇزۇلدى.ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بىر ناكەسلىك ئاشكارىلاندى.مۇراتنىڭ ئۇ ئىشنى قىلغۇدەك ماجالى ئەسلا بولمايتتى.چۈنكى ئۇ مېنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بولۇپ ئىككى قۇتا ئىچىملىگىنى ئىچىۋەتكەن ئۇنىڭدىكى بىهۇش قىلىش دورىسى ئۇنى بۇ ئىشلارنى قىلدۇرمايتتى.شۇ كىچە شەهەر باشلىغى قايتىپ كەلگەن بولسا بۇ رەسۋالىقلاردىن شۇ خەۋەردار ئىدى.سوتنى كېيىنگە ئاچىدىغان بولۇپ سوتتىن ئايرىلدۇق.

يەنە بىر ئاي بولغىنىدا سوت ئېچىلدى.كېيىنكى سوتتا ناسىر بارلىق گۇناهلىرىنى بوينىغا ئالدى.ئۇ، ــ مەن قاتتىق مەس بولغۇنۇم ئۈچۈن سىڭلىمنى شەمسىيەگە ئوخشۇتۇپ قېلىپ چېقىلىپتىمەن، ــ دەپ ئۆزىگە قاتتىق جازا بىرىشنى تەلەپ قىلدى.هەيران قالارلىق بىر ئىش ــ بۇ چاغدا ناسىردا ئەيدىس كىسىلى بار ئىكەنتۇق.ئۇنىڭ زىيانكەشلىگىنى تولۇق ئىسپاتلاش ئۈچۈن مېنىڭمۇ ئەيدىستىن يۇقۇملانغان ــ يۇقۇملانمىغىنىمنى تەكشۈرۈپ كورىشتى.ماڭا قىزلىق ئىپپىتى ساق،كىسەل يوق دىگەن يەكۈننى بەرگەن بولسىمۇ.شۇ كىچە قىزلىغىدىن ئايرىلغان ئايگۈلگىمۇ بۇ ناكەس كىسەل يۇقمىغان ئىدى.

سوتتىكىلەر بىر نەرسىنى يۇشۇرغاندەك شۇ كىچىدىكى ئايگۈلنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ DNAسى تەكشۈرۈلگەنلىك ئىسپاتىنى سوراپمۇ قويمىدى.هەيران قالىمەن يۇقۇش يولى قان ۋە جىنسى

مۇناسىۋەتتىن يۇقىرىغان بۇ كىسەل نىمە بولۇپ ئايگۇلگە يۇقمايدۇ.سوتتىكىلەر ئايگۇلنىڭ مەخپىيىتىنى يۇشۇرۇش ئۇچۇن ئەيتمىدىمىكى دەيلى دىسەك مەن كىيىن باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنىڭ قان ئەۋرىشكىسىگە ئىرىشىپ تەكشۇرتۇپ كورگەن.ساق ئىكەن، ـ دەپ سوزىنى توگەتكەن شەمسىيە ماڭا بىر نىمە دە دىگەندەك قارىدى.مەن،

ـ سىنىڭچە بولغاندا ئايگۇلگە چىقىلغان باشقا بىرى بولمىسۇن يەنە، ـ دەپ سورىدىم.شەمسىيە

ـ مەنمۇ شۇنداقمىكى دەپ گۇمان قىلىمەن.قىزلىق پەردە يىرتىلسا قان ئۇچراشماي قالمايدۇ.هەي...، ـ دەپ بىشىنى چايقىدى شەمسىيە.مەن،

ـ مۇراتمۇ يا ئۇ، ـ دىدىم.شەمسىيە،

ـ مۇرات بولىشى مۇمكىنمۇ،ئۇ مەن ۋە ئوزىگە بىرىلگەن دورىنى ئىچىپ هۇشسىزلانغان تۇرسا،ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭدا قىلچىلىك گۇمان بولسا ئۇلار بۇ رەسۋالىقلارنى ئوز ئوغلىنىڭ بوينىغا ئىلىشنى خالامدۇ دەيسەن، ـ دىدى.مەن

ـ كىم ئىكەنلىگىنى ئايگۇل بىلەمدىغاندۇ ؟، ـ دەپ سورىدىم.شەمسىيە،

ـ قانداق بىلىدۇ،ئۇ شۇ كىچە پۇتۇنلەي هۇشسىز تۇرسا،هۇشىغا كىلىپ ئوزىدىكى نورماللىسىزلىق ۋە قان دىغىنى كورۇپ بىلگەن گەپ، ـ دىدى.مەن

ـ ئەمىسە كىم شۇنداق قىلغاندۇ ؟، ـ دەپ شەمسىيەنىڭ جاۋابىنى بىلمەك بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم،شەمسىيەنىڭ كوز جىيىگىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۇشتى.ئۇ،

ـ مەنمۇ ئىنىق بىلمەيمەن،شۇ كىچە ئۇ ئويدە،مۇرات،ناسىر ۋە كىچىچە باشقا يەردە ئىچىپ خۇدىنى بىلمەي كەلگەن ئايگۇلنىڭ دادىسى ـ جانابى شەهەر باشلىغى ئۇچلام كىشى قونغان ئىكەن، ـ مىڭەم پارتلاپ كەتمىدى بەرى بولدى،ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ بىشىمنى قامالالاپ ۋاقىرىدىم،

ـ ئەي ئاللاھ ئوزۇڭگە ئامانەت،بۇ ئىپلاسلىقنى بىلمىگەن بولاي، ـ ۋاقىرىدىم .سەكرىدىم

ئوينى بېشىمغا كەيدىم.شەمسىيە مېنى تۇتىۋالدى،ئۆز باغرىغا بېسىپ قولغىمغا پىچىرلىدى،

ـ مۇشۇنداق ئىپلاسلىقتا ئۇچرىغان ئايگۈل بارلىق گۇناھنى مەندىن كۆرۈپ ماڭا دۈشمەنلىك قىلىدۇ.ئۇنىڭچە بولغاندا مەن شۇ كېچە ئۆيدىن قېچىپ چىقمىسام ئۆزىگە كەلگەن ئىپلاسلىق يۈز بەرمىگەن بولىمىش،مېنىڭ نىمە بولىشىم بىلەن كارى يوق ئىكەن ـ دىدى.مەن،

ـ ئايگۈلنىڭ ئاكىسى كېيىنچە نىمە بولدى، ـ دەپ سورىدىم.شەمسىيە

ـ ئۇنىڭغا مۇددەتسىز كېسىۋەتتى،بىراق تۈرمىگە كىرىپ ئۈزۈن ئۆتمەي روھى جەھەتتىن توگۇشۇپ ساراڭ بوپ قاپتۇ،شۇنىڭ بىلەن شەھەر باشلىغى ئۇنى ئىچكىرى ئۆلكىدىكى مەلۇم بىر دوختۇرخانىغا يوتكەپ شۇ يەردە ئۆلۈپتۇ،ئاڭلىشىمچە ئۇ ئېلىشىپ قالغان ۋاقتىدا دائىم "دادام باسقۇنچى،دادام باسقۇنچى..."دەپ ۋاقىراپ يۈرگەنمىش، ـ شەمسىيە يىغلاۋاتاتتى.مەن ئۇلار ئوتتۇرسىدىكى زىدىيەتنى بۇنچە مۇرەككەپ دەپ بىلمىگەن ئىكەنمەن.شەمسىيەنى باغرىمغا تېخىمۇ چىڭ باستىم،قۇلاق تۈۋىگە پىچىرلىدىم،

ـ ئايگۈللەرنىڭ ئىشنى بولدى قىلايلى،بۈگۈن بىزنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشىمىز بار، ـ دىدىم.شەمسىيە،

ـ ئايگۈلنىڭ ئىشنى بولدى قىلساق بولمايدۇ،ئۇمۇ بىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، ـ دىدى.مەن،

ـ بۇلارنى ئەتىگە قالدۇرۇپ ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى، ـ دىدىم،لەۋلىرىمنى گىلاس ئىزلەپ لەۋلىرگە باستىم....شىرىن بىر تەم ۋۇجۇدۇمنى قاپلىدى...

(ئەتىكى يوللىشىم بىلەن پۈتۈن قىسىم توگەيدۇ.چۈشتىن كېيىن يېزىپ باقاي،بۈگۈن توگىتەرمەن بولمىسا... كۈتمىگەن يەردىن چىققان بولسا تىللىماڭلار بولامدۇ.

ياخشى كورىشڭلارنى ئۈمۈت قىلىمەن.)

شىرىن بىر كېچىنى ئوتكۈزۈپ ئۆزۈمنىڭ تارتقان بارلىق خاپىلىغىمنى ئۇنتۇدۇم.تاڭ ئاتماستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان شەمسىيەنى نوقۇدۇم.

ـ قوپە ـ قوپ . بىر يىلدىن بويان تارتقان خاپىلىقلار يوقلام بولدىغۇ بۈگۈن ، ـ ئۇ كوزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ يانغا قارىۋالدى . خىجىل بولىۋاتقانلىغى چىقىپ تۇراتتى .

ـ نىمەگە تارتىنىسەن جانىم . بىز دىگەن ئەر ـ خوتۇن جۇمۇ ، ـ دەپ بېقىنىنى قىچىقلىدىم ، ئۇ ـ

ـ ساراڭ ، ئەتتىگەندە جىن تەپمىگەندۇ ، ـ دەپ تاتلىققىنا ئەركىلىدى . پۈتۈن بەدىنىمدىن تارىغان تاتلىق بىر سىزىم يۈرىگىمدە توختىدى .

ـ شۇنداق ئايگۈلنىڭ جىنى تېپىۋاتىدۇ ، تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ دىسە ، ـ دەپ شەمسىيەگە باقتىم . ئۇمۇ بىر نىمىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك دەرىزە سىرتىغا قاراپ مۆڭلۈنۈپ قېلىۋاتاتتى ، مەنمۇ خىيالغا جۆر بولدۇم . هاراق دىگەن شۇنچە پەسمىدۇ ، مېنىڭمۇ مۇشۇ هاراق كېلىشىمگە باشلاپ كىرىپ شەمسىيەدەك ئىسىل خوتۇنلۇق بولىۋالدىم . ئەمما ئايگۈلچۇ ؟ ، ئۇنىڭغا بولغان ئادالەتسىز رەزىللىكنىڭ كېلىش مەنبىيى هاراققۇ . شۇ رەزىللىكلەرنى بىلگەن ئايگۈلنىڭ ساراڭ بولۇپ قالمىغىنىغا هەيرانمەن . مۇشۇ پەسكەشلىكنى راسلا دادىسى قىلغانمىدۇ ؟ ، بىراق قەلبىمنىڭ بىر يەرلىرى بۇلارنى هەرگىزمۇ شەهەر باشلىغى قىلمىغان دەپ چوقان كوتۈرىدۇ . بەلكىم6 ـ سىزىمىم بولسا كىرەك . . .

ـ شەمسىيە ، هاراق شۇنچە پەس نەرسىمۇ ؟ ، ـ دەپ سورىدىم . خىيال بىلەن سىرتتقا بېقىۋاتقان شەمسىيە مەن تەرەپكە قاراپ ،

ـ بىلەلمىدىڭمۇ ، تارتقانلىرىڭنىڭ نىمىدىن كەلگەنلىگىنى بىلەلمىدىڭمۇ ؟ ، ـ دەپ ياندۇرۇپ سۇئال قويدى . مەن

ـ مەنغۇ مەس بولۇپ سەندەك پەرىشتىگە يولۇقتۇم ، ـ دەپ ئەركىلىمەكچى بولىۋېدىم . شەمسىيە كولۇش ئۈچۈن ئاچقان ئېغىزىمنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ ،

ـ بۇنى كۆلكە قىلىۋالما ، نىكاھ غايىپ ، سەن كىلىشىم تۈز ـ تۈزمە بىزنىڭ نىكاھىمىزنى توسۇپ قالالايدىغان ئاللاهتىن بولەك كىشى يوق . چاخچاق قىلدىم دەپ ئاللاهنىڭ غەزىۋىگە

قالمايلى.سەن هارام توغرىلىق چاخچاق قىلما. هاراقنىڭ هارام بولىشى ئاللاھنىڭ هوكۇمىدۇر،چاخچاقتا ئارلاشتۇرۇپ كۇفرىغا سەۋەپ بولما، ـ دىدى ۋە سوزىنى داۋاملاشتۇردى.

ـ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن ئەرەپلەر ئەڭ چوڭ هاراقكەش مىللەت بولۇپ،مەسلىكتە قىلغان پەسكەشلىكلەرنى نومۇس دەپ قارىمايتتى.هاتتاكى پەخىرلىنىپ سوزلىشىپ يۈرەتتى.ئاللاھ ئىسلام نۇرىنى ئەرەپ زىمىنىگە چاچقان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا هاراقنى هارام قىلمىدى.سەۋەپ مۇشۇ توپەيلى هاراققا ئامراق ئەرەپ خەلقىنىڭ قەلبىدە بىخلىنىۋاتقان ئىمان نۇرىنى چورۇپ تاشلىشىدىن.قىيىنلىق كوپكەن دەپ ئىماندىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەش ئىدى.هاراقنىڭ چەكلىنىشى ئۇنىڭدىن سەسكەندۈرىدىغان ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقتى.چۈنكى بىرەر يامان ئىشنىڭ چەكلىنىشى بىرە ۋەقە تۈپەيلىدىن بولسا بۇنداق ۋەقەنى ئەيىپلەشكە هەممە ئادەم قوشىلىدۇ.بۇنداق بولغاندا كىشىگە تەسىرى چوڭقۇر بولىدۇ.هاراق توغرىسىدا قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى "سەندىن هاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ،سەن ئۇلارغا :بۇ ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە بەزى پايدا بار،لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ ،دىگىن."(سۈرە بەقەر.219ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) ئۇ چاغلاردىكى قىمارنىڭ پايدىسى ئەرەپلەرنىڭ قائىدىسىدە قىماردا ئۇتقانلىرىدا ئۇتقان مال كەمبىغەللەرگە سەدىقە قىلىناتتى.هاراقنىڭ پايدىسى بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى.ئۇندىن كېيىن مەس هالەتتە ناماز ئوقۇش مۇنۇ ئايەت بىلەن چەكلەندى "ئى مومىنلەر سىلەر مەس بولساڭلار ،نىمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغا قەدەر نامازغا يېقىنلاشماڭلار."(سۈرە نىسا 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)،كېيىن بەزى مۇسۇمانلار هاراق ئىچىپ دىنى بۇرادەرلىرىگە چېقىلىپ قويىغانلىقتىن.تىرىك توگىنىك لوكىسنى،ئىچ ئەزاسىنى كىسىپ ئېلىپ يېگەنلىكتىن قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەت نازىل بولۇپ هاراق قەتئى هارام قىلىنغان "ئى مومىنلەر هاراق ئىچىش ،قىمار ئويناش،بۇتلار،پال ئوقلىرى هەقىقەتەن پاسكىنا قىلىق،شەيتاننىڭ ئىشى.نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلاردىن ساقلىنىڭلار.شەيتان هاراق،قىمار

ئارقىلىق ئۆز ـ ئاراڭلاردا ئاداۋەت، دۈشمەنلىك تۇغدۇرماقچى، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن ۋە نامازدىن توسماقچى بولىدۇ. بۇ ئىشلاردىن يانماسىلەر ؟"(سۈرە مائىدە، 90 ـ 91 ـ ئايەتلىرى)دىگىنىدە ئەينى زاماندىكى مۇسمانلار "ياندۇق"دەپ جاۋاپ بەرگەن. شۇندىن كېيىن بىز مۇسمانلارغا ھاراق ھارام بولغان.

ھاراق دىگەن شۇنداق نەرسە، ئاز ئىچكىنىدە ئازراق پايدىلىق بىلىنسىمۇ ئاز ئىچمەن دەپ كاپالەت قىلغىلى بولامدۇ، جەمىيىتىمىزدە ئېغىزدىن چىقارغۇسىز پەشكەش قىلمىشلارنىڭ قانچىلىگىنىڭ ھاراق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىگىنى سورىساڭ ،دىيەلەيمەنكى يېرىمىدىن كوپرەكى دىگۈدەك ھاراق بىلەن مۇناسىۋەتلىك چىقىدۇ ، ـ دەپ شەمسىيە سوزلەشتىن توختاپ قانداق دەپ مەندىن جاۋاپ كۈتتى. مەن ـ

ـ دىنى بىلىملىرىڭىنىڭ بۇنچە كوپلىگىنى ئويلىماپتىكەنمەن. دىگەنلىرىڭدىن ھەقىقەتەن ھاراقنىڭ نەسلىكىنى بىلدىم. بىراق ئايگۈلگە ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ھېلىقى پەسكەشلىكنى مەيلى كىم قىلغان بولسۇن ئۇنىڭ كوتىرەلىشى تەسكە چۈشىدۇ. ئاداۋەتنى يۈيۈپ تاشلايلى. ئۇنى تۈرمىدە يېتىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى. ئاكىسى ئولدى. دادىسى تىگىشلىك جازاسىنى يەپ تۈرمىدە يېتىۋاتىدۇ. ئانىسىنىڭمۇ ھېچ بىر خەبىرى بولمىدى. مۇشۇلارمۇ ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا يىتەر ، ـ دەپ شەمسىيەگە باقتىم. شەمسىيە ـ

ـ سەن دىمىسەڭمۇ بۇ مەسىلىنى ساڭا مەن دەيتتىم. سىنىڭ ئويۇڭ بىلەن مىنىڭ خىيالىم بىر. قىزلارنىڭ دوستى يوق دەپتىكەن كونىلار. ئەمما مەڭگۈلۈق دۈشمەنمۇ يوق دەپ قارايمەن. دۈشمەنلىرىمىزگە ياخشىلىق ئارقىلىق قەلبىنى مايىل قىلىشنى ئاللاھمۇ قوللايدۇ. بىز بۇ مەسىلىدە روشەنگۈل بىلەن مۇراتنىڭ ماقۇللىغىنى ئېلىپ بىر نىمە دەيلىك. ئۇلارمۇ چوڭ زىيەنكەشلىككە ئۇچۇرغۇچىلار. بەلكىم ئايگۈل دوستىمىز بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، ـ دەپ سوزنى خۇلاسىلىدى. بىز روشەنگۈلنى ئىزلىمەك بولدۇق. سوز بىلەن بولۇپ  ناماز ۋاختى ئوتۇپ كەتكىلى تاس قاپتۇ...

*　　　　*　　　　*

روشەنگۈلگە ئايگۈلنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سوزلەپ بەرگىنىمىزدە ئۇ بىزنى قوللىدى.ئايگۈلگە بىزدىن بەكراق ئىچ ئاغرىتتى.ئەمدىكى گەپ مۇراتتا قالغان ئىدى.مۇرات بىزنىڭ مەخسىدىمىزنى بىلگىنىدە قايناپلا كەتتى.

ـ سىلەردە مەيدان،غۇرور دىگەن نىمە بارمۇ ؟،ئايگۈلنىڭ قىلغانلىرى شۇنچە تېز يادىڭلاردىن چىقىپ كەتتىمۇ ؟،ئۇ دىگەن بىر چايان.ھامىنى ئادەم چاقىدۇ.مەن قوشۇلمايمەن، ـ ئۇنىڭ كەسكىن رەت قىلىشى بىزنى گاڭگىرتىپ قويدى.دىمىسىمۇ بىز ئالدىراپ قالغان ئىدۇق.روشەنگۈل بىلەن مۇراتنىڭ كىسەلمۇ ـ ئەمەس دىگەن نەتىجىسى تېخى چىقمىغان.ئۇلارنىڭ نەتىجىسى بىزگە قاراڭغۇ ھالەتتە شەمسىيە بىلەن مېنىڭ ئۇلار ئۇستىدە ئايگۈلگە ھوكۇم چىقىرىش ھوقۇقىمىز يوق .چۈنكى روشەنگۈل بىلەن مۇرات ئايگۈلنىڭ پىچاققا ئىشلەتكەن قەستىدىن خەۋەرسىز ئىدى.كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇق.

*　　　　*　　　　*

3 ئايدىن كېيىن

روشەنگۈلدە ھېلىقى مەرەز كىسەل يوق بولۇپ چىقتى.بىز بەكمۇ خوشال بولدۇق.ئەپسۇس مۇرات كىسەلنىڭ نەتىجىسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ بۇ شەھەردىن يوقاپ كەتتى.ئۇنىڭدا كىسەل بارمۇ ـ يوق بىلەلمىدۇق. ئۇنى كوپ ئىزلىگەن بولساقمۇ ھېچ خەۋىرى بولمىدى.پەقەت ئۇنىڭدىن بىر باغاقچە قالغان بولۇپ ئۇنىڭدا "مەن كەتتىم.ئىزلەپ يۈرمەڭلار.ئايگۈل ئىشىدا بىلگىنىڭلارنى قىلساڭلار بولىدۇ.ئەمما ئۇ بىر چايان،زەھرىنى ئېلىۋالساڭلارمۇ چېقىشقا ئۇرۇنىدۇ.ئاخىرىدا بىر ئىشنى ئۇختۇرۇپ قوياي.ھېلىقى كىچىسى ئايگۈلگە چېقىلغىنى شەھەر باشلىغى ئەمەس "ئىمزامۇ يوق،خەت كومپيۇتىردا ئۇرۇپ چىقىرىلغان،مۇراتنىڭ ئانىسى ئارقىلىق ئىرىشكىنىمىز ئۇچۇنلا ئۇنىڭ خېتى دەپ چۇشەندۇق.

مۇراتنىڭ ئايگۈل ئىشىدا قىلغان سوزنى بىزنىڭ ئايگۈلنى ئاقلىشىمىزنى توسۇش ئۇچۇن دەپ

چۈشەندۈق.چۈنكى ئۇ ئۇ كىچىسى ھۇشسىز تۇرۇپ بۇ ئىشلارنى قانداقمۇ بىلىدۇ ؟،بىلگەن بولسا بۇرۇن نىمە ئۈچۈن پاش قىلمايدۇ ؟،شۇڭا بۇ ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ ئايگۈلنى قۇتقۇزىشنى قارار قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۇقۇرى-تۈۋەن قاتىرىدۇق. ئىشىمىز ھەل بولدى.

بۈگۈن ئۇنى قويۇپ بەرمەكچى بولغاچقا تۇرمە دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇنى ساقلىدۇق.ئۇ تۇرمە دەرۋازىسى ئالدىدا بىزنى كورۇپ تورمىگە قايتا كىرىپ كېتىش ئۈچۈندىكىدەك كەينىگە بۇرۇلدى.ئاللا بۇرۇن تاقىلىپ بولغان دەرۋازىنى كورۇپ بىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ،

-تاماشايىمنى كورگىلى كېلىشتىڭمۇ،-دەپ نەشتەردەك تىكىلدى.قارىسام كوزلىرى شەمسىيەگە تىكىلگەن ئىكەن.روشەنگۈل؛

-بولدى قىل ئايگۈل.سېنى قۇتقۇزىمىز دەپ ئاز جاپا چەكتىقمۇ ؟بۇرۇنقى دوسلىغىمىزنىڭ يۈزى، شۇنداقلا سېنىڭ تارتقان كۈلپەتلىرىڭنى دىمەيدىغان بولساق.سەندەك بىر ئادەمنى قۇتقۇزىمىز دەپ نىممۇ قىلارمىز،بىزگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭ ئاز كەپ قالمىغان بىزلەرگە بولمىسا ، -دىدى.ئايگۈل،

-ھا ھا ھا..ئىشلىرىمدىن خەۋەر تېپىپسىلەردە ،قەنى شەمسىيە شۇ ئىپلاسلىقلارنىڭ جاۋابىنى كىم بىرىدۇ،-دىگىنىچە شەمسىيەگە ئېتىلدى.روشەنگۈل بىلەن مەن ئۇنى توسۇپ ئۈلگۈردۇق.روشەنگۈل؛

-ئولسەڭمۇ خۇيۇڭ ئوزگەرمىگۈدەك ئايگۈل.قىلغۇلۇقنى ئاكاڭ قىلسۇن.گۇنانى شەمسيەدىن كورەمسەن.بولدى كوزۇمدىن يوقال.بىز قايتايلى شاكىر،-دىدى ۋە شەمسىيە بىلەن مېنىڭ قولۇمدىن تارتىپ  ماڭدى.بىز قايتىش ئۈچۈن ياندۇق.

-توختاش،-ئايگۈل ۋاقىراپ بىزنى توختۇتۇپ قويدى.نىمە گېپى باردۇر دەپ كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدۇق.ئۇ قىلچە تەپ -تارتماي؛

-مېنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ نەگە كېتىشمەكچى.مېنى تۇرمىدىنغۇ ئەچىقىشتىڭ.بۇندىن

كېيىن مەن نەگە بېرىپ نەدە تۇرىمەن.يۇرتتا تۇرغۇدەك يۇزۇم بارمۇ ئەمدى.خىزمىتىممۇ يوق بولدى ھەقچان، ـ دىدى.بىز ئۇنىڭ مۇشۇ گېپىنى كۇتۇپ تۇرغان ئىدۇق.روشەنگۇل ـ

ـ ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ.بىزمۇ سېنى تاشلىۋەتمەيمىز،سەن تۇرمىدىكى چېغىڭدا ھەممە ئىشىڭنى ھەل قىلىپ قويغانمىز،يۇر ئالدى بىلەن ئۇستى ـ بېشىڭغا ئازراق كىيىم سېتىۋالايلى.قالدى گەپلەرنى شۇ چاغدا دىيىشەيلى، ـ دىدى.ئايگۇل بوي سۇندى.بوي سۇنمايمۇ ئامالى يوق.دادىسى سوتلانغىنىدا،پارىغا چېتىلىپ قېلىپ ئانىسىمۇ سولانغان بولۇپ تېخىچە نەتىجىسى چىقمىغان ئىدى.بەلكىم بىر قانچە يىل كىسىلىپ كىتىدىغان ئوخشايدۇ.شۇنداق ئىكەن نەگىمۇ بارالايدۇ دەيسىلەر.بەلكىم بۇرۇن ۋاي دىگەن تۇققانلىرىمۇ ئوزىنى ئەپ قېچىشار...

*　　　*　　　*

ئايگۇلنىڭ ئىشىدا كوپ پۇتلىكاشاڭ بولمىدى.ئۇنى ۋەتەندە ساقلاش بىزگە خەۋىپ ،ئۇگەنگەن خۇي ئولگۇچە دىگەندەك ئىش بولمىسۇن دەپ چەتئەلدە ئوقۇشقا ئەۋەتمەك بولدۇق..ئۇنىڭ بۇرۇن بىجىرىپ قويغان پاسپورتى بولغاچقا ۋىزا بىجەرمەك ئاسانغا چۇشتى.ھېلىقى چاغدا توختام تۇزۇشكەندىكى پۇللار شۇ پېتى بار ئىدى.مەن شۇ نومۇسسىز ئىشلارنىڭ شاھىدى سۇپىتىدە ساقلاپ قويغان ئىدىم.ئۇلار بەرگەن يىگىرمە مىڭ،مەن تەييارلىغان ئوتتۇزمىڭ ۋە قوشۇپ قويغان يىگىرمە مىڭ بولۇپ يەتمىش مىڭ پۇلغا روشەنگۇل يەنە ئوتتۇز مىڭنى تەييار قىلىپ يۇز مىڭ يۇئەننى ئوقۇش پۇلى قىلدۇق .بىز يەنە ئازراق پۇل تەييار قىلىپ چىقىمغا ئىشلىتىش ئۇچۇن ئايگۇلنىڭ قولىغا تۇتقازدۇق ۋە بۇگۇن ئۇنى يولغا سېلىش ئۇچۇن ئايدىرومغا چىقتۇق.ئايگۇل مېڭىش ئالدىدا تەمتىرەپ تۇرۇپ،

ـ كىم ئۇچۇن،بۇ قىلىشلار كىم ئۇچۇن ؟، ـ دەپ سورىدى.شەمسىيە ـ

ـ كىم ئۇچۇنلىگىنى بىزمۇ بىلمەيمىز،بەلكىم قىلغانلىرىمىز دوسلىرىڭنىڭ ھەممە جايدا بولغانلىغىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن بولسا كىرەك،ئوزۇڭنى ئاسرا، ـ دىدى.ئايگۇل ـ

ـ دوس،بىز دوسما،بىز دوس بولالامدۇق ...ھى ھى ھى،ـ دەپ غەلىتە كۈلدى.روشەنگۈل ـ

ـ دوس دەپ بىلسەڭ ھەر زامان ـ ھەر يەردە دوستۇڭ بىز،دۈشمەن دەپ بىلسەڭ دۈشمىنىڭ ئەمەسمىز،ئەسلىمىلەرنى قويۇپ ئالدىڭغا قارا، ـ دىدى،ئايگۈل،

ـ سەنچۇ شاكىر.سەن قانداق قارايسەن، ـ دەپ مىنىڭدىن سورىدى.مەن،

ـ دوستۇم دەپ بىل. ساڭا ئاق يول تىلەيمەن، ـ دىدىم.ئايگۈل،

ـ سەن مىنى دوس دەپ قارىغاندىن كىيىن ـ كىلە بىرنى سويۈپ قوي.سىنى مەڭگۇ دوستۇم دەپ بىلىمەن، ـ دەپ مىنى سويگىلى ئىنتىلىۋاتقاندەك ھەركەت دورىدى،ئەمما ئىپسلىمدى ۋە

ـ ھەممىڭلار ئامان بولۇڭلار، ـ دەپ ئايدىروم كۈتۈش زالىغا كىرىپ كەتتى.ئۈچىمىزنى ئۇنىڭ قىلىقى كۈلدۈرۈپ قويدى.كەيىندىن قاراپ قالدۇق.ئۇنىڭ قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلغىنىنى ياكى ئۈچ ئاداۋەتنىڭ قەلبىدىن كوتۈرۈلمىگەنلىكىنى بىلەلمىدۇق...

*   *   *

بۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكىلى ئۈزۈن ئۆتمەي روشەنگۈل قىسقىغىنە خەت قالدۇرۇپ چەتئەلگە چىقىپ كەتتى،كىتەرىدە خوشمۇ دىمىگەن ئىدى.خەتتە ـ "دوستۇم شەمسىيە ـ قىزلارنىڭ دوستى بارمۇ دەپ سورىساڭ،بار دەيمەن.چۈنكى سەن مىنىڭ قىيامەتلىك دوستۇمسەن.يەنە كىلىپ ئايگۈلگە قىلغان كەڭ قورساقلىقىڭ بۇ نوختىنى چۈشەندۈرۈپ تورۇپتۇ.ھەق ئىگەمنى تونىمىغان چاغلىرىمدا دوس دىگەننى ئۇبدان چۈشەنمىگەن بولسام،ھازىر مەن سىنى دوستۇملا ئەمەس قىرىندىشىم ئورنىدا كورىمەن.كەتمەي قىشىڭلاردا ئارلىشىپ يۈرۈشتىن قىسىلدىم.يۈشۈرمىسامۇ بولىدۇ.شاكىرنى مىنىڭمۇ ياخشى كورىشىم مەخپى ئىش ئەمەس.مەن يىنىڭلاردا بولىدىكەنمەن ئۇنى ئۇنتۇشۇم بەسى مۈشكۈل .شۇڭلاشقا مۇھىت ئالماشتۇرۇپ كورەي دىدىم.سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا قىستۇرلۇپ يۈرگۈم يوق.ساڭا ۋە شاكىرغا ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەمدىن بەخت ۋە مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

**ئاللاھقا ئامانەت.**

**مۇساپىر بولۇش ئالدىدىكى دوستۇڭلار :روشەنگۈل."**

**خەتنى كورۈپ ھەر ئىككىلىمىز كوزىمىزگە لىققىدە ياش ئالدۇق...**




قىزكەلتۈرۈش كىلىشىمى
( تور پوۋىستى )
ئاپتۇرى :غەيرەت
ئەسەر مەنبەسى :مىسرانىم تورى
ئېلكتاپ ئىشلىگۈچى :ئەزىز
2011-يىلى1-ئاينىڭ 23-كۈنى ئىشلەندى

بۇ ئېلكتاپ پەقەت شەخسنىڭ قىزىقىشى بىلەن تۈزۈپ تارقىتىلدى ،ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ سودا خارەكتىرىدە ۋە قانۇنسىز يوللارغا ئىشلىتىشىگە بولمايدۇ ئەگەر ئىشلىتىپ ھەرقانداق مەسىلە كۆرۈلسە  بارلىق مەسئۇلىيەتكە ئۆزى ئىگە بولىدۇ .ئېلكتاپ تۈزگۈچى قانۇنى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ !ئېلكتاپقا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرنىڭ كىلىش مەنبەسى ئىنتېرنېت تورى ،ئەسەرنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى ۋە ئەسەردىكى كۆزقاراش ئەسلى ئاپتۇرغا مەنسۇپ .ئەگەر ئاپتۇرلۇق ھوقۇقۇمغا ياكى نەشر ھوقۇقۇمغا دەخلى قىلدى دەپ قارىسىڭىز ئېلخەت ئارقىلىق بىزبىلەن ئالاقىلىشىڭ .بىز مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىمىز .

ئېلكتاپ تۈزگۈچى :ئەزىز     ئالاقىلىشىش ئېلخەت ئادرىسى :dunyablog@qq.com
ئېلكتاپ تارقىتىش ئادرىسى :http://ak22.blogbus.com